شەرەفىددىن ئەلى يەزدى

# زەپەرنامە



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-105-08482-1
9 787105 084821 >
定价：17.00元

شەرەفىددىن ئەلى يەزدى

# ظەپەرنامە

(ماۋەرائۇننەھر ۋەقەلىرى)

1360 — 1370

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

责任编辑：哈尔木拉提·依明
责任校对：胡达白尔的·合力里

图书在版编目(CIP)数据

圣武记：维吾尔文/（伊朗）雅孜迪著；托合提·提拉译. 一北京：民族出版社，2007.8
ISBN 978-7-105-08482-1

Ⅰ.圣… Ⅱ.①雅… ②托…Ⅲ.历史小说—伊朗—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I373.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第134377号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷厂
版　　次：2007年9月第1版　2007年9月北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米
印　　张：10.875
印　　数：0001-3000册
定　　价：17.00元
978-7-105-08482-1/I.1857(维269)

مەسئۇل مۇھەررىر: خالمۇرات ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

# زەپەرنامە

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى

ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010

ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسما زاۋۇتى

نەشرى : 2007 ـ يىل 9 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

بېسىلىشى : 2007 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم

باسما تاۋىقى : 10.875

سانى : 0001 ـ 3000

باھاسى : 17.00 يۈەن

978-7-105-08482-1/I. 1857 (维 269)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەرجىماندىن

كىتابخانىلارنىڭ ھۆزۈرىغا سۇنۇلۇۋاتقان بۇ كىتاب ئاتاقلىق تارىخشۇناس شەرەفىددىن ئەلى يەزدى تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان «زەپەرنامە» نىڭ تاللانغان تەرجىمىسى. ئەسلىدە بۇ كىتابنىڭ 17 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن پارسچە نادىر قولىيازمىسىنىڭ فوتو كوپىيىسى 1972 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئىكەن. ئەنە شۇ نۇسخىنى ئامانۇللا بورىيېۋ تاللاپ تەرجىمە قىلغان، ئا. ئورۇنبايېۋ تەھرىرلەپ، كىرىش سۆزى يازغان كىتابنى 1994 - يىلى تاشكەنت «كەمەلەك» نەشرىياتى نەشر قىلغان. ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلۇۋاتقان بۇ كىتاب ئەنە شۇ نۇسخىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى. ئەسلىدە «زەپەرنامە» ئىنتايىن پاساھەتلىك تىل بىلەن نەسرىي ۋە نەزمىي ئارىلاش يېزىلغان ئىكەن. ئۆزبېكچە تەرجىمىسىدىمۇ شۇ ئۇسۇل ئاساسەن ساقلانغان بولسىمۇ، نەزمىي قىسمى يەنى شېئىرىي پارچىلار ئەسلىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە نەسرىي ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىنغان. بەلكىم ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى نەزمىي پارچىلار مۇستەقىل شېئىرىي ئەسەر بولماي، بەلكى ئەسەردە ئەكس ئەتكەن ۋەقە ۋە مەزمۇنلارنى تېخىمۇ جانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىلاۋە ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. تەرجىمىدە بىزمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق. ئۆزبېكچە تەرجىمىدە ئەسلىي پارسچە تېكىستتە ئەكس ئېتىلمەي، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن قوشۇلغان سۆزلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان. ئۇيغۇرچىدىمۇ ئەينەن ئېلىندى. ئەسەردە نەقىل ئېلىنغان قۇرئان ئايەتلىرى ئەسلىي مەتىندە ئەرەبچە بولۇپ، ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ئەسلىسىگە سادىق بولۇش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» نىڭ

مۇھەممەد سالىھ ئىشلىگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئاساس قىلدۇق. ئەسەردە بېرىلگەن ئىزاھلار كەڭ كىتابخانلارغا قارىتىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگىمۇ ئانچە تونۇش بولۇپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تولۇقى بىلەن ئەينەن ئېلىندى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى تارىخ تەتقىقاتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى بىرىنچى قول ماتېرىيال، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخ بىلىمى دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە تۈرتكە بولۇپ قېلىشىغا ئۈمىدۋارمەن.

توختى تىللا

2005 ـ يىل، ماي. غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزبېكچە نەشرىگە سۆز بېشى

شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە ئائىت «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئاجايىپ يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

14 ـ ئەسىردە مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى، جۈملىدىن، ماۋەرائۇننەھر* ئايرىم فېئودال ھۆكۈمرانلار، يەرلىك لەشكىرىي كۆچلەر ۋە چىڭگىز ئەۋلادلىرى بولغان موغۇل خانلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش يولىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلىرىنىڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ دەۋردە مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق ئىدى: بىر تەرەپتىن، ئايرىم ـ ئايرىم كىچىك، ئاجىز دۆلەتلەرگە بۆلۈنگەن، ئىككىنچى تەرەپتىن بولسا، ھەربىر يىرىك فېئودال پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، ئۇنى بىرلا ھاكىمىيەت ئاستىغا بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشماقتا ئىدى.

ماۋەرائۇننەھردە يۈز بېرىۋاتقان تارىخىي جەرياننىڭ دەل شۇ پەيتىدە، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران تارىخ سەھنىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ، مەۋجۇت سىياسىي ئەھۋالدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ماۋەرائۇننەھردىكى فېئودال تارقاقلىق ۋە ئۆزئارا كۈرەشلەرگە، موغۇللار ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى، ئۇنى بىر پۈتۈن قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ بىرلەشتۈردى ۋە ئۆز نام ـ شۆھرىتىنى قوشنا دۆلەتلەرگىچە تارقاتتى. ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ماۋەرائۇننەھردە ئىقتىسادىي

---

* مەنىسى «ئىككى دەريا ئارىلىقى» دېگەنلىك بولۇپ، سىر ۋە ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ — ت.

ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سالدى، بولۇپمۇ سەمەرقەندنى دۇنيادىكى ئەڭ ئاۋات پايتەختكە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە، بۇ ئىشقا ماۋەرا-ئۇننەھرنىڭ ھەممە يېرىدىن، شۇنداقلا بېسىۋېلىنغان ئۆلكىلەر-دىن ئۆز دەۋرىنىڭ مىمارلىق سەنئىتى دۇردانىلىرىنىڭ ئىجادكار-لىرى بولغان ھۈنەرۋەنلەرنى سەپەرۋەر قىلدى.

ئەمىر تۆمۈر زاماندا شلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 15 - ئەسىر مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى ۋە شەخسىيىتىگە، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا بېغىشلانغان تارىخىي مەنبەلەر ۋە باشقا يازما مەنبەلەر خېلى كۆپ ...

ئۇلار ئارىسىدا ھافىزى ئەبرۇ يازغان «زەبدەت - ئۇت - تاۋارىخ» (1423 — 1427 - يىللىرى يېزىلغان) ۋە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ئەسىرى (1424 — 1425 - يىللى-رى يېزىلغان) تارىخىي ۋەقەلەر بايانىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە تەپسى-لىي ئىكەنلىكى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» سى تۆمۈر سەلتەنى-تىگە ئائىت مەلۇماتلارنى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىللە، تۆمۈردىن ئاۋۋالقى دەۋرنىڭ تارىخىدىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ (بۇ قىسمى «مۇقەددىمە» نامى بىلەن مەشھۇردۇر).

«زەپەرنامە» نىڭ ئاپتورى شەرەفىددىن ئەلى شەيخ ھاجى يەز-دىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن زاماندا شلىرى ئارى-سىدا چوڭ شۆھرەت، ئابرۇي قازانغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىرىك تارىخ كىتابى «زەپەرنامە» دىن باشقا يەنە پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ئەدەبىيات ۋە تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلەرنىمۇ يازغان.

شەرەفىددىن ئەلى ئىراننىڭ يەزد شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تەفتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم، ئۇ 818/1415 ۋە 838/1435 - يىللىرى ئوتتۇرىسىدا شاھرۇھنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئوغلى ئىبراھىم سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولغان. شەرەفىددىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» نىڭ يېزىلىشىنى شۇ دەۋرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىسى، ئەدەبىيات ۋە تارىخنىڭ ئىشقۋازى ۋە بىلىمدانى بولغان ئەنە شۇ ئىبراھىم سۇلتان نامى بىلەن باغلايدۇ. ئۇ شۇ چاغدا پارس ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى.

ئىبراھىم سۇلتاننىڭ ۋاپاتى (838/1435 ـ يىلى) دىن كېيىن شەرەفىددىن ئەلى شاھرۇھنىڭ نەۋرىسى مىرزا سۇلتان مۇھەممەدنىڭ سارىيىغا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد 846/1442—1443 ـ يىللىرى سۇلتانىيە، قازۋىن، راي ۋە قۇمنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋىلايەتكە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. 849/1445—1446 ـ يىلىدا سۇلتان مۇھەممەد شاھرۇھنىڭ بىتابلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يېقىن كىشىلىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەرەفىددىن ئەلىمۇ بار) ئىسيان كۆتۈرىدۇ ۋە ھەمەدان، ئىسپىخاننى ئىگىلەيدۇ، شىرازنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. شاھرۇھ ئۆزىنىڭ بىتابلىقىغا قارىماي، ھىراتتىن چىقىپ، ئىسيان كۆتۈرگەن شاھزادىگە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. شاھرۇھنىڭ شىرازغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مۇھەممەد شەھەرنى قامالدىن بوشىتىپ، لۇرىستانغا قاراپ قاچىدۇ. شاھرۇھ بولسا ئىسپىخانغا قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردە سۇلتان مۇھەممەدنىڭ تەلەپدارلىرىغا جازا بېرىشكە باشلايدۇ. گۇناھكارلار ئىچىدە شەرەفىددىن ئەلىمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ جازادىن ئامان قالغان، چۈنكى مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپ شەرەفىددىن ئەلىنى ناھايىتى قاتتىق سوراق قىلغانلىقى ئۈچۈن، شاھرۇھ ئۇنى جازالاشنى شۇ شاھزادە ئىختىيارىغا بەرگەن ئىدى. ئابدۇلەتىپ بولسا، شەرەفىددىننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى ھىراتقا ئەۋەتىۋەتكەن ئىدى. شەرەفىددىننىڭ ھىراتتا ئابدۇراخمان جامى بىلەن ئۇچراشقانلىقى مەلۇم.

شاھرۇھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن (850/1447 - يىلى) شەرە-
فىددىن ئەلى ئۆزى تۇغۇلغان جاي تەفت (تەفتى يەزد) كە قايتىپ
كېلىدۇ ۋە شۇ يەردىكى خانىقاغا ئورۇنلىشىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرى-
غىچە شۇ يەردە ياشايدۇ. ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالسۇن
نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە يېزىشىچە، ئۇ ئالتە ياش ۋاقتىدا،
شاھرۇھ سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن فېئودال ئۇرۇش
مالىمانچىلىقىدا، كۆچمەنلەر قاتارىدا دادىسى بىلەن بىللە خۇرا-
ساندىن ئىراققا كېتىپ بارغان چېغىدا، تەفتىن ئۆتكەن، شەرە-
فىددىن ئەلى بىلەن ئەينى خانىقادا كۆرۈشكەن ئىكەن. دېمەك
بۇنىڭدىن 850/1447 - يىلى شەرەفىددىن ئەلىنىڭ تەفتە ياشاۋات-
قانلىقى مەلۇم بولىدۇ. يەنە بىر مەنبەدە ئېيتىلىشىچە، 856 -
يىلى رەجەپ ئېيىدا (1452 - يىلى ئاۋغۇست) ئىراقتىن خۇرا-
سانغا كېتىپ بارغان ئابدۇرازاق سەمەرقەندى تەفتى يەزدىدە بول-
غان ۋە ئۇ يەردە شەرەفىددىن ئەلى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن
ئۇزاق سۆھبەتتە بولغان.

شەرەفىددىن ئەلى يەزدىدە 858/1454 - يىلى ۋاپات بولغان
ۋە ئۆزى تۇرغان خانىقاغا دەپنە قىلىنغان.

مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، «زەپەرنامە» شاھرۇھنىڭ ئوغلى
ئىبراھىم سۇلتاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. ئاپتورنىڭ
تەكىتلىشىچە، ئىبراھىم سۇلتان بوۋىسى تۆمۈر ھەققىدە مەخ-
سۇس كىتاب يېزىشنى نىيەت قىلغان. 1420 — 1419 - يىللىرى
ھەر خىل كىتابلارنى - باخشىلار (مۇئەررىخ) ۋە ساراي كاتىپلى-
رى تۆمۈر ھەققىدە يازغان تۈركىي ۋە پارس تىلىدىكى مەلۇماتلار-
نى توپلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. جەملەنگەن مەلۇماتلار،
ۋەقەلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرى
بىلەن سېلىشتۇرۇلغان، كېيىن شەرەفىددىن ئەلىگە ئۇلار بىلەن
تونۇشۇش ۋە بۇ ھەقتە ئىبراھىم سۇلتانغا ئاخبارات بېرىش تاپشۇ-
رۇلغان.

«زەپەرنامە» نىڭ تۆمۈر تارىخىغا ئائىت قىسمىدا يېزىلىشىچە، پادىشاھلىقىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن تۆمۈر ھەققىدە تۈركىي، پارس تىللاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ بارلىق شېئىرىي ۋە نەسرىي نۇسخىلىرى توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئۈچ گۇرۇپپا تۈزۈلگەن. تۈركىي ۋە پارس تىلىنىڭ بىلىمدانلىرى ئىككى گۇرۇپپىنى، ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بولسا بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان. دەسلەپ تۆمۈر ھەققىدىكى ھەربىر ھېكايە ئوقۇلغان، ئەگەر ۋەقە بايانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىنىڭ ئېيتقىنىغا توغرا كەلمەي قالسا، ئىبراھىم سۇلتان ھەقىقەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ھەرقايسى شەھەرلەرگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، مەزكۇر ۋەقەنى تۆمۈرنىڭ باشقا زامانداشلىرىدىن ئېنىقلىغان ياكى قوشۇمچە مەلۇماتلار توپلانغاندىن كېيىن، ئىبراھىم سۇلتان تىلغا ئالغان ئەسەرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى قەلەمگە ئېلىنغان. ئەنە شۇ ئاساستا شەرەفىددىن ئەلى «زەپەرنامە» نى يازغان. ئىبراھىم سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كىتاب پۈتكەن ۋاقىتىدا، ئاي ـ يىللار، جاي نامىلىرى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇساپىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار تەپسىلىي تەكشۈرۈش شەرت قىلىنغان.

شەرەفىددىن ئەلىگە ئەسەرنى جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىش شەرتى قويۇلغان. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ھۆججەتلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىنىشى، ئىبراھىم سۇلتاننىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى نۇسخىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى ھەمدە ھېچ نەرسىنى بوياپ كۆرسەتمەسلىكى بۇيرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن شەرەفىددىن ئەلى ئەسەرنى يېزىشتا ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆزىتىشلىرىدىنمۇ پايدىلانمىغان.

مۇئەللىپنىڭ نىيىتى بويىچە، ئەسەر «مۇقەددىمە» قىسمى ۋە ئۈچ ماقالىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ئىدى. بىرىنچى ماقالىنى تۆمۈرگە، ئىككىنچىسىنى شاھرۇھقا (1405 — 1445)

ئۇچىنچىسىنى شاھرۇھنىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلتانغا بېغىشلاش مۆلچەرلەنگەن ئىدى. ئەمما قولىمىزدىكى «زەپەرنامە» ئەنە شۇ ئۈچ قىسمىنىڭ بىرىنچى قىسمىدىن ئىبارەت. باشقا ئىككى قىسمى يوق. ئۇلار شەرەفىددىن ئەلى تەرىپىدىن يېزىلمىغان ياكى يېزىلغان بولسىمۇ يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

«زەپەرنامە» يېزىلغان دەۋردىن باشلاپلا، ئىلىم - پەن ئەھلىنىڭ نەزىرىدە بولدى. بۇ ھەقتە، ئەلى يەزدىنىڭ زاماندىشى ئابدۇرازاق سەمەرقەندىنىڭ يازغانلىرى ئېنىق مىسال بولىدۇ. ئۇ مۇنىداق يازىدۇ: «ئىنتايىن قۇتلۇق بىر ئىش — بۇ يىلنىڭ (828/1424—1425) نادىر ۋەقەلىرىدىن بىرى ‹زەپەرنامە› ناملىق ئاجايىپ كىتابنىڭ يېزىلىشىدۇر. بۇ كىتابنى ھۆسنىخەت يازغۇچى جاھان خەتتاتلىرىنىڭ نازۇك سۆزمىنى، ئىرانىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىسى، ئاقىللىق بۇرچىنىڭ يۇلتۇزى، ماتانەت قۇتىچىسىنىڭ دۇرى، ئاللانىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى يېزىپ تاماملىغان ھەمدە مۇشكى قەلىمى بىلەن خاسۇئاۋامنىڭ دىمىقىغا ئەنبەر ھىدىنى يەتكۈزگەن. سۆز يۈكسەكلىكىنىڭ چوققىسىدىنمۇ يۇقىرىغا يەتكۈزگەن.»

«زەپەرنامە» 15 - ۋە 16 - ئەسىرلەردە قەھرىمانلىق قىسسىسى سۈپىتىدە ئىككى قېتىم شېئىرىي ئۇسلۇبتا قەلەمگە ئېلىنغان: بۇنىڭ بىرسى ئاتاقلىق شائىر لۇتفىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى تەرجىمىسى (بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن) ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ جيەنى ھاتىفىي (ۋاپاتى 1521 - يىلى) تەرىپىدىن نەزملەشتۈرۈلگەن نۇسخىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ئەسەرنىڭ تۈركىي تىلىدىكى بىرمۇنچە تەرجىمىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەرجىمىلەر ئەركىن تەرجىمە ۋە قىسقارتىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ھازىرقى زامان ئىلمىي تەرجىمە تەلىپى ۋە ئۆلچىمى بىلەن باھالىغىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ تەرجىمىلەر ئۆزىگە خاس قىممەتلىك مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

18 ـ ئەسىردە «زەپەرنامە» بىر ئاز قىسقارتىلغان ھالدا پېتى دىلاكرۇئا تەرىپىدىن فرانسۇز تىلىدا (1713 ـ يىلى) ۋە شۇ نۇسخا ئاساسىدا ژ. داربى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا (1723 ـ يىلى) نەشر قىلىنغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ ئىتالىيانچە تەرجىمىسى ۋە باشقا تىللاردىكى ئايرىم ـ ئايرىم پارچىلىرىمۇ بولغان.

«زەپەرنامە» نىڭ پارىسچە مەتىنى (تېكىستى) مەۋلەۋى ئىلاھدار تەرىپىدىن ئەسەرنىڭ ئالتە قولىيازمىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىنىپ، تېھراندا ئىككى توملۇق قىلىپ نەشر قىلىندى.

لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە ھازىر نادىر نەشرى دەپ قارىلىۋاتقان «زەپەرنامە» نىڭ ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىلىرىدە ئەسەرنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلغۇچى «مۇقەددىمە» قىسمى تەرجىمە قىلىنمىغان. شۇنىڭدەك كالكۇتتا نەشرىدىمۇ، تېھران نەشرىدىمۇ «مۇقەددىمە» نىڭ مەتنى بېرىلمىگەن.

شەرەفىددىن ئەلى ئۆزىنىڭ قەيت قىلىشىچە، «مۇقەددىمە» «زەپەرنامە» نىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن كۆپلىگەن نۇسخىلاردا «مۇقەددىمە» يوق. ئۇنىڭ بەزى نۇسخىلىرى تۆمۈر تارىخىدىن ئايرىم ھالدا ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى، بىرىنچىدىن، كۆچۈرۈپ تۈزگۈچىلەرنىڭ كۆپرەك بىۋاستە تۆمۈر دەۋرىگە قىزىققانلىقى، ئىككىنچىدىن بولسا، تۆمۈردىن ئاۋۋالقى تارىخ، رەشىدىننىڭ (ــ 1318 ـ يىل قەتىل قىلىنغان) «جامىئۇلتەۋارىخ»، جۇۋەينىنىڭ (1283 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە باشقا مەنبەلەردە خېلى مۇپەسسەل بايان قىلىنغانلىقى بىلەن ئىزاھلاشقا بولىدۇ.

«مۇقەددىمە» مۇئەللىپ تەرىپىدىن «تارىخىي جاھانگىر» دەپ ئاتالغان. (بۇنىڭدا جاھانگىر پادىشاھ چىڭگىزخان نەزەردە تۇتۇلغان)، شۇنداقلا بۇ قىسىم ئىلمىي ـ پەن ساھەسىدە «دىباچ»

دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسىم سۆز بېشى، ئىككى پەسىل ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت. «مۇقەددىمە»نى يېزىشتىن مەقسەت تۆمۈرنىڭ شەجەرىسىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابى ۋە ھەربىي ئەرباب سۈپىتىدە ئىلگىرىكى پادىشاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇئەللىپ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە چىڭگىزخانىنىڭ تۆت ئۇلۇسى (تۆت ئوغلىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر) تارىخىنى بايان قىلىدۇ. 14 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەرىپلەيدۇ، يەنى فېئودال تارقاقلىق ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشلارنىڭ بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكى ۋە بۇنداق ئەھۋالنىڭ ماۋەرائۇننەھردە مەركەزلەشكەن دۆلەتنىڭ ئاساسچىسى تۆمۈرنىڭ تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولۇشىغا شەرت ـ شارائىت ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇ رەيھان بېرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار فوندىدا «زەپەرنامە»نىڭ تولۇق مەتنى («مۇقەددىمە» بىلەن بىللە) ساقلانماقتا. مۇشۇ قولىيازما ئىنستىتۇت فوندىدىكى باشقا قولىيازمىلار ۋە تېھران نەشرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، تولۇقلانغان، نۇقسانلىرى تۈزىتىلگەن ھالدا كۆرسەتكۈچى ئىلاۋە قىلىنىپ، ئىزاھلار ۋە سۆز بېشى بىلەن فاكسىمىل (فوتو نۇسخا) ھالىتىدە نەشر قىلىنغان ئىدى. ئۇنى مۇشۇ قۇرلارنىڭ مۇئەللىپى (ئا. ئورۇنباييۋ — ت) ئىنستىتۇتنىڭ باشقا خادىملىرىنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى (شەرەفىددىن ئەلى يەزدى، «زەپەرنامە»، تاشكەنت، 1972 ـ يىل).

«زەپەرنامە»نىڭ تاشكەنت نەشرى ئىلگىرى نەشر قىلىنغان كالكۇتتا ۋە تېھران نۇسخىلىرىدىن بىرمۇنچە پەرق قىلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال، بۇ نەشر ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدىكى 4472 رەقەملىك

نادىر قولىيازما ئاساس قىلىنغان. شۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى شەرقشۇناس ئالىم مەرھۇم ئا. ك. ئارېندىس ئۆزىنىڭ كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىدە: «قولىيازمىنىڭ قىممەتلىك تەرەپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا مەتىن تولۇق بېرىلگەن. شۇ ئەسەرنىڭ باشقا نۇسخىلىرىدا ئۇچرىمايدىغان ‹مۇقەددىمە› مۇ ساقلانغان. ‹مۇقەددىمە› ئەسەرنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىسىمۇ، شۇ دەۋرگىچە ھېچ يەردە نەشر قىلىنمىغان. بۇنداق ئەھۋال شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ئەسىرى ئۈستىدە مەنبەئەشۇناسلىق بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەتىن تەتقىقاتىدىكى چوڭ بىر كەمچىلىك بولۇپ كەلمەكتە» دەپ تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدى.

«زەپەرنامە» نىڭ بۇ تاشكەنت نەشرى ئەسەرنىڭ باشقا قولىيازما ۋە نەشر نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇلۇش بىلەن بىللە ئۇلاردىكى بەزى پەرقلەر، شەخس ناملىرى، جۇغراپىيە، ئېتنىك ئاتالغۇلار ئىلاۋە قىلىنغان ۋە شۇنىڭ بىلەن تارىخچىلار، مەنبەئەشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئىلمىي ئەھمىيەتلىك ئىش بولغان ئىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئەسەرنى رۇس ۋە ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش پىلانلانغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى بولمىغۇر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان ئىدى.

ھازىر يېڭى زامان باشلاندى. فوتو فاكسىملى نەشر قىلىنغىنىغا 20 يىل بولغان «زەپەرنامە» ئۆزبېك تىلىغا ئىلمىي ئىزاھلار ئىلاۋە قىلىنىپ تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىلدى. شۇ تەرجىمىنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرى «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىدا بېسىلىپ چىقتى (شۇ ژۇرنالنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 — 12 ـ سانلىرى ۋە 1993 ـ يىللىق 1 — 2 ـ سانلىرى).

«زەپەرنامە» مۇرەككەپ يېزىلىش ئۇسلۇبى، سۆز ۋە ئىبارىلىرىنىڭ ئاجايىپ رەڭدارلىقى بىلەن ئالاھىدە بىر ئورۇنغا ئىگە ئەسەر. چوڭ ھەجىملىك بۇنداق بىر تارىخىي ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ، ئەلۋەتتە مەلۇم ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ.

كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىنىۋاتقان بۇ «زەپەرنامە» نىڭ تاللان-
ما تەرجىمىسى «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىدا بېسىلغان تېكىستنى
ئاساس قىلىدۇ. ئەمما يەنە بۇ نەشرگە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىغان
ئايرىم قىسىملارمۇ كىرگۈزۈلدى. ئۇشبۇ كىتابنا ئالدىغا قويۇل-
غان مەقسەت — بىرىنچى نۆۋەتتە «زەپەرنامە» دە ئەكس ئەتكەن
بىۋاستە ماۋەرائۇننەھر بىلەن باغلىق تارىخىي ۋەقەلەرنى، بولۇپ-
مۇ تۆمۈرنىڭ تىنىمسىز مەردانە كۈرەش قىلىپ، فېئودال تارقاق-
لىققا خاتىمە بېرىپ، بىرلەشكەن مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقى-
نىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ بېرىشتۇر.

«زەپەرنامە» دىن ئېلىنغان بۇ تەرجىمە ئاساسەن كەڭ كىتاب-
خانلار ئۇچۇن مۆلچەرلەنگەنلىكتىن، ئىزاھلار بىرقەدەر تەپسىلىي
بېرىلدى ھەمدە قۇرئان ئايەتلىرى، ھەدىسلەر (ئومۇمەن ئەرەبچە
تېكىستلەر) ئۇچۇن ئىزاھ بېرىلدى. شېئىرلارنى تەرجىمە قىل-
غاندا، ئاساسەن، ئەسلىي تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىش
ئاساس قىلىندى.

ئا. ئورۇنبايېۋ
(ئەسامىددىن ئورۇنبايېۋ)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىي ئادرېسى

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن .................................... 1
ئۆزبېكچە نەشرىگە سۆز بېشى .................................... 1
بىرىنچى ماقالە. ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئىش -
ھەرىكىتىدە ۋە ئەھۋالىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر .......... 1
ساھىبقىرانغا بېغىشلانغان مەدھىيىدىن بىر پارچە .......... 6
ھۇمايۇن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ...... 15
بۇ مەشھۇر يازما ئەسەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە، شۇ
يوسۇندا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشراق شەكىلدە يېزىلغان (تا-
رىخلار) ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم ئەۋزەللىك-
لىرى بارلىقى بايانى .................................... 34
ئەمىر قازاغاننىڭ چىقىشى .................................... 41
ئەمىرزادە ئابدۇللا ئىبنى قازاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ...... 56
بايان سۇلدۇزنىڭ قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكى ۋە ئەمىرزادە
ئابدۇللانىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى .......................... 57
تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتىگە قوشۇن
تارتقانلىقى .................................... 61
ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھاجى بارلاس بىلەن مەس-
لىھەتلەشكەنلىكى ۋە جەيھۇن دەرياسىدىن قايتىپ كەل-
گەنلىكى ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىرلىرى بىلەن
ئۇچراشقانلىقى .................................... 62

ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن جەڭ قىد-
لىشقا قوشۇن تارتقانلىقى ۋە ئەمىرلەردىن مەدەت
سورىغانلىقى ........................................ 68
ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئىككىنچى قېتىم ساھىبقىران ئالىي-
لىرىدىن مەدەت سورىغانلىقى ........................ 72
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىي بىلەن
جەڭ قىلغانلىقى .................................. 74
تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىككىنچى قېتىم ماۋەرائۇننەھر
دىيارىغا قوشۇن تارتقانلىقى ........................ 76
تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆز ئوردىسىغا قايتقانلىقى ............ 78
ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىننى
تەكلىپ قىلىپ بارغانلىقى .......................... 79
ئەلىبەك جۇن قۇربانىينىڭ ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ساھىبقىران
ئالىيلىرىغا خائىنلىق قىلغانلىقى .................... 86
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىندىن ئايرىلىپ
كېشكە بارغانلىقى .................................. 90
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ پۇلى سەنگىن دەرياسىدىن ئۆتكەن-
لىكى ۋە جەتە قوشۇنلىرىنىڭ قاچقانلىقى .............. 94
ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتە قوشۇن-
لىرى بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقى .......... 99
ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قۇرۇل-
تاي ئاچقانلىقى ۋە كابۇلشاھ ئوغلانىنى خانلىققا
كۆتۈرگەنلىكى ...................................... 105
پاتقاق جېڭى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتى .................... 110
جەتە قوشۇنىنىڭ سەمەرقەندنى قامال قىلغانلىقى ......... 125

www.uyghurkitap.com


ئەمىر ھۈسەيىن ۋە سائادەتلىك ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سەمەرقەندگە شەرەپلىك يۈرۈش قىلغانلىقى ......... 128

بۈزغۈنچىلارنىڭ پىتنە - پاسىتى تۈپەيلى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولغانلىقى ........................................ 131

بەخت كۈلۈپ باققان ساھىبقىراننىڭ قوشۇن توپلاش ئۈچۈن سەمەرقەندگە بارغانلىقى ................................ 135

ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن جەڭ قىلىشقا قوشۇن تارتقانلىقى ...................... 138

ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەنلىكى ۋە خىزىر خەزىنىچىنى يارىشىشقا يول ئىزدەپ ئەۋەتكەنلىكى......... 141

ساھىبقىراننىڭ قەرشىگە يۈرۈش قىلىشى ................. 146

ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ساھىبقىران ئالىيلىرىغا قارشى قوشۇن تارتقانلىقى ............................................ 164

ئەمىر ھۈسەيىننىڭ بۇخارانى قامال قىلغانلىقى ............ 168

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ نىكپەيشاھنى ئەسىر قىلغانلىقى ۋە قاراۋۇناس قوشۇنىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغانلىقى........................ 170

شۆھرىتى پەلەككە يەتكەن ساھىبقىراننىڭ ئەمىر جاكۇنى مالىك ھۈسەيىننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىكى ... 174

ھۇمايۇن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە يول ئالغانلىقى ۋە ئەمىر ھۈسەيىن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ........................................ 177

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سائادەت ۋە بەختىيارلىق بىلەن سەمەرقەندگە يول ئالغانلىقى ........................ 183

ئەمىر ھۈسەيىنىڭ ساھىبقىران ئالىيلىرىغا قارشى قوشۇن
ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىلىپ قايتىپ
كەتكەنلىكى .................................. 188
ئەمىر ھۈسەيىن قوشۇنىنىڭ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ
ھەيۋىسىدىن قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە ئەمىر ھۈسەيىنىڭ
(ئۆز يۇرتىغا) قايتىپ كەتكەنلىكى .................. 192
ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ
ياراشقانلىقى .................................. 195
ئەمىر ھۈسەيىنىڭ بەدەخشانغا لەشكەر تارتقانلىقى ...... 204
ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ كابۇلىس-
تانغا قوشۇن تارتقانلىقى .................................. 205
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتە قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا
قوشۇن تارتقانلىقى .................................. 209
ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بەدەخشانغا
يول ئالغانلىقى .................................. 211
ساھىبقىرانىنىڭ بەدەخشاندىن قايتىپ كەلگەنلىكى ......... 217
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىنگە ئىككىنچى
قېتىم قارشى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ......... 221
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىنگە قارشى قوشۇن
تارتقانلىقى ۋە پەرۋەردىگار ئىنايىتىنىڭ قوللىشى بىلەن
زەپەر قۇچقانلىقى .................................. 229
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغانلىقى
ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشى .................................. 251
ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بەلخدىن قايتقان-
لىقى ھەمدە سەمەرقەند (شەھىرى) نىڭ قەلئە ۋە قورغى-
نىنى قۇرۇشنى بۇيرۇغانلىقى .................................. 261

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئىقبال ۋە بەختىيار چېغىدا قورۇلتاي (چاقىرغانلىقى) ........................ 267
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ شىبىرغانغا قوشۇن تارتقانلىقى...... 269
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ تېرمىز ۋە بەلخگە قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى ........................................ 272
جاھانگىر ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر جاكۇنى شىبىرغاننى قامال قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكى ........................ 274
ھۇمايۇن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتەگە يۈرۈش قىلغانلىقى ........................................ 276
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتەگە ئىككىنچى قېتىم قوشۇن تارتقانلىقى ........................................ 279
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ خارەزم ۋالىيسى ھۇسەيىن سوپى ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ........................ 284
ئىزاھلار ........................................ 287

( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇركى، ئۇ خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىدۇ، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىدۇ[1]. ئۇ خەتمە ئۇل ئەنبىيا[2] ۋە ئەۋلىيالارنىڭ سەيىدى[3] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ خانىدانىغا، ئالىيجاناپ ساھابىلىرىگە ۋە دىيانەتلىك قوۋم - قېرىنداشلىرىغا[4] خەيرلىك دۇئالار بولغاي! )

# بىرىنچى ماقالە[5] ھەزرىتى ساھىب-قىران* ئالىيلىرىنىڭ (ئاللا ئۇنىڭ شۆھرىتىنى روشەن قىلغاي) ئىش - ھەرىكىتىدە ۋە ئەھۋالىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

(نەزم)

( باشلايمەنكى سۆز ) ئۇل خۇدا نامى بىلەن،
بىزدىكى سۆزلەش قۇدرىتى ئۇنىڭ نامى تۇپەيلىدۇر.

ئۇ ھەممىنىڭ — ئاشكارا - پىنھانىنىڭ ئىگىسى،
ئاشكارا - پىنھان ئۇنىڭ ئالدىدا ئاياندۇر.

ئۇ قۇياش چېھرىسىگە جۇلا بەرگۈچى،
بىزنىڭ نەقىشىمىزنى يۈزگە ئويغۇچىدۇر.

---

* ساھىبقىران — شەرق ئەللىرىدە ئەمىر، شاھلارنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، دەسلەپ ئەمىر تۆمۈر تەختكە ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا بېرىلگەن. — ت

www.uyghurkitap.com

مەۋجۇتلۇق ئاڭا خاس بىر تەڭرىدۇر،
بارلىقىدىن ئۆزگىسى پانىيدۇر.

جاھان بولۇپ كۆرۈنگەن مەۋجۇت نەرسە،
ھەق سايىسىدىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس، ئەينەن بىرلا.

قانداق كامىل ھۈنەردۇركى، بىر ۋۇجۇد[6] تىن،
بار ۋە بولغان بارچە نەرسە پەيدا ئىرۇر.

ئۇ بىر كومزەكتىن يۈز خىل رەڭ چىقارغان[7]،
پەلەككە تېزلىك، يەرگە ۋەزىنلىك بەرگەن[8].

سەن كۆرۈپ تۇرغان پۈتۈن مېۋىلەر بىر شاختىن يارالغان.
گۈلنىڭ نەپىسلىكىدىن تارتىپ تاكى تىكەننىڭ قاتتىقلىقىغىچە.

ئەگەر يارانقۇچىغا تالىب بىلسەڭ ئۆزنى،
ئۇنىڭدىن ئۆزگىگە تىكمىگىن ئىككى كۆزنى.

ئۇنىڭدىن ئۆزگىنى بار دەپ بىلىش،
ئېيزىتقۇ ئالدىمىغا ئوخشاش بىر ئىش.

سۆزسىز ئەڭ ئاۋۋال خۇدا بولغان، راست،
بۇنىڭدىن ھېچكىم شۈبھىلەنمىسۇن.

قىلما خاتا، ئاخىر مۇشۇ ئاۋۋال ئىرۇر،
ئەمما بىزنىڭ ئەقىل كۆزىمىز ئالغايدۇر.

ئۇنىڭ زاتى ھەققىدە ئويلاشقا يول يوق،
(چۈنكى) ئۇنىڭدىن كامىل ئەقىل ۋاقىپ ئەمەس.

زاتىغا يەتكەندە سۆز لېۋىڭنى تىك،
سۈپىتىن ئېيتىشقا روھىڭنى قىل تېتىك.

ئۇ شۇنداق بىر دۆلەت ئىگىسىدۇركى، ئۇنىڭ چەكسىز ئىنايىتى «بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ۋە قان تۆكىدىغان (شەخسنى) يارىتامسەن؟»[9] دېگەن (سوئالغا جاۋابەن): «مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىمەن»[10] دەپ، ئۆزىنىڭ غايىبنى بىلىش ۋە كۆرۈش پەزىلىتى تۈپەيلى، يارىتىلغانلىرى ئۈچۈن خەلىپىلىك تەختىگە بىر يولباشچىنى بېشارەت قىلدى. ئۇنىڭ شەرەپلىك ئەۋلادىنى (بولسا)، «بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق»[11] دەپ بەختىيارلىق تاجى بىلەن خۇرسەن قىلدى؛ «ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى»[12] (دېگىنىگە مۇۋاپىق)، ئالەمنىڭ قۇرۇلۇقىدا زېمىننى باشقۇرۇشقا ۋە سۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا قۇدرەت بەردى[13].

ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا بولسۇنكى[14]، ئۇ بەختىيار سۇلتانلارنىڭ قۇدرەت تۇغىنى پەرمانلار بېرىش ۋە زېمىنلارنى بويسۇندۇرۇش چوققىسىغا كۆتۈردى.

جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى پادىشاھلارنىڭ پارقىراق شەمشىرىنىڭ بىسىنى غەلىبە ۋە نۇسرەت كېلىنىنىڭ چېھرىسى ئەكس ئېتىدىغان ئەينەككە ئايلاندۇردى. شەرىئەت گۈلزارىنىڭ پاكلىقىنى مۇجاھىد (جىھاد قىلغۇچى) لارنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان قىلىچى ۋاسىتىسى بىلەن سۇغۇرۇشقا باغلىق قىلىپ قويدى ۋە ئىسلام كۆچىتىنىڭ ياشناپ ئۆسۈشىنى غازىيلارنىڭ قانلىق قىلىچى تىغىنىڭ قىزىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىلدى.

ئۇ بىر قادىردۇركى، زەپەرلىك قۇدرىتى خۇشبۇي نىقابلىق بۇلۇت[15] نى پەيغەمبەلەر سۇلتانىنىڭ سايىۋىنى بولۇشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ مەدىتىنىڭ ھامىيلىقى ھەيرەتتىكى ئۆمۈچۈك[16] كە پەيغەم-

www.uyghurkitap.com

بەرلەر يولباشچىسىنىڭ قورغاننى ياساشتا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ماھارەت بەخش ئەتتى.

## (شېئىر)

ئۇ بىر شاھكى، سايىۋىنى خۇشبۇي نىقابلىق بولۇت،
سىدرە[17] نىڭ ئۇچىلا ئۇنىڭ تەختىدىن ئېگىز.

ئۇ شۇنداق بىر جاھان سورىغۇچىكى، يەسرىب[18] ئۇنىڭغا بارگاھدۇر،
ئۇنىڭ ئۇممىتى شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ پادىشاھدۇر.

ئۇ ئۆز ۋاقتىدا يۈكسەكلىكتە ئەرشىئەلاغا يەتتى،
ئۇنىڭ ئايىغى ئىزىغا ئەرش پاياندار بولدى.

ئۇ شۇنداق شىجائەتلىك ئىدىكى، جەڭگە ئۇزارتسا قولىنى،
ئالقىنى تاش پارچىسىنى ئوققا ئايلاندۇراتتى.

ئۇنىڭ رەقىب قەستىگە ئاتقان ئوقى،
دىن دۈشمىنىنىڭ جىنىنى ئالاتتى.

پەيغەمبەرلىك قىلىچىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ،
قىساسى كۇففارلاردا پۇشايمانلىق ئويغاتتى.

مىڭ ـ مىڭلاپ ئاپىرىنلار ۋە ئالقىشلار
جان بېغىشلىغۇچى، بار ۋە بولغان (نەرسىلەر) خالىقىدىن.*

---

* خالىق — يارانقۇچى. — ت

بولغاي ئاڭا[19] ھەمدە ئۇنىڭ خانىدانى، ئەۋلادىغا،
ساھابىلىرى ۋە ئاتاقلىق ئۇرۇقلىرىغا!

( ئەي ئاللا ) ، بىزنىڭ سەيىدىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەرھەمەت قىلغايسەن. ئۇنىڭ خاندانىغا ۋە ساھابىلىرىگە دۇئا ۋە سالاملار بولغاي. بارلىق ئۇنى زىكىر قىلغۇچىلار تەقۋادارلار-دىندۇر. ئۇلۇغ ئاللا مۇنداق دېگەن[20] : ئاللا ( مەخلۇقاتىدىن ) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى ( پەيغەمبەرلىككە ) تال-لايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، ئاللا پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر[21] .

ئالەم ۋە ئالەم ئەھلىنىڭ پادىشاھى ( ئۇنىڭ سۇلتانلىقىنى ئۇلۇغ قىلغاي ھەمدە دەلىلىنى روشەن قىلغاي ) سۆزسىز ھەممىگە قادىردۇر، پىنھان ۋە ئاشكارىدىن خەۋەرداردۇر. نېمىنى خالىسا يارىتىدۇ ۋە يارىتىلغاندىن كىمنى خالىسا شۇنى تاللايدۇ. يارانقۇ-چىنىڭ ئىنايىتى بىرەر تاللانغاننىڭ پېشانىسىغا مەخسۇسلۇق يې-زىقىنى يازىدىكەن، خەيرسىز پادىشاھلار مۇراد - مەقسەتلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭ قۇدرىتى چاڭگىلىغا تاپشۇرىدۇ.

ئەگەر ئەبەدىي تەڭرىنىڭ رازىلىق ۋە مەرھەمەت شامىلى بىرەر دۆلەتمەننىڭ ئىقبال چىمەنزارىغا قاراپ چىقسا، ئالەمنى قاپلىغان باھارنىڭ ھۆسن - جامالى ھەسەتخورلارنىڭ سوغۇق نەپەسىدىن چىققان خازان قىلغۇچى ( يەلنىڭ ) زىيىنىدىن نۇقسان بولمىغاي ۋە سولمىغاي. ئاللانىڭ تەۋپىقى ( ئىنساپ ) ئېرىقىدىن سۇ ئىچىپ پەرۋىش تاپقان ھەرقانداق دۆلەت كۆچىتى كۈندىلىك ھادىسىلەر شىددىتىدىن زىيان تارتمىغاي. ( ئۇنىڭ ) تۈگى-مەس - پۈتمەس ئىلتىپاتى بىلەن بەرپا بولغان ھەرقانداق ئۇلۇغ-لۇق قەسرى ھىيلە - مىكىر مەنجىنىقى[22] زەربىسىدىن يەر بىلەن يەكسان بولمىغاي[23] .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(شېئىر)

ئۇ ئۇلۇغلىغان (كىشى) نى پەلەك كەمستمەس،
ئۇ ئەزىز قىلغاننى جاھان خار قىلماس.

بۇ ھالەتنىڭ تەستىقى ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەھۋالىنىڭ سۈرىتىدۇركى، (تۆۋەندە) ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى باشلايمىز. ئاللا ياردەم تەۋپىق ۋە ھىدايەت بىلەن توغرا يولغا باشلىغاي.

## ساھىبقىرانغا بېغىشلانغان مەدھىيىدىن بىر پارچە

(نەزم)

كۆز قارىچۇقىدەك سائادەتلىك بىر تۈن
قاراڭغۇسى يورۇقلۇقتۇر پۈتۈن.

ئۇنىڭ قەدىر تۈنى* ئارتۇق كۈندۈزدىن،
ئېيى تولغان ۋە كېمەيمەس ئۇنىڭدىن.

يۇلتۇزلىرى بەك بەختلىك، سائادەت ھال،
تەسىرى قۇتلۇق ئىدى شاد - خۇرام.

* قەدىر كېچىسى — رامىزاننىڭ 27 - كۈن كېچىسى — ت

مەن ئۈچۈن بىر ئاجايىپ بەخت كۈلدى،
قەلبىمنىڭ ئىستىكى باغرىمغا كىردى.

چوڭ ۋە كىچىكلەردىن سورۇن تۈزدۈم،
بۇ ئىشرەت بەزمىسىنى ئوبدان بېزىدىم.

ئۇنىڭدا پىكىر نۇرىدىن شام ياقتىم گويا،
مەي - پاك مەنا، ساقىي ئىدى دانا.

بەزمە سازىنى چالغۇچى سۇرۇش[24]،
زەۋق نەغمىسىنى كۈيلىگۈچى ئەس - ھوش.

شۇ شەكىلدە ئىشرەت ئەيلەپ پۈتۈن تۈن،
قەلب ئارزۇسىغا يەتمەك جان راھىتى ئۈچۈن.

سائادەت تېگى يورۇغان ھامان،
ئىنايەت شاملى چىقتى شۇ زامان.

زەپەر خورىزى بېشىدا نۇسرەت تاجى،
كېرىپ غۇلچىنى قانات قاقاتتى.

دۆلەت كېلىشىگە قىچقىرغاندا ساز،
دىلىم پىكىر قۇشى ئەيلىدى پەرۋاز.

ئاندىن كېيىن تۈتى ئېچىپ لەۋ،
ساھىبقىراندىن كەتتى قىسسە سۆزلەپ:

کی ئۆشبۇ دىندار ۋە جاھانگىر پادىشاھ،
بولغانىدى قىسقا ۋاقىت جاھانغا شاھ.

سائادەت تۇلپارىنى ئىگەرلىگەن ئان،
مەردلىك كەمىرىنى باغلىدى جاھان.

چىن پاسىلىدىن تاكى يىراق رۇمغىچە،
مىسىر ۋە شامدىن ھىندى زېمىنىگىچە.

ئىران، تۇران، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق بەرى،
بار ئىدى ئۇلاردا ئاۋاتلىق ئەسىرى.

ئۆزى ئۇ يەرلەرگە قەدەم تاشلىدى،
جاھانگىرلىك ئۈچۈن لەشكەر باشلىدى.

قەيەرگىكى يۈزلەنسە، ئۇنىڭ لەشكەرى،
ئاۋۋال ئاياغ باساتتى ئۇنىڭ تۇلپارى.

زەپەر بىلەن كەينىدە لەشكەرلىرى،
يەر يۈزىنى تولدۇرۇپ باراتتى بەرى.

قاياققا بېرىپ، قەيەرگە يەتتى،
ئاللا مەدىتى بىلەن غالىب قايتتى.

جاھاننى ياراتقان خۇدا مەدەتكار،
ئالەم پادىشاھلىرى ئاڭا خىزمەتكار.

بەختىيار ئىدى بويسۇنۇپ ئاڭا،
ئاسمان ئاڭا سېغىنار، ئۇ تەڭرىگە.

پەلەك بەندە،* ئاپتاپ ئاڭا قۇل،
زامان ۋە جاھانمۇ ئىلكىدە پۈتكۈل.

خىيالىدىن ئۆتكۈزسە بىرەر تىلەك،
ئەمەلگە ئاشار ئىدى شۇ تىلەك.

ئىشەنچى كۈچلۈك، توغرا دىنى ھەم،
ھەقتىن ئۆزگىدىن ئالماس ئۇ ياردەم.

ئىشلىتىپ پاراسەت، مەردلىك كۈچىنى،
كۆكلەرگە كۆتۈردى شان - شەۋكىتىنى.

ئۆزگىگە موھتاج ئەمەس ئۇنىڭ تەدبىرى،
خەيرلىك ئىشلاردۇر قىلغان - ئەتكىنى.

بىرەر ئىش قىلىشقا كىرىشسە پەقەت،
دۆلەت ئىلھامىدىن سورار مەسلىھەت.

قەيەرگە لۇتف بىلەن نەزەر سالسا،
ئۇ يەرگە يولىماس ھېچقانداق بالا.

قەھر - غەزىپى ئەگەر ئالسا ئوت،
كۆل بولار يالقۇندىن پۈتۈن بىر يۇرت.

---

* بەندە — قۇل، چاكار — ت

www.uyghurkitap.com

غەزەپ بىلەن تاغقا سايە سالغان چاغ،
قۇياشتا مۆزدەك ئېرىپ كېتەر تاغ.

قەھر بىلەن باقسا ئەگەر پەلەككە،
قارىدار قۇياش ۋە ئاينىڭ چىرايى.

قەھرىدىن ھېچكىم چىقارمىدى دەم،
چىقارغانلار قايتا چىقارمىدى ھەم.

بار ئىكەن تاكى ئۇنىڭ تېنىدە جان،
بىرەر كىم قىلمىدى ئاڭا زىت گۇمان.

بۇيرۇقىدىن كىمكى باش تارتمىدى،
ئۇنىڭ بېشىنى قەلەمدەك قىلىچ چاپمىدى.

بەخت ئۇنى چىقارغاچ شاھلىق تەختىگە،
ئالەمدە قالمىدى شېرىك بەختىگە.

بارلىق ئەللەر شاھلىرى شۇ چاغ،
دەرگاھىدا ھايات، يا بولدى تۇپراق.

يەر يۈزى پەرمانىغا بويسۇنغان ھامان،
ئېھسانى كەلكۈنىگە كۆمۈلدى جاھان.

ئاچتى خەزىنە ئاغزىنى، سۇندى ھىممەت قولىنى،
باغلاپ پىتنە ئىشىكىنى، زۇلۇم ئايىغىنى.

كىمگىكى ئىنئامى يەتسە بىرەر كۈن،
نەسلى ئېھتىياجى كۆرمىدى پۈتۈن.

ئادالەتلىك ھۆكۇمدار، دەۋرى بەختىيار،
ئالەمدە بۇزۇقلۇق قالمىدى زىنھار.

پۈتۈن يەر يۈزىدە يېقىنمۇ يىراق،
تۈگىدى ھەرقانداق پىتنە ۋە پاسات.

شەھەر ۋە خەزىنىدە، تاغۇ - باياۋان،
ھېچكىم خىيال قىلماس خىيانەت بۇئان.

ئالەمنىڭ زەر، بايلىقى مۇشۇ زامان،
دەيسەن، زۇمرەت ئىدى، ئوغرىسى يىلان.

دەۋرىدە شۇنچىلىك ئامانلىق بولدى،
قۇلۇپ - ئاچقۇچ ئىشلىتىش بىكار بولدى.

ئالەمدىن ھىيلە - مىكىر نەقىشى كەتتى،
«كۈچ - توغرىلىقتا»[25]نى ئاگا مۆھۈر ئەتتى.

دەر ئىدىڭ: پۈتۈن جاھان ھەرەم[26] بولدى،
جەبىر - زۇلۇم ئۇدۇمى گۇمران بولدى.

ئادالىتىنىڭ يامغۇرى يۇيغان باياۋاندا،
جاپا تىكىنى ئەسلا ئۈنمىدى.

بىدئەت[27] رەڭگى كەتتى دىن ئەينىكىدىن،
ئىسيان تىكىنىنى ئورىدى ئالەم بېغىمىدىن.

مۇرادى شاھلىق ۋە ھۆكۇمدارلىقتىن،
ئۇلۇغلۇق تەختىدىن ۋە تاج كىيىشتىن.

www.uyghurkitap.com

دىن ۋە شەرىئەتنى قوللاش ئىدى،
ئۇنى غول، باشقىسىنى شاخ بىلىش ئىدى.

ئىسلام رونىقى ئۇچۇن تىرىشىش ھەردەم،
ئۆزگىسى شۇنچىكى دانا ئىدى نەيرەڭ.

ئۆزى ۋە ئۆزگىدە ھېچكىمنى بىراق،
كۆرمىدى نەبى* خانىدانىدىن ئۇلۇغراق.

دىلدىن ئىخلاس قىلاتتى سەيىدلەرگە،
شۇ تائەتۇ، ھەمدە تەقۋا ئەھلىگە.

قەيەردە كۆرسە كامىل ئىلىم ئەھلىنى،
كەمتەرلىك بىلەن سورار ئەھۋالىنى.

ئەزىزلەيتتى ئۇ ئەھلى دەستايىنى[28]،
خۇسۇسەن، مۇپتى[29] ھەمدە دىندارنى.

قانداق ئىشقا ئىختىيار قىلسا ئەگەر،
خىلۋەتنىشىنلار[30] دىن دائىم مەدەت تىلەر.

دىن ئۇلۇغلىرىنىڭ مازارى تامان،
ئىخلاس بىلەن تاۋاپقا باراتتى ھامان.

بىرەر جىددىي ئىش چىققان زامان،
كېلەر يېلىنىپ خىلۋەت سارىيى[31] تامان.

---

* نەبى — پەيغەمبەر

تەۋەججۇھ قىلاتتى[32] ئۇ پاك تەڭرىگە،
ئىلتىجا ماڭلىيىنى يېقىپ يەرگە.

مۇناجات قىلىپ تەلەپ بىلدۈرەتتى،
تەڭرىدىن نۇسرەت ئۇلۇغلۇق تىلەتتى.

يۈرەك ئاھى، كۆز ياش بىلەن خۇدادىن،
سورايتتى شۇ دەم ئۆز مۇرادىنى.

دۆلىتى پەرىشتەسىدىن بىسادا،
ئىجابەت بولدى دەپ كەلگەندە نىدا.

چىن ساداقەت، تولۇق ئىشەنچ دىلدا،
شۈكۈر سەجدىسى قىلار ئاۋۋالدا.

كارامەت[33] تۇغىنى تىكلىگەن زامان،
بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈردى شۇئان.

خەزىنىچى[34] دىن قىلدى تەلەپ مال - دۇنيا،
كۆپلىكىدىن قالار دۇنيا ھەيرەتتە يانا.

ھەددىدىن زىيادە بايلىق ئاتا قىلغانىدى،
كىمىكى، بىچارە ھەم موھتاج ئىدى.

يۇرت ئىچرە قالمىدى بىر ئىنسان ئەسلا،
كۆڭلى شاد بولمىغان، قىلمىغان دۇئا.

شۇ يوسۇن مەقسىتىگە قويدى قەدەم،
ئارزۇسىنى ھاسىل قىلدى تەقدىر شۇدەم.

www.uyghurkitap.com

خاھىش، مەيىل ھەممىسى ھېيرات ئىدى[35]،
كامىل ۋە دىلى روشەن، يېتۈك زات[36] ئىدى.

قۇردۇردى شۇنچە ياخشى ئىمارەتلەر،
ئېگىزلىكى خۇددى كەيۋان ئايۋىنى[37] قەدەر.

ئوغشاتتى ۋەيران بولغان خانىقالارنى،
جامە، مەسچىت ھەمدە كۆپلەپ ئىمارەتلەرنى.

مانا شۇنداق ساھىبقىران شۆھرىتىن بىلسەڭ،
نەسەبىنى نىمىكەن دەپ سۈرۈشتۈرسەڭ:

ئاتىدىن ـ ئاتىغا تا ئادەم ـ ئاتا،
قويدى ئاياغ شاھلىق تەختىگە يانا.

ھىممىتى دەرياكى شاھنىڭ، كامالىتى
ئارتۇق ئىرۇر ئويلىغاندىن ھەرقانچىكى.

ئۇلۇغلۇق، ھىممىتىنى ماختاشقا گويا،
ھەرقانداق لىباسمۇ تار كېلەر قىسقا.

توقاي شاھ ئۈچۈن سەرپاي* بىر تون،
شاھ خەۋەرلىرى ئارقاقى بولسۇن[38].

ئېيتىپ بىرەي ھاكىملىقىدىن ئاۋۋالقى ئىشنى،
شۇ شاھلىق قۇياشى باشقا قونۇشنى.

---

* سەرپاي — كىيىم ـ كېچەك، — ت

# هۇمايۇن* ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

بىلگۈچى پادىشاھ (ئاللا) نىڭ (ئۇنىڭ شەنى ئۇلۇغلانغاي ۋە نېمەتلىرى ئالەمنى باياشات قىلغاي) قەدىمىي كالامىدا: «پەرۋەر- دىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىد- قىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر»[39] دېيىلگەن. بۇ كالامنى ئېيتقۇچى ئال- لاغا ھەمدۇسانا بولغاي! بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇتلەق ئىل- لىقلىق ئاتا قىلغۇچىنىڭ ئىلتىپاتى، «ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرى- نى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»[40] (دېگەن ئايە- تى) خەزىنىسىدىن چىن مۇھەببەت تونىنى ۋە خەيرلىك ئىشلارغا مايىللىقنى بىرەر سائادەتمەننىڭ قۇتلۇق دۆلەتى قەددى - قامىتى- نىڭ بېزىكى قىلسا، ئۇنىڭ بەرىكەتى خەيرلىك ئىشلىرى تۇپەيلى (بۇ كىشىنىڭ) پەخىرلىك پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ يورۇش - تۇرۇشىدا ھەمدە (ئۇلارنىڭ) ئېتىبارلىق ئىشلىرىدا ئەرزىگۈدەك نەتىجىلەر كۆرسەتكەي. ھەزرىتى روسۇلىللانىڭ (ئۇنىڭغا ياخشى سالا- ۋاتلار ۋە ئالقىشلار بولغاي) «كىشىنىڭ ياخشىلىقى يەتتىنچى پۇشتىغىچە يېتىپ بارىدۇ» دەپ تەكىتلىگەنلىكى بۇ سۆزلەرنىڭ راستلىقى ئۈچۈن روشەن دەلىل ۋە ئېنىق ئىسپاتتۇر. مانا بۇ ئىشارەتكە خاس ۋە مەزكۇر بېشارەتكە ماس ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئاتىسى (ئە- مىر تاراغاي) نىڭ ئاقىۋەتى خەيرلىكتۇر.

---

* ھۇمايۇن — ئۇلۇغ پادىشاھلارغا خاس، ئالىي دەرىجىدىكى، ئەڭ مۇقەددەس مەنىلىرىدە. — ت

www.uyghurkitap.com

ئەمىر تاراغاينىڭ ساخاۋەتلىك مىجەز ـ خاراكتېرى (ئاللا ئۇنى ئۆز مەرھەمىتى بىلەن خۇرسەن قىلغاي) ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئىناق ۋە دوست بولۇشقا يارىتىلغان ۋە ئۆمرى-نىڭ كۆپ قىسمى ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك تائىپىنىڭ سائادەت نىشانى-لىق سۆھبىتىگە تولۇق مايىل ئىدى. بۇ ھەقتە باشتىكى «مۇقەددىمە» دە ئېيتىپ ئۆتتۇلدى. شەك ـ شۈبھىسىز، شۇ دەرىجىدىكى دوستلۇق ۋە ئۇلپەتلىك شەخسىي مۇناسىۋەتسىز ھەمدە (ئاللانىڭ نەزىرىدىكى) روھلار سورۇنىدا بولىدىغان ئۇلپەتلىكسىز يۈز بەر-مەيدۇ. چۈنكى (ھەدىستە ئېيتىلىشىچە)، روھلارنىڭ (ئاللا ئالدىدىكى مەجلىسىدە (روھلىرى) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇلپەت بولغان (ئىنسانلارمۇ يەردە) ئۆزئارا ئۇلپەت بولىدۇ. (بۇ خەير-لىك خىسلەتلەرنى) ئۇ مانا شۇ يەردىن ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزىچە تېپىۋالغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، داڭ چىقارغان ئۇ بەختىيار ئەمىرنىڭ سەممىي نىيىتىنىڭ ئېكىنزارىدا، ئالىي تەڭرىنىڭ دوستلۇقى بەرىكىتىدىن ياخشى كۆچەتلەر (ئاللانىڭ پەرۋىشى بىلەن) كۆكەردى ۋە ئۇمىد دالىسىنىڭ بىپايان زېمىنى دۆلەت ۋە ئىقبال خامىنى، كارامەت ۋە پەزىلەتلەر مەھسۇلى بىلەن تولۇپ تاشتى.

(شېئىر)

بەختى ئىقبالدىن دېرەك بەرگەندە،
بىر داڭلىق ئوغلان تۇغۇلدى ئۇ يەردە.

قازان سۇلتانخان سەلتەنىتى زامانىدا پادىشاھلىق تېگى ئاللا تەقدىر قىلغان ئۇيۇقتىن يورۇشقا باشلىدى ۋە شاھىنشاھلىق يۇلتۇزىنىڭ نۇرلىرى تەڭرى ئىنايەتلىرى ئەۋجىدە پارلاشقا باشلىدى. 736 ـ يىلى 25 ـ شەئبان، سەيشەنبە كېچىسى (1336 ـ يىلى

8 ـ ئاپرېل)، يەنى موغۇللار دەۋرى يىلى كېش (دەرياسى) ئەتراپىدىكى (بىر) كۆكۆللۈك جايدا، پاك شەرىئەت قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئۇ تەقۋادار سەردارنىڭ نىكاھىدىكى پاك تەگىنە خاتۇننىڭ چېدىرىدىن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ۋۇجۇد ئاپتىپى بەختلىك كۇن چىقىش ئۇپۇقىدا كۆرۈندى. ھەمدە ئۇنىڭ ئالەمنى يورۇتقۇچى يېڭى ئىيى سائادەت بۇرجىدىن ئۇزلۇكسىز نۇر چېچىشقا باشلىدى.

( شېئىر )

بۇيۇكلۇك ئاسمىنىدا كۆرۈندى يېڭى بىر ھىلال،
ئۇلۇغلۇق بوستانىدا ئېچىلدى يېڭى گۈل ـ نىھال.*

ئۇ ئاي پارچىسىغا مەھلىيا بولۇپ ئاسمان،
نەقىش قىلدى يۇزىگە قۇياشنى مەغرىبىي دىنار[41].

ئىنسان سۇرىتىدە بىر جان دۇنياغا كەلدى ۋە بەختلىك تۇغۇلۇشقا جاھاننى چاچقۇ قىلدى. ئالەمگە يېگانىلىق لىباسىدا بىر ئالەم قەددەم قويدى ۋە ئۇنىڭ ئالىمىدىكى پادشاھلىق تۇغىنى قۇدرەت ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ تىكتى.

( شېئىر )

ئۇنىڭ قەدرى ئاسماندەك بولغاچ، گويا كۆپەيدى يەنە بىر ئاسمان،
ۋۇجۇدى بۇ جاھانغا كەلگەچ، جاھانغا قوشۇلدى يەنە بىر جاھان[42].

* نىهال — نوتا، كۆچەت. — ت

www.uyghurkitap.com

«ئاللانىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا، شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»[43] دېگەن ئايەتنىڭ تەقۋادارلىرى يامان كۆزدىن ئامان قالسۇن دەپ «ۋەئىننا يەكۇدۇ»[44] نى تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ دۇئاگۇيلىرى (ئايەتتە) «پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدۇ ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ»[45] (دېيىلگىنىگە مۇۋاپىق) «ئالىي ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئاساسى يۈكسەك كامالەت دەرىجىلىرىدىگىچە كۆتۈرۈلگەي» دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

(مەسنەۋى)

شان - شەۋكەت بىغىدا ئۈندى بىمالال،
دائىم كۆپكۆك بولسۇن بۇ بەختلىك نىھال.

ئاڭا يار بولۇپ بەخت ھەم قەتئىيەت،
يۇرتلارنى سورىغاي دانا، بەدۆلەت.

تاجۇ - تەختى بىلەن جاھان ياشنىغاي،
ياۋ بېشى دەرۋازىسىغا تاج بولغاي.

ئۇ سائادەت يۇلتۇزىنىڭ پارلىشىدىن سەھىھ ھەدىس ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىشارەت قىلغان چۈش تەبىرى سىرىنىڭ نۇرى كۆرۈندى. «دۆلەت ئەربابلىرى ئىلھاملىق بولىدۇ» دېيىلگىنىگە ئاساسەن تۇمەنەخان تەبىر بەرگەن قاجۇلى باتۇر چۈشىنىڭ ھەقىقىتى، ئۇنىڭ قايىسكى قىسمىسى «مۇقەددىمە» سىدە كەلتۈرۈلگەندى، ئىسپاتلاندى. تەبىر تىلى بىلەن ئېيتقاندا، قاجۇلى باتۇر پۇشتىدىن پەيدا بولغان بىر دۆلەتمەندىن ئىبارەت سەككىزىنچى

يۇلتۇز تەنتەنىلىك زەپەر مەشرىقىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى؛ ئۇنىڭ سەلتەنەتىنىڭ نۇرلىرى شەرق ۋە غەربنى نۇرلاندۇرغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بالا ـ چاقىلىرى (سەلتەنەتىنىڭ نۇرلىرى) مۇ ئادالەت ۋە ئىنساپ يولىدىكى قۇتلۇق ئىشلىرى تۇپەيلى شۇ يوسۇندا يورۇق قالغۇسى. زامانە شاد ـ خۇراملىق خۇرسەنلىكىدىن،

## (مەسنەۋى)

ئۇ قانداق بەختلىك چۇشكى، تەبىرى سەن بولساڭ،
ئۇ قانداق خۇش ئايەتكى تەپسىرى سەن بولساڭ

دېگەن مەزمۇندا ئۇنىڭغا تەبرىك سۆز قىلدى.

يەتتە ئىقلىم سەلتەنەتى ئاسمىنىدا ئالەمنى تېزراق يورۇتقۇچى بىر ئاپتاپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭ بەختلىك پېشانىسىنىڭ شولىسى ئاپتاپتەك پارلايتتى. قۇتلۇق تەلەيىنىڭ بەلگىلىرىگە ئاساسەن، ئالەمنىڭ پەرىشانلىق تۈنى تېز ئارىدا ئۇنىڭ دۆلەت تېڭى يورۇشتىن ھېيىت ۋە نورۇز كۈنلىرىدىنمۇ شاد ـ خۇرامراق بىر كۈنگە ئايلانغۇسى ئىدى؛ بۇ تاڭ سۇبھىسىدەك ئېنىق ۋە روشەن ئىدى. بۇ سۆزنىڭ مەزمۇنى شۇنداقكى، سەلتەنەت قائىدىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتا ۋە خەلىپىلىك[46] نىڭ تايانچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۇ ھەزرەت[47] نىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدى ئاخىر زامان ساھىبقىران[48] دۆلىتىنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ مۇستەھكەم خانىدانى يارىتىلىشىنىڭ ئاساسى بولغانلىقى ئۇچۇن تەلەي[49] دە بۇنداق يارىتىلىش ناھايىتى مۇناسىپ بولدى.

ئالەمنىڭ ئەھۋال ۋە قىياپىتى ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا (قارشى) چارە يوق. «ئۇ (ئاللا) ئاسماندىن زېمىنگىچە بولغان

(مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ»[50] دېگەن
(ئايەتنىڭ) ئاجايىپ ھېكمىتى (شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ) يارىـ
ـتىش ۋە ئىجاد كارخانىسىدا مەۋجۇتلۇق ۋە يوقلۇق دۇنياسى[51]
 ھادىسىلىرى كىمخابىنىڭ گۈلىنى توقۇپ، (ئۇنىڭدا ساھىبقىـ
ـرانىنىڭ) قۇتلۇق تەلىيى (شۇنداق) بىر بۇرج بولغايكى، ئۇنىڭ
قەتئىيلـىـكى ئىنـقىلاب[52]قا زىت بولمـىـغاي دەپ تـەقەززا
قىلدى.

ئەنە شۇنداق سۈپەت بىلەن پارلاپ تۇرغان جەدى بۇرجى[53]
دۇر. چۈنكى ئاناسىر[54]دا چىدامىلىقلىق تۇپرىقىغا، پەلەك[55]تە
بولسا سەييارىلاردىن زۇھەل[56]گە مەنسۇپ. جەدى ئىنقىلابقا ما-
يىل بۇرجلاردىن ھېسابلانسىمۇ، (بىراق) ئۇنىڭدا زۇھەلنىڭ
تۇپراق ئۆيى[57] مەۋجۇت. بۇ بولسا ئىنقىلاب ھالىتىدە ئىنتايىن
قەتئىيلىكنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ داۋامىيلىقى ۋە قەتئىيلىكى
ئۈچۈن بۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك دەلىلنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماي-
ـدۇ. چۈنكى تەتقىقاتچىلار نەزىرىدە مۇقەررەر، ھەرقانداق سۈپەتـ
ـنىڭ ئەڭ يۇقىرىلاش پەيتى ئۇنىڭ ئۆز ئەكسى بىلەن كىرىشىپ
كېتەلىشىدىدۇر. چۈنكى «ئاللا ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىـ
ـدۇر»[58] (دېگەن ئايەت) ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈلسە، ئايان بولىـ
ـدۇ؛ ئۇ (تەڭرى) ئاۋۋال ۋە ئاخىر، سىرت ۋە ئىچ، ھەممە
نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن غارايىپ ۋە چىراي-
ـلىق كىرىش سۆزدىن مەلۇم بولدىكى، بارلىق ھادىسىلەرنىڭ
تەلىيى ئۈچۈن قەتئىيلىك ۋە دائىملىق تەلەپ قىلىنىدىكەن، ئەڭ
مۇۋاپىقى جەدى بۇرجىدۇر. بۇ دېيىشنىڭ توغرىلىقى خۇشبۇيىـ
ـنى قۇرئاننىڭ ھەقىـقەت[59] باغلىرىدىكى ھەرپلەردىن (تەشـ
ـكىل تاپقان) قىتئەلەر چىمەنزاردىن ئىزدەپ تاپسا بولىدۇ.

(قىتئە)

سابا شامىلىغا * تولغان بۇ ئالەم،
مەرد كېرەك بۇ ھىدنى بىلىش ئۈچۈن ھەم.
پىكىر ئالماسىدا گۆھەر تېشىلدى،
كۆر قانداق پەدىدە بۇ سۆز قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، جەدى بۇرجىنىڭ قۇتلۇق تەلىيى كەلدى. جەدى ئۆيى ۋە قايسىبىر ھەربىكەتتىكى يۇلتۇزلار[60] ئارىسىدا ئېگىزرەكتە بولغان ئۈچ يۇقىرى (سەييارە)[61] دىن مۇتلەق ئېگىزلىك[62] ئۇنىڭغا خاس ئىدى. قىياسلاپ كۆرگەندە ئۇ ئونىنچى بولىدۇ[63]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇيۇكلۈك ۋە ئىقبال ھەمدە مەنسەپ ۋە ئىشلار ئۆيىدۇر[64]. بۇرجلار ھېسابىدا (بولسا ئۇ) ئونبىرىنچى بۇرجدا[65] بولىدۇ ۋە خاتىرجەملىك ھەمدە ئارزۇ - ئۈمىدلەر ئۆيى ھېسابلىنىدۇ؛ شۇڭا ئەنە شۇ تەلەي ئىگىسىنىڭ دۆلەت يۇلتۇزى سەلتەنەت چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەي، نوپۇزىنىڭ ئالىيلىقى ۋە ھىممىتىنىڭ چوڭلۇقى دۇنيادىكى باشقا پادىشاھلاردىن ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋار بولغاي. ئۈمىد قەلىمى بىلەن تەپەككۇر لەۋھەسىگە نەقىشلەنگەن ھەرقانداق مۇراد تەسەۋۋۇرى خۇددى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىققاي.

ئۇلۇغۋارلىق ۋە قۇدرەت يۇلتۇزى بولغان ئەڭ چوڭ يورۇتقۇچ (قۇياش) تۆتىنچى قوزۇق[66] — ماقام ۋە قارار ئۆيىدە، ئۆزىنىڭ ئاتارۇت[67] بىلەن قوشۇلغان شەرەپ مەنزىلگاھىدىدۇر[68].

---

* سابا شامىلى — تاڭ شامىلى. — ت

ئۇلار گويا ئىككى ئاپتاپتەك، ھەمەلنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى دەرى-
جىسىدە تۇرۇپ تەنتەنىلىك زەپەر تۇغىنى تىكىدۇ ۋە ئىقبالنامە-
سىنى سائادەت مۆھرى بىلەن تەستىقلايدۇ؛ ھالبۇكى سەلتەنەت
قۇياشى چىقىش چېغىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنىدا پەيدا بولۇپ،
شۇ جاينى پادىشاھلىق تەختىنىڭ ئورنى قىلىپ بەلگىلىگەي. شۇ
چاغدا ئۇ مەملىكەتنى گۈللەپ ياشنىتىش، ئاۋات قىلىش ۋە يۈك-
سەلدۈرۈشتە ئالەمنىڭ جىمىكى دىيار ۋە شەھەرلىرىدىن يۇقىرى
قويىدۇ.

سائادەت مەنبىئى ۋە بۇرج ھامىيسى مۇشتەرىي[69] كۈچ -
قۇدرەت سەييارىسى بولغان مىررىخ[70] بىلەن بىللە پەرزەنت ئۆيى
بولغان بەشىنچى تەلەيدە، قىممەتلىك سوۋغاتلار (قىلىشى) مەر-
ھەمىتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى. ھالبۇكى سائادەتلىك ۋە شەۋ-
كەتلىك پەرزەنتلەرنىڭ كۆپلىكىدىن مەڭگۈلۈككە تۇتاش دۆلەت
ئاساسى ئەسىرلەر بويى باقىي ۋە مۇستەھكەم قالغاي.

مەزكۇر بەختىيار تەلەيدىمۇ ئۇلۇغۋارلىق ۋە قۇدرەت خانىسى
بولغان ئونىنچى ئۆي ۋە ئەۋلادلار خانىسى بولغان بەشىنچى ئۆي
ئىگىسى سەئىدى ئەسغەر[71] ئۆز شەرەپ ماكانى بولغان يېقىن
دوستلار ئۆيى ئۈچىنچى تەلەيدە ھۇتنىڭ ئون ئالتىنچى دەرىجىسى-
دە سائادەت سۆزىنىڭ دىلرەبا پەردىلىرىنى چېكەتتى. ئۇ (سەئى-
دى ئەسغەر)نىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەسىرلىرى ئۈچرىشىشىنىڭ
ۋاستىچىسى بولغان ئاي بۇ بۇرجنىڭ ئون تۆتىنچى دەرىجىسىدىن
ۋىسال شولىسىنى ئۇنىڭغا (سەئىدى ئەسغەرگە) چۈشۈرەتتى؛
پەرزەنتلەر ۋە قېرىنداشلار ئىناقلىقىدىن سەلتەنەت ۋە پادىشاھلى-
قىنىڭ شۆھرىتى كامالەت دەرىجىلىرىنىڭ يۇكسەكلىكىگە يەتكەي
ۋە ئالەم چۈشكۈنلىكىگىچە نۇقسان ۋە زاۋالدىن ئامان قالغاي.

(شېئىر)

يەتتە يۇلتۇز ھۆكۈمدە بولدى پەيدا،
ئاڭا تۇتقۇزغۇسدۇر ئاچقۇچ دۇنيا.

قىسقىسى، (دۇنياغا كېلىش) قۇتىسىنىڭ كىندىكىئانىسى ئۇنى سالامەتلىك بۆشۈككە بۆلىدى ۋە تەڭرى ئىلتىپاتىنىڭ ئىنىكئانىسى ئاسراپ - ئاۋايلاپ، شېرىن سۈت بىلەن پەرۋىش قىلدى.

(مەسنەۋى)

بەخت كىندىكئانىسى ئۇنى مېھىر بىلەن باغرىغا ئالدى،
ئىلتىپات كۆكرىكىدىن شېرىن سۈتنى ئاغزىغا سالدى.

ئەمچەكتىن ئايرىلىپ، ئەقىل كىرىپ قالغان ياشقا يەتكەندە، ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدىن سەلتەنەت ۋە جاھانغا ھاكىم بولۇش ھىدى خۇددى باھار شامىلى كەلتۇرگەن رەيھانلار ھىدىدەك تارقىلاتتى. سۆزى ۋە ئىشىنىڭ قەتئىيلىكىدىن يولباشچىلىق ۋە قۇدرەتلىكلىك نۇرى خۇددى ئازەر[72] (ئېيى) بۇلۇتىنىڭ چاقمىقى ئوتىدەك چاقنايتتى.

ئويۇن بولسىمۇ ئىشى ئۇنىڭ پەقەت،
لېكىن نىيتى ئىدى تاج بىلەن تەخت.

بۆيرۇقچىلىققا ئىدى ئۇ تېتىك روھ،
يېنىدا باللار بىرنەچچە گۇرۇھ.

www.uyghurkitap.com

بىر بالا ئەسكەرلەرگە ئىدى ئەمىر،
باشقىسى تەيىنلەنگەن ئىدى ۋەزىر.

چۆپ ۋە قومۇشتىن ئادەم ياسايتتى،
ئۆزى ھەر تەرەپكە قاراپ چاپاتتى.

پەرەزدە ئۇ بېجىرىمىدى دەپ بۇيرۇقنى،
سوراققا باشتا تارتاتتى ھەم ئۇنى.

ئاز بولسىمۇ گۇناھى بولغاچ ئايان،
بېشىنى چېپىپ نەيزىگە ئىلاتتى شۇئان.

كىچىكلەرگە شۇ ئىدى، دەيدۇ، جازا،
چوڭلارنىڭ سۆزىدىن چىقمىغاي ئەسلا.

راستتا ئوخشايتتى ئويۇن قىلىقى،
ئويۇنغا بەخرلىگى ـ بەختىيارلىقى.

«بىز رىزقنى تەقسىم قىلدۇق»[73] (دېگەن ئايەت) بار «قۇرئان»دىكى «خالىغان كىشىمىزنى بىرنەچچە دەرىجە ئۈستۈردىمىز»[74] دېگەن ئايەتنىڭ ئىنايىتى بىلەن (تۈزۈلگەن) دۆلەت پەرمانىنىڭ يارلىقچىسى «بىز ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق»[75] دېگەن جاھاننى بېزىگۈچى تۇغرا[76] بىلەن ئىمزالانغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلۇغۋار قەلبى شامالدەك تېز ۋە ئۇچقۇر تۇلپارلارنى مىنىشكە، چەۋەندازلىق قىلىشقا مايىل ئىدى. ئون يېشىدىن تاكى ئۆسمۈرلۈك قىيامىغىچە ۋاقتى شىكار قىلىش ۋە جەڭ قائىدىسىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتتى.

## ( مەسنەۋى )

كېچە - كۈندۈز بەزمە، ئوۋ تۆگەل،
پىكىر - خىيالى ئىدى جەڭ - جېدەل.

ئەزىز ۋۇجۇدى ئاللانىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، يورۇق قەلبىنىڭ سىرلىرى خەيرلىك (ئىشلار) ۋە ياخشىلىق ئىزدەشكە (قارىتىلغان) ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا، قول ئاستىدىكى بەزى ئالەمنى بويسۇندۇرغۇچى تەرەپدارلىرى (تەرىپىدىن) قارىماققا قەھر - غەزەپ ۋە سىياسەت جەھەتتە نېمىلا قىلىنغان بولسا، جاھانگىرلىك زۆرۈرىيەتلىرى يۈزىسىدىن بولغانىدى.

## ( شېئىر )

گەر يۈرتنا ئىستىسەڭ تىنچلىق ئورناتماق،
لازىمدۇر قىلىچنى تىنىمسىز قىلماق.

بۇ ھەقتە يەنە توختىلىپ ئۆتۈلىدۇ.

تۆۋەندىكى سۆز خۇشامەتچىلىكتىن يىراق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكتىن نېرى ئىكەنلىكى ھەمدە ساراي كاتىپىچە (پۈتۈلگەن) ئەسەرلەر ۋە شائىرانە سۆز بېزەشلەردىن ئەمەسلىكىگە دەلىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارىتىدۇر. يەنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (ئۇنىڭغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولغاي)، «ئوغۇل ئۆز ئاتىسىنىڭ سىرىدۇر»[77] دېگەنىدى. مۇستەھكەم ھۇمايۇن نەسەبى تۆپەيلى، خەلىپىلىك تەختىدە ئادالەت

مۇقىم ۋە ئەبەدىي باقىي بولغاي. ئەگەر ئۇ ئالىيلىرى (شاھرۇھ) دىن «بۆشۈكتىن تارتىپ تا شۇدەمگىچە»[78] بىر چۇمۇلىمۇ ئازار يېمىگەن دېسە، ئالەم ئەھلى يىراق - يېقىندىن پۈتۈنلەي تەستىقلايدۇ.

## (مەسنەۋى)

دۆلەتتىن ئامەتلىك شۇنداق جاھاندار،*
سۇلايماندەك** چۇمۇلىگە بەرمەس ئازار.

ئۇ شۇنداق بىر بەختىيار پەرزەنت ئىدىكى، پۈتۈن قۇلايلىق ۋە مەئىشەت ۋاستىلىرى، دۆلەت ۋە كىبرەك - ياراغلىرى تەييار بولۇشىغا قارىماي، قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ بىرەر مىنۇتىمۇ دۆلەت شارابى مەستانىلىرى ۋە ئالىي مەنسەپ خۇمارلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا خاس ئويۇن - تاماشا ۋە خۇرسەنلىك تەلەپپۇزى بىلەن (بەنت) بولمىغان، ئەكسىچە، سائادەتلىك ئۆمرى پۈتۈنلەي تائەت پەرزلىرى[79] نى ۋە ئىبادەت نەفىللىرى[80] نى ئادا قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش[81] ھەمدە ئەلگە غەمخورلۇق قىلىشقا سەرپ بولاتتى. بۇنىڭ مەزمۇنى قۇياشتىنمۇ روشەن ۋە (ئايدىڭ) كېچىدىنمۇ يورۇقراق ئىدى[82].

ئۇ شۇنداق بىر خىلاپەتپاناھ[83] كى، پەرىدۇن[84] نىڭ ھەشەمىتى ۋە ئىسفەندىيار[85] نىڭ شىجائىتىنى زۇننۇن[86] نىڭ پاكلىقى ۋە مالىكى دىنار[87] نىڭ ئىبادىتى بىلەن بىرلىكتە (ئۆزىدە) مۇجەسسەملەشتۇرگەن. ھەمدە تەڭرىنىڭ مەدىتى يولىدا بەختىيار پادىشاھلار ئۇلۇغۋارلىقى ۋە قۇدرىتىنى ئەۋلىيالىقنى شوئار قىل-

---

* جاھان ھاكىمى مەنىسىدە. — ت

** سۇلايمان ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

غان زاھىدلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە بويسۇندۇرغانىدى (ئەي خۇدا ئۇنى زاۋالدىن ئاسرىغايسەن).

ئۇ بويسۇنۇش كېرەك بولغان ئەڭ ئۇلۇغ سۇلتان؛ تەۋەلىك ۋاجىپ بولغان ئەڭ كامىل، ئەڭ ئادىل خاقان؛ خەلىپىلىك تۇغلىرىنى ئادىل ۋە ئىنساپ بىلەن يۇكسەلدۇرگۇچى؛ رەھىم - شەپقەت ئايەتلىرىنى ماكانلار ۋە زامانلار سەھىپىلىرىگە پۈتكۈچى، مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئايەتۇللاھ[88]، ئالىي سۆز ئىگىسى بولغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇجتەھىد[89]، سىرتقى ۋە ئىچكى راھەت - پاراغەتلەر مەنبەئى، پەيغەمبەر تىلىدىن سەككىز يۈزىنچى[90] يىل ئۇچۇن ۋەدە قىلىنغىنى، توغرا يولىيورۇقلارنىڭ تەشكىلىي ئا- ساسلىرىنى يارىتىپ بەرگۈچى، ئاللانىڭ جايلاردىكى مەخسۇس سايىسى؛ رەھىمدىل تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ بارغۇچى؛ ھەقىقەت، سەلتەنەت، دۇنيا ۋە دىن ھامىي- سى ئەبۇ ناسىر[91] شاھرۇھ باتۇر سۇلتاندۇر. ئاللا سۇبھانەۋە- تائالا[92] (ئۇنىڭ پادىشاھلىقى، خەلىپىلىكى ۋە سۇلتانلىقىنى ئەبەدىي قىلغاي)[93].

كېيىنرەك، ئېنىقراقى ئىككىنچى ماقالىدە[94]، خۇشبۇي ئورامىلىق قەلەم ئۇ ئالىي سۇپەتلىرى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىرى[95] نى تىلغا ئالغاندا ئەتىر تاراتقۇسى. مىسرا: «ئۇ ئاخىرى ۋە چېكى بولىدىغان دېڭىز ئەمەس». بۇ ھەزرەت (شاھرۇھ) نىڭ ئەڭ مەشھۇر پەرزەنتلىرىدىن (بىرى، يەنى ئىبراھىم سۇلتان) ھەققىدە باشقا دىياردىن ئاڭلىغان خەۋەرلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆمىد كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، روشەن تېپىپ يېزىلغان. ئۇ مىسىرنىڭ يۇسۇپ تەلئەتى[96] دۇركى، سۇلايمان[97] لىق مەملى- كىتىنى ئىبراھىم ماقاملىرى ۋە ئىسمائىل مەنزىللىرى[98] بىلەن تولدۇرۇپ (مۇھەممەد) مۇستاپانىڭ ياخشى مىجەز - خۇلقى ۋە ئەلى مۇرتەزا[99] نىڭ باتۇرلۇقى ۋە تاغ يۇرەكلىكىنىڭ غەلىبىلىرى بىلەن (ئۇلارغا مەدھىيە ۋە سالام بولغاي) خۇرسەن قىلغان ۋە بېزەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىيىسى

(شېئىر)

ئۇنىڭ بەختىيار زاتى شەرىپى ئىنسان سۈرىتىدە،
بىر بۈيۈك رەھمەتتۇركى بارىكاللا دەيسەن.

ئۇ (ئىبراھىم سۇلتان) شۇنداق بىر سەلتەنەت پاناھىكى، خۇش پېئىللىكتە ۋە قەلبى پاكلىقتا ھاياتلىقنىڭ لىباسىنى «ئېتىقادلىق ئوغۇل ئۆز ئاتىسىغا ئىقتىدا قىلىدۇ»[100] دېگەن (ھەدىس) بېزىكى بىلەن زىننەتلەپلا قالماي، بەلكى ئىنتايىن يۇمشاق تەبىئەتلىك ۋە بىئازارلىقتا (دوستلارنىڭ يامانلىقلىرىغا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت) ھىممەتلىرىنى[101] مەلۇم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ پەرىشتە سۈپەت زاتى ھەر خىل بىلىملەر ۋە كامالەتلەر يىغىندىسى ھەمدە ھەر خىل پەزىلەتلەر ۋە ساخاۋەتلەر مەنبەئىدۇر.

(شېئىر)

دۈشمەنلىرىنى يىغلىتىدۇ، دوستلىرىنى كۈلدۈرىدۇ،
يىغلاتقۇچى قىلىچ ۋە كۈلدۈرگۈچى قەلەم بىلەن.
ئۇنچە ـ مەرۋايىتتەك تاۋلانغۇچى (يۇلتۇزلار) ساخاۋىتىدىن خىجالەتتۇر،
چۈنكى بىرى دېڭىز تېگىدە، باشقىسى ئاسماندىدۇر[102].

ئۇنىڭ چوڭقۇر زېھنى (ئايەتتىكى) «ئۇنىڭ يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ»[103] (دېگەن سۆزلەر) ھەقىقىتىنىڭ تەپسىلاتـ

لىرىنى ۋە شەرھلىرىنىڭ سىرلىرىنى ئىدراك قىلىشتا شۇنىڭ-
دەك، مۇشكۇللەرنى ھەل قىلغۇچى كۆرسەتمىسى مەخپىي سىرلارنى
ئېچىشتا ۋە ھايات قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىشتە (ئايەتتىكى) «نۇر ئۈس-
تىگە نۇر»[104] دېگەن سۆزلەر سىرىنىڭ ئېچىلىشىدۇر. يەنى

## (مەسنەۋى)

بىر پەرىشتە سۈپەتلىكتۇر ئابۇ گىلدىن[105] سۈرىتى،
تولۇقتۇر ئىرادە ـ تەدبىر، ئەقلى ۋە پاراسىتى.

ئۆزگىلەردىن ئالغۇسى تەقدىر سىرىنى شۇئان،
ئۇ ھېچقاچان بۇنىڭدىن قىلمىغان گۇمان.

ئاللا تەۋپىقىنىڭ تەرجىمانى بولغان ئۇنىڭ گۈزەل ئىبارىلىق
تىلى گەپ قىلىشقاندا «دەر ھەقىقەت چىرايلىق سۆزلەش سېھىر-
دۇر»[106] دەپ قەيت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە (شۇ چاغدا)
روھ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن ئەۋەتىلگەن ئەمەسمۇ، دەپ
قورقۇشتىن «سۇبھانۇلەم يەزەل»[107] دەپ سەجدىگە باش قويىدۇ.
پەزىلەت ۋە ئېھسان خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بولغان گۆھەر
چاچقۇچى سۆزلىرىدىن (ئايەتتىكى) «ئۇ قەلەم بىلەن (خەت
يېزىشنى) ئۆگەتتى»[108] دېگەن ئىبارىنىڭ ئىزلىرى كۆزگە تاش-
لانغانلىقى سەۋەبلىك

## (مەسنەۋى)

ئەقىل لال بولىدۇ ۋە كۆز ئىرۇر ھەيران،
دىل روشەن بولار ۋە ئوزۇق ئالۇر جان.

(سۆزلىگەندە قىممەت باھا دۇر تىزىلىدۇ،
خەت يازغاندا كەشتىگە گۈل تىكىلىدۇ.)[109]

گۈزەل نەرسىلەرنى سىزغۇچى ۋە ئاجايىپ ئىزلار قالدۇرغۇچى شەرەپلىك قەسىرنىڭ كۈنگۈرىلىرى «نۇن*. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى»[110] (ئايەتنىڭ) يېزىقىدا بېزەلگەن قەلىمى بىلەن،

ھۆسنخەت سىنىڭ خۇلق دەپتىرىڭدىن بىر باب كەبىدۇر،
سۇلتانلىق سۇپەتلىرىڭ ئارىسىدا كىتابىڭ بىر ھەرپىدۇر.

(دېگەن مەسنەۋىنىڭ) مەزمۇنى ھەربىر دىياردا زامانە ئىشىكى ۋە تاملىرىغا شۇنچىلىك چىرايلىق پۈتۈلدىكى، ئۇنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. «تاڭ چىراغقا موھتاج ئەمەس»[111].

ئۇلۇغۋارلارچە غىچىرلايدىغان قەلىمىنىڭ ئۇچى بىلەن مىسىھەف[112] لەرنىڭ ۋاراقلىرى، قۇرئان توملىرى، كىتابلار ۋە ئۇرامىلار** مەتىنلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئېگىزدىكى قۇياش ۋە ئاي بۇرجلىرىدا «قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن»[113] (دېگەن ئايەت سۆزلىرى) نىڭ تولۇن ئايدەك جامالى مەنىلىرىنى مۇشۇ ئەتراپ زىرەكلىرىنىڭ كۆزىگە ئەڭ ياخشى شەكىلدە جىلۋىلەندۈردى. ئۇنىڭ مەنىلىرىدىن ياخشىراق (مەنە) يوق[114] ئىدى.

(مەسنەۋى)

ماختاشقا سۆز كەتمەس ئەجەپ بەختىيار،
چۈنكى ئاپتاپ ماختاشقا ئەمەس ھېچ زار.

---

* نۇن — (ن) ھەرپىگە بېغىشلانغان.
** تاختا قەغەزگە يېزىپ ئوراپ ساقلايدىغان كىتاب.

## (شېئىر)

ئېيتسامۇ، ئېيتمىسامۇ ئەقىل بىلىدۇ،
دۆلەت لىباسىنى كىم بېزەپ تۇرىدۇ.

دېگەن سۆزلەر گەرچە ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەمما، قەلەم ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىگە خاس ماختاشقا سازاۋەر ئىشلىرى سۈپەتلىرىدىن بىر باب يېزىش ئۈچۈن تىلىنى ئابىھايات[115] بىلەن يۇيغانىكەن، شاھانە نامىلارنى تىلغا ئېلىشقا يەنە قايتسا ئەجەب ئەمەس.

## (شېئىر)

زاتى شەرىپىنىڭ ۋەسپىنى تىلغا ئالسا قەلەم،
ئەجەبلەنمىگىن، ئۇنىڭدىن كېلەر ئابىھايات ھەم.

مانا شۇنداق يارىتىلىشىنىڭ باشلىنىشى، بىلىمدانلار كۆزىنىڭ روشەنلىكى، يارىتىش ۋە ئىجاد كارخانىسىنىڭ خۇلاسىسى، رەھىمدىل (تەڭرى) ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتىنىڭ ئىشارىسى، (يەنى) :

## (شېئىر)

شاھ قىلغۇچىمۇ، تەختنى ئالغۇچىمۇ،
پەرمانى قۇياش، ئايغا يەتكۈچىمۇ.

www.uyghurkitap.com

ئالەم پاناھى، ئۇلۇغلارغا ھامىي،
تاجدارلار يولباشچىسى ۋە جاھان شاھى.

سۇلايمان پادىشاھلىقىنىڭ ۋارىسى — (تەڭرى) رەھمانىنىڭ ياش دوستى، سامادىن تەستىقلانغىنى، ياۋۇزلۇقلار ئۇستىدىن زەپەر قۇچقۇچى، سەيدۇل مۇرسەلىن[116] شەرىئىتى كەشتىسىنىڭ شوئارى، يەر ۋە سۇنىڭ قەھرىمانى، ساخاۋەتلىك پادىشاھ (پەرۋەردىگار) تەرىپىدىن نەزەردە تۇتۇلغىنىنىڭ ئەمەلدە نامايان بولغىنى، ھەقىقەت، سەلتەنەت، دۇنيا ۋە دىن ھامىيسى، ئەبۇل فەتھ[117] ئىبراھىم سۇلتاندۇر. ئاللاتائالا ئۇنى ئاپەتلەردىن (ئاسرىغاي)، پادىشاھلىق ۋە سۇلتانلىقتىكى خەيرلىك ئىشلىرىنى ئەبەدىي قىلغاي ھەمدە ھەر ئىككى دۇنيادا ئېھسانى تولۇپ تېشىشى ئۇچۇن ۋەكىل قىلغاي[118].

(مەسنەۋى)

ھەممىگە ئۇلۇشلەر تارقىتىلغان ئان،
ئىككى ئىبراھىمغا كۆپەيتتى ئۇنۋان.

بىرى مىللەت[119] سارىيىنى بىزىدى،
بىرى ئادالەت بىلەن يۇرت تۈزىدى.

ئۇنىڭدىن يالقۇن گۈلى - رەيھان بولدى[120]،
بۇنىڭدىن زۇلۇم ئوتى نۇر - ئېھسان بولدى.

ئۇنىڭدىن مەككە ئىشىكى نۇرغا تولدى[121]،
بۇنىڭدىن سۇلايمان مۈلكى ئاۋات بولدى.

ئۇ ئاندا ئازەر[122] بۇتنى سۇندۇردى،
بۇ بولسا ئەھمەد[123] دىنىنى يۇكسەلدۇردى.

ئۇنىڭ دىنى چۇن ئىسمائىل بولدى قۇربان،
قۇربانلىققا ئىسمائىل تىككەندى جان.

بۇ ھەممىگە ئىنئام قىلىنغان ئۇلۇغ نامى،
«ئىبر» ۋە «ئىيم» ھەرپلىرىدۇر باش ـ ئاخىرى.

«ئىبر» ۋە «ئىيم» نىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغان،
«ھىممەت» دىكى «ھ» نىڭ ئىككى كۆزىدۇر روشەن[124].

جاھان بۇ ئۇلۇغ نام بىلەن تەڭسىز،
سەلتەنەت تەختى بۇ نام بىلەن ئەزىز.

شۇبھىسىز، ئەسلىدە كۆرۇنۇپ تۇرغىنىمۇ، چوڭ ـ كىچىكنىڭ ئىپىتىپ يۇرگىنىمۇ بۇ ئىپىتىلغانلارنىڭ مەزمۇنىنى تەستىقلايدۇ.

## (نەزم)

خۇدايا رەھمەت نەزىرىڭنى ساپسەن،
ۋە بۇ سايىنى خەلق بېشىغا تاشلاپسەن.

قۇل بولۇپ شۇ دۆلەتكە قىلاي دۇئا،
ئۆزۈڭ ئاسرا بۇ سايىنى دائىما.

www.uyghurkitap.com

سۆز لىباسى ئۇ (ئىبراھىم سۇلتان) ئالىيلىرىنىڭ شۆھـ-
رەت ۋە زەپەرلىرىنىڭ تاۋلىنىپ تۇرغۇچى ئۇنچە - مەرۋايىتلىرى
بىلەن بېزەلگەن قىسىم — ئۇچىنچى ماقالىدۇر[125]. (ئەمدى)
قەلەم تىزگىنىنى جاھانگىر ساھىبقىران (ئەمىر تۆمۈر) نىڭ يۈ-
رۈشلىرىدىن خەۋەر بېرىش تەرەپكە بۇرىلىدۇ. دەسلەپ مەلۇمات
توپلاش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش تەرتىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ. قوللاش
ۋە ياردەم ئاللادىن، چۈنكى ئۇ ھەمىد ۋە مەجىددۇر[126].

## بۇ مەشھۇر يازما ئەسەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە، شۇ يوسۇندا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشراق شەكىلدە يېزىلغان (تارىخلار) ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم ئەۋزەللىكلىرى بارلىقى بايانى

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ شۆھرەتلىك ۋە شان - شەۋكەت-
لىك تارىخى، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمىسى قايسى شەكىلدە تۈزۈلگەن
بولسا، بىرەر ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەستىن، قوشۇمچىسىز ۋە
قىسقارتىلماي ئاققا كۆچۈرۈلدى.

قەدىمكى ۋە كېيىنكى (دەۋرلەردە) نەزم ۋە نەسىر بىلەن
يېزىلغان ھەمدە تۈركىي ۋە پارس تىلىدا بايان رىشتىسىگە تىزىل-
غان دۆلەت ۋە ئىقبال ئەربابلىرى، ئۇلۇغۋارلىق ۋە بۈيۈكلۈك
ئىگىلىرىنىڭ تارىخلىرى ئۈچ خىل ئەۋزەللىك بىلەن ئاجرىلىپ
تۇرىدۇ.

بىرى ناھايىتى پايدىلىق ۋە مەنپەئەتى كۆپ ئىكەنلىكى. بۇ
(ئەۋزەللىك) مەزكۇر پەن تۈرلىرى بىغىندىكى ۋە ئۇنىڭ ھەربىر
(دەرىخى) نىڭ شېخىدىكى پىكىر بارماقلىرى بىلەن تېرىش مۇم-
كىن بولغان ئەڭ پايدىلىق مېۋىدۇر. بۇ (مېۋە) تەپسىلىي پىلان-

لار ۋە ئىنچىكە تەدبىرلەر داۋامىدا تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىنى (باشتىن) كەچۈرۈش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن غارايىپ ئەھ-ۋال ھەمدە ئاجايىپ ھادىسىلەر ۋە يېڭىلىقلاردىن ھوشيار بولۇش-تۇر. چۈنكى قەلبلەر لەۋھەلىرىنىڭ ھەرقانداق نەقىشلىرى تەد-بىركارلار ۋە دانىشمەنلەر ئۈچۈن توغرا ئەكس كۆرسەتكۈچى بىر ئەينەككى، دۆلەت ۋە پۇرسەت شامىلى چىققان چاغدا، ئۇنىڭدا ئالىي مەقسەتلەرگە ئېرىشىش ۋە مەرتىۋىلەرنى يۇقىرىلىتىپ بې-رىش ئۈچۈن توغرا پىكىر چېھرىسىنى كۆرۈش مۇمكىن. بەزىدە بەختسىزلىك يان شامالىرى چىققان چاغلاردا ئېغىر ۋە خەتەرلىك ھالەتتىن قۇتۇلۇش ۋە ھادىسىلەر خەتىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ (ئەينەكتە) نىجات تەدبىرى ئەكسىنى كۆزىتىش مۇمكىن.

(بېيىت)

سائادەت ئىرادە ئەھلىنىڭ ئەكسىدۇر بىگۇمان،
ئەينەككى ئۇنىڭدا زەپەر كۆرۈنەر ئايان.

ساھىبقىران ئالىيلىرى پادىشاھلىق سارىيىنى بىنا قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى چاغدىن تاكى جاھانغا ھاكىم بولۇش ۋە ئالىي سەلتەنەت قەسرىنىڭ كۈنگۈرىلىرىنى ئېگىزلەتكەنگە قەدەر بار-لىق مۇھىم ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىران ۋە تۇراندىن ئىبارەت ئىسلام مەملىكەتلىرى ئۇ ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇ-قى تۇلپارىنىڭ جەۋلانگاھىغا ئايلانغان بولۇشىغا قارىماي، غايەت چوڭ تەلەپ ئارزۇسى ھېچقاچان ھۆكۈمدارلىق دائىرىسىنى كې-ڭەيتىشتىن ۋە دۆلەت چېگراسىنى كۆلەملىك قىلىشتىن بىرەر تۈن يا كۈن غەپلەتتە قېلىپ كۆز يۇممىغان ۋە ئارام ئالمىغانىدى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ بېرىش ۋە يۇرتلارنى ئىشغال قىلىش ئىتىنىڭ

ئىگىرىدىن پادىشاھلىق ۋە ھۆكۈمدارلىق تەختىگىمۇ سەپەر ئۈستىدە كۆتۈرۈلدى. يەر يۈزى سەلتەنىتى بىلەن سەپەردىكى ۋاقتىدا ھەق دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ (ۋىدالاشتى) ۋە شاھلىق تەختى ئاللانىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس رەھمىتىنىڭ تاۋۇتى بىلەن ئالماشتى. ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئۆز رەھمىتى ۋە جەننەت نۇرلىرى بىلەن نۇرلاندۇرغاي!

شۇبھىسىز، قانچىلىغان نادىر ۋەقەلەر جاھانگىرلىك ئىسپاتى بولغان ئۇ ئالىيلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھەمدە ئۇ بەختىيار ساھىبقىرانىنىڭ مەسلىھەتلىرى ۋە ئېنىق كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا شۇ قەدەر كۆپ ئاجايىپ خاتىرىلەر ۋە غارايىپ كەچۈرمىشلەر بولۇپ ئۆتكەنكى، قۇدرىتى پەلەكتەك داڭدار سۇلتانلار ۋە بەختىيار پادىشاھلارنىڭ بىرەرسى ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئوندىن بىرىمۇ ھېكايە قىلىنمىغان. «ئەگەر كىمدۇر (ئۇنىڭ بىرىچە) بار، دېسە، كۆرسەت دېگىن».

يەنە بىر ئەۋزەللىك ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئېچىپ بېرىشتۇر. چۈنكى ھەربىر ۋەقەنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭ قايسى شەكىلدە يۈز بەرگەنلىكى قەدىمكى ۋە (ئۇنىڭدىن) كېيىنكى (دەۋرلەردىكى) پادىشاھلار ھەققىدىكى تارىخلارنىڭ بىرەر نۇسخىسىدا مەزكۇر زەپەر سەھىپىسىدە زىمنىگە ئېلىنغاندەك تەلتۆكۈس شەكىلدە پۈتۈلگەن ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈركىي «شېئىرىي ئەسەر» نىڭ مۇئەللىپى، ئۇ ئالىيلىرى (ئەمىر تۆمۈر) شەخسەن ئۆزى باش بولغان ئاجايىپ ئىشلاردىن بەزىلىرىنى، ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرنىڭ ئىشەنمەسلىكلىرى ۋە ئارتۇقچە تەرىپ ۋە تەسۋىرلەرگە باشقىچە مەنە بېرىشلىرى مۇمكىن، دەپ يېزىپ قالدۇرۇشقا يول قويمايدۇ، دېگەن. شۇ سەۋەبتىن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن قىزىق ۋەقەلەر ۋە جەڭلەر (بۇ يەردىمۇ) ئېيتىلماي قالدى. كىمكى بۇ كىتابنى بېشىدىن

تا ئاخىرىغىچە ئەقىل - ئىدراك كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىقسا ۋە ئۇنىڭ نەزىرە[127] لىرى ۋە ئۇسلۇبلىرى مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بول- سا، ئۇنىڭ (يۇقىرىدا) تەكىتلەپ ئۆتۈلگەن ئىككى ئەۋزەللىككە بېغىشلىنىشى ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ۋە ئەسلا قۇرۇق گەپ ئەمەس- لىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ.

## (مەسنەۋى)

ئەقىل تارازىسى سىناق - ئىمتىھان،
ئۇ تەنقىد ۋە ماختاشقا بولىدۇ مىزان.

ئەقىل ياخشى - يامانىنى ئايرىغۇچى مىزاندىن،
ئېنىق بىلىپ ئالار سۆزنىڭ كەم - كۈتىسىن.

ئۈچىنچى ئەۋزەللىك — ساداقەتلىك بېرىكى، قىسسە ھەمدە خەۋەرلەرنىڭ راستلىقى ۋە ئىشەنچىلىكلىكىدۇر. چۈنكى ئەڭ ئۇ- لۇغ سەللىلىك ئەربابلار — سەيىدلەر، ئالىملار، فەقىھلەر*، پەزى- لەت ۋە بىلىم ئىگىلىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر باخشىلىرى ۋە پارس ئەدىبلىرى ساھىبقىران ئالىيلىرىغا سەپەردىمۇ، ئۆيدىمۇ ئۈزلۈك- سىز مۇلازىملىقتا بولغانىكەن. پەرمانغا مۇۋاپىق، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھى مۇنتىزىم (رەۋىشتە) تەقدىر تەقەززاسى بىلەن ئۇ ئالىي- لىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە گەپ - سۆزلىرىدە، شۇنىڭدەك، دۆلەت، مىللەت ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەھۋالىدا قانداقلىكى گەپ بولسا، ھەممىسىنى ئېنىقلاپ، تەلتۆكۈس يېزىپ ماڭاتتى. ئۇ، ھەرقانداق ۋەقە ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەي، ئاشۇر-

---

* فەقىھ — ئىسلام قانۇنى ئۆلىماسى. — ت

www.uyghurkitap.com

ماي، كىمەيتمەي، يەنى ئەسلىدە قانداق ئۆتكەن بولسا، شۇنداق كۆرسىتىپ بېرىلگەي، بىرەر كىشىنىڭ ئىسىللىكى ۋە مەردلىكى ھەققىدە (گەپ قىلغاندا) يان بېسىشقا، خۇشامەتگۇيلۇققا ئەسلا يول قويۇلمىغاي؛ بولۇپمۇ ئۇ ھەزرەت (تۆمۈر) نىڭ شىجائىتى ۋە قەتئىيەتلىك ئىكەنلىكىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىدە ھېچقانداق مۇبالىغە قىلىنمىغاي دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە، سۆز ئۇستىلىرى ۋە بىلىمدان كىشىلەر ئۇ ھەزرەت (تۆمۈر) نىڭ ئۆز ئالىي ئىشارىتى بىلەن ئۇنى يېزىشقا ئۇرۇنماقچى بولغان ھەققىدىكى شەرتكە ئەمەل قىلىنغان ھالدا، ئۇنىڭغا ئىبارە، دىن لىباس كىيگۈزۈپ، نەزم ۋە نەسر بىلەن يېزىش يېپىغا تىزاتتى. (يېزىلغانلارنى) ئالىي مەجلىستە ھەزرىتى ساھىبقىرانغا بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ توغرىلىقىغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل بولاتتى. شۇ يوسۇندا تۈركىي شېئىرىي ئەسەر ۋە پارسىي قىسسەلەرنىڭ ھەربىرى ئۇ ئالىيلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى ئەڭ بىرىك (ۋەقەلەرنى) ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن نەزم ۋە نەسر قەلىمىگە ئېلىنغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئالەم پاناھى دەرگاھىدا ئۇ ئالىيلىرىنىڭ تارىخىنى تۈزۈشكە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەنلەر ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە ھەقىقىتىنى ئېنىقلاش جەھەتتە ئەستايىدىل تىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىززەت ئېتىبارىدىكى سۆز ئۇستىسى بولغان ئالىملار بولسا، ئۇنى تۈركىي نەزم ۋە پارسىي نەسر شەكلىدە تەرتىپكە سېلىپ، تولدۇرۇپ، قىيامىغا يەتكۈزۈپ يازغانىدى.

بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەمدە مۇقەددىمە ۋە ماقالىلىرىنىڭ مەزمۇنى، تۈزۈلۈشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئالدىنقى كىرىش سۆزدە ئېيتىپ ئۆتۈلگىنى ئۈچۈن، ئەمدى نۆۋەت مەزكۇر (بىرىنچى) ماقالا بايانىغا كەلدى.

سەلتەنەت پاناھى (ئىبراھىم سۇلتان) ئالىيلىرى قايسىكى يېڭىلاش قەلىمى شۇ يەردە ئۇنىڭ قۇتلۇق پالىغا ئىگە تەخەللۇسلى-

ـرىنى يېزىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان، ئىلگىرىدىن ھۆرمەتلىك
زات مەزكۇر كىتابىنى توپلاش ۋە تۈزۈش ھەققىدە ئېيتىپ يۈرگەن
بولسا، ئۇنى كېڭەيتىش ۋە تولدۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى. تەكىتلەپ
ئۆتۈلگەن تۈركىي شېئىرىي ئەسەر ۋە پارسىي نەسرىي نۇسخىلىرىـ
ـنىڭ ھەممىسى بارلىق مەملىكەتلەردىن سوراشتۇرۇپ، يىغىپ
كەلتۈرۈلگەن ۋە تەق قىلىپ قويۇلغان ئىدى. مۇبارەك ئېتىبارىـ
ـنى مۇشۇ قۇتلۇق ئىشقا قاراتقان چاغدا، ئوقۇپ بەرگۈچى، چۈـ
شەندۈرگۈچى ۋە يېزىپ بەرگۈچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تائىپە كىـ
ـشىلەر ئۇنىڭ شان - شۆھرەت گېلىمىسىنىڭ بىر چېتىدە ھوشـ
ـيارلىق ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن خىزمەتكە قول قوۋۇشتۇرۇپ
تۇراتتى. تۈركىي باخشىلار ۋە پارسىي ناتىقلارنىڭ ھەربىرى ئۇ
نۇسخىلاردىن بىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ھەربىر ۋەقەنى ئېنىقلاشتا
ئۇنىڭ يۈز بەرگىنىدە ھازىر بولغان، بىرنەچچە كىشى ئۇنىڭ
قايسى شەكىلدە يۈز بەرگىنىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىرىـ
ـدەك بايان قىلاتتى. نۇسخىلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ۋاقىپ خەۋەردار
كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى ئايدىڭلاشقاندا، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكى ۋە
راستلىقى ھەققىدە ئۇ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك خاتىرى (ۋەقەلىكـ
ـنىڭ) ئەرزىمەس ئۇششاق - چۈششەك يەرلىرىگىچە ئېچىپ چۈـ
شەندۈرۈپ بېرىش جەھەتتە ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى چاچقۇچى ۋە
گۆھەر چاچقۇچى تىل بىلەن نېمىلا سورىسا، قايتا - قايتا ئادا
قىلىپ يازغۇچىلار يېزىۋالاتتى. ئۇنى تەكرار ئوقۇپ، تەكشۈرۈپ
ۋە ئېنىقلاپ چىقىشاتتى ۋە بىرەر ئەرزىمەس نەرسىدە ئېنىقسىزـ
ـلىق ۋە شۇبھە بولسا، ياكى نۇسخىلاردا (يېزىلغىنى) بىلەن
رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتقىنى ئوتتۇرىسىدا بىرەر پەرق كۆرۈلسە،
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئەلچى ۋە مەكتۇپ يوللىناتـ
ـتى. شۇ ۋەقە ھەققىدە ئېنىق بىلىدىغان، سۆزلىرىگە كۆپرەك
ئىشىنىش مۇمكىن بولغان كىشىلەردىن سوراپ بىلىۋالاتتى. شۇ
يوسۇندا ھەربىر قىسسىـنى ئېنىقـلاپ ھۇمايۇن كېڭىشىدە يېزىـ

ۋېلىنناتتى ۋە بىرنەچچە قېتىم قايتا ئوقۇپ تۈزىتىلەتتى.

قىسقىسى، بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى شۇنداق بولغانكى، مەلۇماتلارنىڭ توپلىنىشى، مەلۇم بىر تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھەربىر ۋەقەنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ جايدا بايان قىلىنىشى مۇتلەق ئۇ (ئىبراھىم سۇلتان) ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىنىڭ نەتىجىسىدىندۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن، پەرمانغا مۇۋاپىق قايسى شەكىلدە يېزىش قارار قىلىنغان بولسا، شۇ تەرتىپتە يېزىلاتتى ۋە ئالىي كېڭەشتە يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ ئاڭلىناتتى. ئالدىنقى يېزىلغان ۋە ئەسلىي نۇسخىنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ، ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىلاتتى. شۇ چاغدا ھۇمايۇن خاتىرى نېمىنى تۈزىتىشنى ماقۇل كۆرسە، بېجىرىلەتتى. ئالىي كېڭەشمىدە دەسلەپكى نۇسخىدا(128) قانداقلىكى قەلەمگە ئېلىنغان بولسا، ھەممىسى شۇ تەرتىپتە كۆچۈرۈۋېلىنسۇن ۋە قىسسىنىڭ ئەسلىي مەزمۇنىدا بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرمىسۇن دەپ قەتئىي ئەمر قىلىنغانىدى.

مەزكۇر دەسلەپكى نۇسخىدا ھەربىر ۋەقە ئۇنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرى، يەنى سەپەرلەردە يۈرۈش ۋە قونۇش ۋاقىتلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، مەنزىللەرنىڭ تەييارلىقى، مەھەللىلەر ۋە مەنزىللەر ئارىسىدىكى مۇساپىلەرنىڭ ئېنىقلىقى تولۇق ئېچىپ بېرىلسۇن، دەپ تاپشۇرۇلغانىدى. بايان قىلىشتا، تارىخقا تەئەللۇق بولغان نەرسىلەردە، (گەپ) ئۈزىراپ كەتمىسۇن دەپ، ئىبارىلار تولىمۇ ئۇجۇر - بۇجۇر قىلىنمىدى، (نۇسخا) كۆچۈرگۈچىلەر بىزار بولىدىغان تەكرارلارنىڭ بولۇشىغا كۆپ يول قويۇلمىدى، شېئىرلار بۇنىڭدىن (تاشقىرى). بىراق ئۇنىڭدىمۇ تەكرارلىق ئانچە كۆپ ئەمەس.

ئالەمنىڭ ۋەقە ۋە ھادىسىلىرى بىر - بىرى بىلەن باغلىق ۋە چىرمىشىپ كەتكەن بولغاچقا ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرى-

نىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى ئېنىقلاشتا بىرنەچچە ھېكايەت ئېيتىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ سەۋەبلىك ئالدى بىلەن شۇنىڭغا كىرىشىلدى. ئاللانىڭ ياردىمىسىز مۇۋەپپەقىيەت بولمايدۇ، مەن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا باش ئېگىمەن.

## ئەمىر قازاغاننىڭ چىقىشى

قازان سۇلتانخان ئىبنى يەسەۋۇر ئوغلان 733 (1332 — 1333) - يىلى، يەنى توخۇ يىلى چاغاتاي خان ئۇلۇسىدا خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، زوراۋانلىق ۋە زۇلۇم غۇلچىنى يايدى، قوزغىلاڭ قەدىمىنى ئادالەت ۋە ھەقىقەتنىڭ چوڭ كوچىسىدىن چەتكە باستى. كۇپۇر بىلەن قولغا كەلگەن دۆلەت زۇلۇم قىلىش بىلەن باقىي بولماس. ئۇنىڭ زۇلمى دەستىدىن خالايىقنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كەلدى. ئادالەتسىزلىكى ۋەجىدىن كىشىلەرنىڭ پىغانى پەلەككە يەتتى. ئۇ جەبىر - زۇلۇمنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندى.

يەنى، قۇرۇلتايغا چاقىرتىلغان ئۇلۇس ئەمىرلىرى بالا - چاقىسى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا يول ئالاتتى.

(بېيىت)

تەختنى ئىگىلىگەن ئۇ پادىشاھ زۇلمىتى،
قوزغاتتى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتى.

شۇ چاغلاردا تۆبەيىت ئايمىقىدىن ئەمىر قازاغان ئەڭ ئېتىبارلىق ئەمىرلەردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ بەزى

www.uyghurkitap.com

ئەمىرلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، باش كۆتۈردى ۋە سالى سارايدا لەشكەر توپلاپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە تەييارلاندى.

قازان سۇلتانخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن قوشۇن بىلەن يولغا ئاتلاندى. قەھەلفەدىن ئۆتۈپ دارايى زەنگى يېزىسى (يېنىدىكى) چۆلدە، 746 (1345 — 1346) - يىلى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولدى. ئۇ يەردە قازان سۇلتان خاننىڭ (ئوقياسى) ھالقىسىدىن ئېتىلغان ئوق ئەمىر قازاغاننىڭ كۆزىگە تېگىپ، بىر كۆزى كور بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئۇ يېڭىلدى. قازان سۇلتانخان بولسا قارشى تەرەپكە قايتتى.

شۇ (يىلقى) قىشتا قاتتىق سوغۇق بولدى ۋە (قازان سۇلتانخان) قوشۇنى ئاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سوغۇقتىن قىرىلىپ كەتتى. ئەمىر قازاغان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ لەشكەر توپلاپ، ئۇنى يوق قىلىش مەقسىتىدە قارشى تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. 747 (1346 — 1347) - يىلى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قازاندى ۋە ئۇنى يوقاتتى.

قازان سۇلتانخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە تۈركىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى 14 يىلغا يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەت ئەمىر قازاغان قول ئاستىغا ئۆتتى. (ئەمىر قازاغان) ئوگادايى قاغان نەسلىدىن دانىشمەن ئوغلاننى خانلىققا كۆتۈرۈپ، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە ئۇنى دارۇل قارارغا (ئۇ دۇنياغا) يولغا سالدى. ئورنىغا بايانقۇلى ئوغلان بىلەن سورغادۇ بىن دۇۋاخاننى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزدى.

## (نەزم)

بۇ شۇنداق بىر شاھ ئىدىكى، سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپ،
ساخاۋەت قولىنى ئېچىپ، پىتنە ئىشىكىنى قۇلۇپلىدى.

ئۇنىڭ ھىممىتىدىن دېڭىزنىڭ تاقىتى قالمىدى،
ئۇلۇغلۇقىدىن ئاسماننىڭ مەرتىۋىسى پەسەيدى.

ئۇنىڭ سەلتەنەت مۇددىتى ئون يىل (1348 — 1357) بولدى.

ئەمىر قازاغان مەملىكەتنى باشقۇرۇش، ئىشلارنى تەدبىر بىلەن ئېلىپ بېرىش، سەلتەنەت خاتىرجەملىكى تەدبىرلىرىنى (ئىشلەپ چىقىش) ۋە ئەل - يۇرتنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىش ئىشلىرىگە ئەستايىدىل كىرىشتى. (نەتىجىدە)، ئۇنىڭ پەخىرلىك ئىشلىرى شان - شەۋكەتلىك سۇلتانلار تارىخلىرىنىڭ بېزىكى، ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بايانى بولسا پەلەكتەك قۇدرەتلىك پادىشاھلار ئىشلىرىنىڭ كىرىش سۆزى بولدى.

(نەزم)

بىر جاھانپەرۋەركى تۇرغان - پۈتكىنى ئادالەتپەرۋەرلىك،
دانا ۋە ئالىيجاناپ، مۇلايىم تەبىئەتلىك.

ئۇنىڭدىن زۇلۇمغا زىيان ۋە ئادالەتكە پايدا ئىرۇر،
ئۇنىڭدىن خۇدا رازى ۋە خەلق مەمنۇندۇر.

سائادەتلىك زاماندا ھېچبىر زالىمنىڭ قولى بىرەر پۇقرانىڭ ئىشىكىنىڭ ھالقىسىنى ئەنسىز قاقمىدى ۋە ھېچبىر زالىمنىڭ ئايىغى بىرەر خانىدانىنى جاڭجال ۋە غەم - ئەندىشىگە سالمىدى.

www.uyghurkitap.com

(نەزم)

جاھان ئەھلىدىن بىرەر ھەزىلكەش ۋاپات بولغاندا،
ھايات ئۇنى بىر ھەزىل بىلەن ھۆكۈم قىلدى.

مەملىكەت ئەنە شۇنداق زىبۇ ـ زىننەتكە موھتاجدۇر،
مەملىكەتنىڭ بۈيۈك ئارزۇسى — تەڭرى ئەۋەتكىنىدۇر.

ئۇ شەرىئەتنىڭ داغدام يولىدا ھەمدە تەرىقەتنىڭ توغرا يولىيورۇقىدا پۇختا قەدەملىك، ھەر نەپەستە (ئاللاغا) ساداقەتلىك، ساخاۋەتتىدىن يوقسۇل نازۇ ـ نېمەتلەرگە كۆمۈلگەن، خەلق بولسا مەرھەمەتتىگە سازاۋەر بولغانىدى. زامانىدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەردىن بىرى — ئۇنىڭ ئەرمەك ـ سارايدىن ھىرات ئاستانىسىغا قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكى بولدى. بۇ ۋەقەنىڭ قىسقىچە شەرھى تۆۋەندىكىچە:

سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىران تەختىدە چىڭگىزخان نەسلىدىن شان ـ شەۋكەتلىك، سۆزى ئۆتىدىغان ئېتىبارلىق بىرەر كىشىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان، خۇراساندىمۇ تۈرك ئەمىرلىرى ئىلگىرىكىدەك تولۇق باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمدارلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

چاغاتاي خان ئۇلۇسىدا بولسا، قازان سۇلتان پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى؛ ئۇنىڭ چەكسىز جەبىر ـ زۇلمىدىن خەلق ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ قەلبى نەپرەتكە تولغانىدى. بۇ ھەقتە (باشتا) تەكىتلەپ ئۆتۈلدى.

مالىك غىياسىددىن ئوغلى مالىك مۇئىززىددىن ھۇسەيىننىڭ («مۇقەددىمە» دە ئۇلارنىڭ ئەسلىي ـ نەسلى ھەققىدە ئەسلىتىپ

ئۆتۆلدى) ھىراتتا ھەر تەرەپلىمە مەۋقەسى كۈچەيدى. شەيخ ھە-
سەن جوريي ۋە ئەمىر ۋاجىھىددىن مەسئۇد قاتارلىقلار تاغ يۈرەك
باتۇرلاردىن قوشۇن تۈزۈپ، مايىسىزاردىن چىقىپ، ئۇنىڭغا قاراپ
يۈرۈش قىلدى. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سې-
لىپ، مەردانىلىك يۈزىنى ئۇلارنى قارشى ئېلىش ۋە يوق قىلىشقا
قاراتتى. 743 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 13 - كۈنى (1342 -
يىلى 13 - ئىيۇل) زاۋەھ (دېگەن جايدا) ھەر ئىككى تەرەپ
قوشۇنى توقۇنۇشۇپ قاتتىق جەڭ بولدى. ئاۋۋال مالىكنىڭ قو-
شۇنلىرى يېڭىلدى ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەم ھالاك بولدى.
مالىك ئازغىنە قوشۇن بىلەن (بىر) تۆپىلىككە چىقىۋالدى ۋە تۇغ
كۆتۈرۈپ دۇمباق چېلىشقا ئەمر قىلدى. قوشۇندىن تارقىلىپ
كەتكەنلەردىن 300 كىشى يەنە ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلدى. مالىك
ئۆز ئادەملىرىگە مەدەت بېرىپ: «ئۇلار تالان - تاراج بىلەن
ئاۋارە، يەنە بىر ھۇجۇم قىلايلى» دېدى. ئەمىر مەسئۇد ئۇلارنى
كۆرۈش بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. شەيخ ھەسەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن
ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا بىر قۇتلۇق ۋەقە بىلەن
(بۇنى ھەقىقىي ئامەت دېسە بولىدۇ) ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بىر
كىشى شەيخ ھەسەن جورىينىڭ بىقىنىغا شۇنداق بىر قىلىچ سان-
جىدىكى، يەنە بىر بىقىنىدىن تېشىپ چىقتى ۋە ئۇ شۇئان جان
بەردى. ئۇ (ئىلگىرى) ئەمىر مەسئۇد سەربەدارغا: «ئەگەر مەن
بۇ جەڭدە ھالاك بولسام، سەن شۇ ھامان كەينىڭگە قايت ۋە
توختىماي قاچ» دېگەنىدى. شەيخ ھەسەن ئۆزى ئاچقان پالغا
تەلتۆكۈس ئەمەل قىلدى. ئەمىر مەسئۇد شەيخ (ھەسەن) نىڭ
ۋەسىيىتىگە بىنائەن شۇ ھامان قېچىشقا يۈزلەندى. مالىكنىڭ
قوشۇنلىرى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن غەلىبە قازىنىپ، ئىنتىقام
قىلىچىنى قايتىدىن سەربەدارلەرغا نەسىپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ
قولىغا كۆپلەپ ئولجا چۈشتى. مالىك مۇرادىغا يېتىپ، قوشۇن-
نى كۆزدىن كەچۈردى؛ مەلۇم بولۇشىچە، تالاپەت كۆرمىگەن

بىرەر كوزىمۇ قالمىغانىدى. ئەمما «(قىلىنغان) ئىش ئۇنىڭ نەتىجىسى بىلەن (باھالىنىدۇ)» دېيىلگىنىگە ئاساسەن «سەن ئۆزۈڭ خالىغان كىشىنى غالىب قىلدىڭ. سەن ناھايىتى مېھرى- بانسەن»* (دېگەن ئايەت) خەزىنىسىدىن ئېلىنغان غەلىبە ۋە فىي- رۇزە**بىلەن بېزەلگەن تونى ئۇنىڭ بەختىيار قامىتىگە ماس كەلدى. ئۇ زەپەر قۇچقان ھالدا نۇرغۇن ئولجىلار بىلەن ھىراتقا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ئىقبالىنىڭ كۆچەتلىرى باراقسان بولۇپ ئۆستى، (تېز ئارىدا) تەسەۋۋۇرى تۇمانىدىن دىمىقىنىڭ ھاۋاسىدا مەغرۇرلىنىش ۋە تەكەببۇرلۇق بۇلۇتى تۈپلىنىشقا باش- لىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى چىڭگىز شاھزادىلىرىنىڭ ئىلتىپا- تى ۋە ئەمىرلىرىنىڭ قوللىشى تۈپەيلى ھىراتتا ھۆكۈمدارلىق قىلىپ كەلگەنلىكىگە قارىماي، ئۇ مۇستەقىللىق ھەققىدە ئېغىز ئاچتى. سەلتەنەت دەۋا قىلىپ، چېدىر تىكىشكە جۈرئەت قىلدى. قۇدرەت تۇلپارىنى خانلىق مەيدانىغا قىستاپ بىرنەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ، ئەندىخۇد ۋە شىبىرغان چېگراسىغىچە يۈرۈش قىلدى.

## (بېيىت)

خەزىنە گۆھەردىن مەھرۇم بولغاندا،
ئايلانغۇسى كېلەر شىشە ياقۇتقا.

ئادالەت ۋە چىدام سائادىتى تۈپەيلى ئەمىر قازاغان ماۋەرائۇن-

---

* «قۇرئان كەرىم» 30 ـ سۈرە، 5 ـ ئايەتتىن؛ بۇ ئايەتنىڭ ئەسلىي تېكىستى مۇنداق: «ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللا غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە ناھايە- تى مېھرىباندۇر.)»

** فىرۇزە — بېزەككە ئىشلىتىدىغان ھاۋا رەڭ ئېسىل تاش. — ت

نەھر مەملىكىتىدە ئۆز ئورنىنى ئىگىلىدى. مالىك ھوسەيىن بىلەن بىر سەۋەب تۇپەيلى قېرىنداش بولغان جامىنىڭ بىر توپ ئۇلۇغ ماشايىخلىرى ئۇنىڭ ئۆزى خالىغانچە ياشاۋاتقانلىقىدىن نا-رازى بولدى ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئەمىر قازاغان ھوزۇرىغا باردى. (شۇ چاغدا) ، ئەرلات ۋە ئەپەردى ئەمىرلىرىمۇ ئەمىر قازاغانغا مالىك ھوسەيىن ھەققىدە،

(نەزم)

ئەجىبا چىڭگىزخان نەسلى تۇگىگەن بولسا،
بىرەر كىشىمۇ شاھ گۆھىرىنى ئەسلىمەيدۇ.

تېگى پەس خان تولىمۇ گىدىيىپ كەتتى،
ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەس بولدى.

دەپ ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلدى. چۈنكى (ھوسەيىن بىر چاغلار-دا) ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، كۆپىنچىسىنى ھالاك قىلغانىدى. ئەمىر قازاغان مالىك ھوسەيىنىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، تاجىكقا سەلتەنەتكە دەۋاگەرلىك قىلىشنى ۋە پادىشاھلار پەرمانى-دىن باش تارتىشنى كىم قويۇپتۇ، بىز ئوت چاقناتقۇچى ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن گىدىيىش ۋە مەغرۇرلۇق شامىلىنى ئۇنىڭ خىيالچان كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلايمىز. ئۇنىڭ شەھەر ۋە قورغانلىرىنى چاقماقتەك چاقناپ تۇرغان ئاتلار تۇيىقى ئاستىدا يەر بىلەن يەك-سان قىلىمىز ۋە باتۇرلىرىنىڭ قېنىدىن جەيھۇن دەرياسى (ھا-سىل) قىلىمىز دېدى. ئۇ مۇشۇ قارار بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇقتۇرۇشلار ئەۋەتتى ۋە لەشكەرلەر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بەل-گىلەنگەن ۋاقىتتا بەلخكە يىغىلسۇن دەپ بۇيرۇدى. ئۇ تاپشۇرۇق

ئەمەلگە ئاشقاچ، ئەمىر قازاغان بايان قۇلى خانىنىڭ ئۈزەڭگىسىدە تۇرۇپ يولغا ئاتلاندى. ئۇلۇس ئەمىرلىرىدىن ئەمىر بايان سۇلدۇز، مۇھەممەد خوجا ئەپەردى، سۇتۇلمىش، ئەمىر ئۇلجايتۇ ئەپەردى، تايغۇنىڭ ئوغلى ئەمىر ئابدۇللا، شۇنىڭدەك، بەدەخشان شاھلىرى (بەلخكە) توپلاندى (ۋە ئۇ يەردىن) ھىراتقا قاراپ يول ئالدى.

بۇ خەۋەر مالىك ھۇسەيىنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئەمىر ئاخىرنى 300 ئاتلىق بىلەن ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا بارالىغان جايىغىچە بېرىپ ۋەزىيەتنى ئېنىقلاشنى، ئەگەر چاغاتاي قوشۇنى (ئامو) دەرياسىدىن ئۆتكەنلىكى ئېنىق بولسا، تېزلىكتە كەينىگە قايتىشنى تاپشۇردى.

ئەمىر ئاخىر مۇرغاب دەرياسىدىن ئۆتكىنىدە تۇرانزەمىن قوشۇنىنىڭ جەيھۇن (دەرياسى) دىن ئۆتكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولدى. ئۇ شۇئان كەينىگە قايتتى. ۋە مالىك ھۇسەيىن ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

(نەزم)

كەپتۇ تۈركلەر لەشكەر بېشى قازاغان،
تۇراندىن قوشۇن تارتىپ ئىران تامان.

ئوقيالىرى ۋە جەڭ ناۋالىرى بىلەن
ئايلانغۇچى پەلەككە كۆتۈرۈپتۇ چاڭ ـ توزان.

بۇيرۇق بىلەن ئاپتۇ ھەممە قورال ـ ياراغ،
تۆمۈرنىڭ سۇنىقىسىز قاپتۇ تۇران.

مالىك ھۆسەيىن ئۆزىنىڭ لەشكەر باشلىقلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرىنى توپلاپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ مەسلىھەت سورىدى.

(نەزم)

تۇراندىن ئىرانغا قوشۇن ئات سالدى،
توزاندىن قۇياش يۈزى كۆرۈنمەي قالدى.

قوشۇندا تاغ كەبى چىدامliq بىر سەپ،
(ياكى) يامرىغان سەلدەك.

دەسلەپتە قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئالدۇ،
ئاندىن پولاتتىن پانا قاقىدۇ.

مالىك ھۆسەيىننىڭ دوستلىرىنىڭ ھەربىرى (ئۇنىڭغا) ئۆزى بىلگەنچە يولىيورۇق كۆرسەتتى.

تۇران قوشۇنلىرى سان جەھەتتىن كۆپلىكى ھەم ئۇچۇقچىلىقتا جەڭ قىلىشتا ئۇلاردىن باتۇرراق بولغانلىقى ئۈچۈن قوشۇنىنى (شەھەردىن) تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىشقا كۆڭلى چىدىمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ 4000 ئاتلىق ۋە ئون - ئون بەش مىڭ پىيادە لەشكىرى بار ئىدى خالاس. (شۇنىڭ بىلەن بىللە) باشتىنلا قورغان، كوچا ۋە باغلار كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى بۇ (تەدبىر) ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قورققانلىقىنى بىلدۈرۈپ، دۈشمەننىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قوياتتى. شۇڭا شەھەر سىرتىدىمۇ ياۋ بىلەن يۈزمۇيۈز بولۇپ، مەردلەرچە جەڭ قىلىشقا قارار قىلدى. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىن، پايمۇرغدىن تاكى كەھدەستانغىچە تام سوقۇپ قورشىدى ۋە (تاشقىرىدىن)

www.uyghurkitap.com

خەندەك قازدى. (كېيىن) ئۇرۇش قورال ـ سايمانلىرىنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ جەڭگە تەييارلىنىشقا باشلىدى. مالىك ھۇسەيىن (تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن) ئۆز ئادەملىرىنى جەڭگە تەييارلايتتى.

(نەزم)

جەڭدە مەردلەرچە تىرىشايلى،
(ياۋنىڭ) سانسىز لەشكىرىگە پەرۋا قىلمايلى.

يۈرەك، كۈچ ۋە باتۇرلۇقنى ئىشقا سالايلى،
دۈشمەنگە جاھاننى قاراڭغۇ ۋە تار قىلايلى.

ئەمىر قازاغان سەپلەرنى يارغۇچى لەشكەر بىلەن دەرەئى پاشتان يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەپ، كەھدەستانغا كېلىپ چۈشتى. ئەتىسى خان، ئەمىر ئۆلجايتۇ، سۇتۇلمىش ۋە باشقا ئەمىرلەر ئاتلىنىپ كازۇرگاھ ئېتىكىدە بىر ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىگە چىقتى ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن مالىك (ھۇسەيىن) نىڭ قوشۇنىغا نەزەر سالدى. ئەمىر قازاغان: «بۇ تاجىك ئۇرۇش قائىدىسىنى ۋە جەڭ قىلىشنى بىلمەيدىكەن. ئۇ تالىلغان جايدا قوشۇنى تېز-لىكتە تارمار بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرىنچىدىن ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈشى، بىزنىڭ قوشۇنلار بولسا ئېگىشىشۋېلىشى لازىم بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كۈن چىققان-دا ئۇلارنىڭ كۆزىگە چۈشىدۇ ۋە قارشىسىدىكىنى ياخشى كۆرەل-مەيدۇ» دېدى. (كېيىن) ئۇ يەردىن ئۆز لەشكەرگاھىغا قايتىپ كەلدى.

ئەتىسى قوشۇن سەپ تۈزۈپ، يۈرەكلىك بىلەن شەھەرگە

ئاتلاندى. جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا، قازاغان ئىككىلا تەرەپ-
نىڭ لەشكىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تۆپىلىككە چىقىۋالدى.
ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇردى. تۇرانزەمىن باتۇرلىرى
ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھىرات قوشۇنىمۇ ئۇلارغا قارشى جەڭگە ئاتلان-
دى. جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

(نەزم)

مەردلەرنىڭ قېنىدىن يەر دولقۇنلار شۇ دەم،
باشلار خىش بولدىيۇ، ساۋۇتلار كېپەن.

باتۇرلار يەكمۇيەك ئېلىشتى شۇنچە،
چىقاردى ئۆلۈمنىڭ چاقىرىقىن بۇ جەڭ.

تەن ئاتتىن، باش تەندىن بولدى جۇدا،
بويالدى جەڭگاھ قان دەرياسى بىلەن.

مالىكنىڭ قوشۇنى جان - جەھلى بىلەن جەڭ قىلىپ، (بىر
قىسمى ئۆلۈپ، قالغىنى) ياردار بولۇپ قېچىشقا يۈزلەندى.
كەينىدىن يەرلەرگە سۇ باستۇرغانىدى، كۆپچىلىكى پاتقاقتا ئەجەل
دامىغا گىرىپتار بولدى. ھەر خىل قىسىملار ئۇلارنىڭ كەينىدىن
يېتىپ كېلىپ، چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى؛ ھىرات قوشۇ-
نىغا چوڭ يوقىتىش بولدى.

مالىك شەھەرگە كىردى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى شەھەرگە تۇ-
تاش بولغان كوچا ۋە باغلارنى تەستە قولىدا تۇتۇپ قالدى. ئەمىر
قازاغان غالىب ئەمىرلىرى ۋە قوشۇنلىرى بىلەن ئۆز لەشكەرگا-
ھىغا قايتتى. بۇ (توقۇنۇشتىن) كېيىن ھىرات قوشۇنلىرى پەس

سىپىلدىن سىرتقا باش چىقارمىدى.

ئەتىسى، ئەمىر قازاغان شەھەرگە يىقىن جايغا كېلىپ، ئۇنى قامال قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ غالىب قوشۇنى ھەر كۈنى جەڭ قىلىپ ئالغا سىلجىپ بېرىشاتتى ۋە تۈنگىچە شەپقەتسىز جەڭ ئوتى يالقۇنجاپ تۇردى.

## (بېيىت)

شۇ يوسۇندا قىرىق كۈن ئۇرۇش بولدى،<br>ھاۋا قاراڭغۇ، يەر جاھان قانغا تولدى.

مالىك (ھۈسەيىن) قامال تەڭلىكىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، سۈلھى تۈزۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن شەھەر چوڭلىرى ۋە پېشقەدەملىرىنى (ئەمىر قازاغان ھوزۇرىغا) ۋاستىچى قىلىپ ئەۋەتتى ھەمدە بۇ يەردە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنداپ، كېلەر يىلى ئىخلاس ئىھرامىنى باغلاپ خان ۋە ئەمىر قازاغان ھوزۇرىغا بارىدىغانلىقى ۋە ئۆزىدىن ئۆتكەن خاتالىق ـ كەمچىلىكلەر ئۈچۈن ئۆزرە سورايدىغانلىقىنى (ئېيتىشنى تاپىلىدى). ئەمىر قازاغان ئادىل ۋە رەھىمدىل ھۆكۈمدار بولغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرا ۋە بىچارىلەر ناھايىتى جاپا چېكىۋاتقانلىقى ھەمدە ئۇ دىيار پۈتۈنلەي خاراب ئەھۋالغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ سۈلھىگە رازى بولدى.

## (نەزم)

بىچارە خەلق تەڭلىك ھالىغا چۈشمىش،<br>ئامالسىزلىقتىن لەھەڭنىڭ ئاغزىغا چۈشمىش.

ياخشى ئەمەس ئۇرۇشۇش ۋە قان تۆكۈش،
تېرىماي تۇرۇپ ئورۇش ھەمدە سورۇش.

مالىك ھۇسەيىن ئۇنىڭغا سوۋغات تەرىقىسىدە ئىگەر - جابدۇقلۇق ئاتلار، نەق (مەبلەغ)، بىسات - بۇيۇم قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمىر ئامان - ئېسەن ئۆز تەختىگاھىغا قايتىپ، پېقىر كەمىنەلىرى بىلەن كۆرۈشۇش شەرىپىگە ئېرىشىشكە ئالدىرىغاي، دەپ ۋەدە بەردى ۋە قەسەم ئىچىپ ئىشەندۇردى.

ئەمىر قازاغان ماۋەرائۇننەھرگە قايتىپ كەتتى. بۇ ۋەقە 752 (1351 — 1352) - يىلى، يەنى توشقان يىلى يۈز بەردى. بۇ (ئەبجەد) ھەرپلىرىدە «ز - ن - ب» («زەنب» — گۇناھ) بولىدۇ.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن مالىك ھۇسەيىننىڭ ئىشلىرى (بارغانسېرى) ئارقىغا كەتتى. مۆلچەرلىگەن ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى، كۆپچىلىكى غورىيلاردىن تەشكىل تاپقان قوشۇنلار بىرلىشىپ ئۇنى تەختتىن ئاغدۇرۇپ، ئورنىغا ئىنىسى مالىك باقىرنى قويماقچى بولدى. مالىك (ھۇسەيىن) بۇ پىتنىدىن خەۋەر تاپتى، لېكىن ئۇنى بېسىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى ۋە ئۆزىنى ئۇستىلىق بىلەن بېسىپ تۇراتتى. غورىيلار مالىك (ھۇسەيىن) بىرەر جايغا بارماقچى بولۇپ ئاتلانغان چېغىدا، پەيت كۈتۈپ ئۇنى قولغا ئېلىشنى پىلانلىغانىدى. مالىك ھۇسەيىن ئۆز سارىيىنىڭ بېغىدىن ئاتلىنىپ چىققان چاغدا غورىيلارنىڭ ئۆزئارا نېمىنىدۇ كۆزلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە پاراسەت بىلەن ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇ يەردە بىر توپ كىشىلەر بارغىسىدىن كېلىپ ئات سودىسى قىلىشىۋاتقان ۋە كىشىلەر توپلىنىپ ئۇلار بىلەن ئېلىم - سېتىم قىلىشىۋاتقانىدى. شۇ چاغدا مالىكنىڭ نەزىرى ئۇلارغا چۈشتى ۋە غورىيلارغا قاراپ، ئۇلارنى بۇلاڭلار دەپ بۇيرۇدى. غورىيلار ناھايىتى ئاچكۆزلۈك

www.uyghurkitap.com

بىلەن تالان ـ تاراج قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. مالىك پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلارغا تۇتۇق بەرمەي ئىشكەلجە قەلئەسىگە يول ئالدى. بۇ قەلئە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن ھىرات ۋادىسىدا شەھەردىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئاۋات ۋە يېمەك ـ ئىچمەك زاپىسى مول ئىدى.

753 (1352 — 1353) ـ يىلى مالىك ھۇسەيىن بەرگەن ۋەدىسىگە بىنائەن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئەمىر قازاغان ئۇنى ھۆرمەت ـ ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدى، ئاندىن ئالىي ئېتىبار بىلەن تەقدىرلەپ، غورىيلار ئۇنىڭ ئىنىسى مالىك باقىرغا ئېلىپ بەرگەن ھىراتنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇش خۇشخەۋىرىنى ئېيتتى، لېكىن ئۇلۇس ئەمىرلىرى مالىك ھۇسەيىننى يامان كۆرۈشەتتى. ئۇزلۇكسىز ھالدا ئەمىر قازاغانغا ئۇنى قاماققا ئېلىش ھەققىدە تەۋسىيە قىلاتتى. ئەمىر قازاغان ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمىگەچكە، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، مالىك ھۇسەيىننى ئۆلتۈرىمىز ۋە ھېچكىم بۇ ھەقتە دەۋا قىلمايدۇ، دېگەن قارارغا كېلىشتى. ئەمىر قازاغان ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى ۋە مالىك (ھۇسەيىن) نى چاقىرتىپ ئەمىرلەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەردى ھەمدە «ئەڭ ياخشىسى ساڭا بىرەر زەخمەت يەتمەستە، بۈگۈن كېچىلا ئۆز يۇرتۇڭغا قايتقىنىڭ تۈزۈك» دېدى. مالىك (ھۇسەيىن) مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى ۋە قاراڭغۇ چۈشكەندە ھىراتقا قاراپ يول ئالدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىدا، غۇلغۇلا قىلماستىن شەھەرگە كىردى ۋە قورغاندا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ مالىك باقىرنى تۇتۇپ قاماتتى.

شۇ چاغلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن (يەنە) بىرى، ئەمىر قازاغاننىڭ ئوغلى ئەمىرزادە ئابدۇللانىڭ سەمەرقەنددىن قوشۇن تارتىپ خارەزمگە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇنى ئىشغال قىلىشى ئىدى.

ئەمىر قازاغان قىش مەزگىللى سالى سارايدا تۇراتتى. باهاردا قارانەۋەر گۈلزارىغا كۆچەتتى. يازدا ۋە كۈزدە مۇنكدا تۇرۇش بايرىقىنى تىكەتتى. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى شىكار قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېھتىياتچانلىق قائىدىسىگە ئەمەل قىلىشنى ئۇنتۇپ ۋە هوشيارلىق شەرتىگە رىئايە قىلىشتىن غەپلەتتە قېلىپ، ئون - ئونبەش كىشى بىلەن، قورال - ياراغسىز سالى سارايدىن (شىكارغا) ئاتلاندى. ئۇ جەيھۇن (دەرياسى) دىن ئۆتۈپ ئوۋ ئوۋلاشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى، شاھلاردەك ئوۋ بۈركۈتىنى قۇشلارغا قاراپ ئۇچۇردى. توساتتىن ئەجەل بۈركۈتى «قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ»* (دېگەن ئايەت) پىستىرمىسىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ روھىي قۇشىغا پەنجە سالدى. (يەنى)، ئەمىر قازاغاننىڭ كۈيئوغلى ئورنات ئايمىقىدىن قۇتلۇق تۆمۈر بۈرۇلداي ئوغلى ئۇزۇندىن بېرى ئۆچ ئېلىش پىستىرمىسىدا هازىرقىدەك بىر قۇلاي پەيتنى پايلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئىمكانىيەت تاپتى. ئۇ بىر توپ خائىنلار بىلەن هۇجۇم قىلىپ، ئادالەت شوئارلىق داڭلىق (پادىشاھنى) خائىنلىق ئوقى بىلەن غۇلىتىپ، زۇلۇم قىلىچى بىلەن شېھىت قىلدى.

(نەزم)

يولىيورۇقلىرى ئۇرۇشۇش ۋە ئۆچ ئېلىش،
هەۋىسى قان تۆكۈش ۋە قىرغىن قىلىش.

كىيىمى ساۋۇت، كېچە - كۈندۈز ئورنى ئىگەر،
يەر بىلەن ئات ئۈستى، هاۋا قىساس توزىڭى.

---

* «قۇرئان كەرىم»، 4 - سۈرە، 78 - ئايەتتىن.

ئەمىر قازاغاننىڭ ئەمىرلىرى ۋە خاس كىشىلىرىدىن بولغان بىر توپ ئادەم قۇتلۇق تۆمۈرنىڭ كەينىدىن ئات سېلىپ قوندۇز ئەتراپىدا يېتىشىۋالدى ۋە ئۇنى قورشىلىۋېلىپ ئىنتىقام قىلىچىدىن ئۆتكۈزدى.

(بېيت)

ياۋۇزنىڭ ھاياتى ياخشى ئاياغلاشماس،
قەبھىدىن پۈتۈن جاھان ئۆچ ئېلىشنى ئۈنتۇماس.

ئەمىر قازاغاننىڭ جەسىتىنى سالى سارايغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىشتى. ئۇنىڭ روھى جەننەتتە نۇرلارغا چۆمگەي.

بۇ ۋەقە 759 (1357 — 1358) - يىلى، يەنى ئىت يىلى يۈز بەردى.

## ئەمىرزادە ئابدۇللا ئىبنى قازاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى

ئەمىر قازاغاننىڭ (ئۆلۈمى) ۋەقەسىدىن كېيىن ئەمىرزادە ئابدۇللا سەمەرقەندىدىن كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

دەسلەپكى چاغلاردا (بايان قۇلىنى) ئالدىنقى كېلىشىمگە ئاساسەن خانلىققا تەيىنلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ زامانىدا مەلۇم مۇددەت سەمەرقەندىدە ياشىغانلىقى ۋە فىردەۋس دىيارىنىڭ كۆڭۈللۈك باغۇ - بوستانلىرى يېقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دۆلىتىنىڭ مەركىزى شۇ يەردە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ سەمەرقەندكە يول ئالدى ۋە بايان قۇلى خانىنمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمىر قۇتغۇ ۋە باشقا ئەمىرلەر ھەمدە ئاتىسىنىڭ

دۆلەت ئەربابلىرى نەسىھەت بىلەن خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ، ئاتا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىش ئەقلىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ھەرقانچە ئۇقتۇرسىمۇ كار قىلمىدى.

(بېيىت)

ئۇ كىشى ئەزىزلەر تەلىمىگە سالماي قۇلاقىنى،
كۆپ چىشلىگەي نادامەت بارماقىنى.

شۇ يەردە ۋە شۇ يىلى ئۇ بايان قۇلى خاننى ئۇنىڭ ھەرىمىگە* نىسبەتەن شۇم نىيىتى بارلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا تۆمۈر شاھ ئوغلان يىسۇن تېمۇرخان ئوغلىنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. بايان قۇلى خاننىڭ جەسىتىنى بۇخاراغا ئېلىپ كېلىپ، ئالەم شەيخى سەيفىددىن باخارزىيىنىڭ (ئۇنىڭ قەبرىسى نۇرغا تولغاي) مۇكەررەم مازارىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىشتى. ئۇنىڭ قەبرىسى جەننەتنىڭ ئۆچمەس شامى بىلەن نۇرغا تولۇپ تۇرغاي.

## بايان سۇلدۇزنىڭ قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكى ۋە ئەمىرزادە ئابدۇللانىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى

«كىمكى يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ»** (دېگەن ئايەتنىڭ) ھۆكۈمىگە ئاساسەن

---

* ھەرىمى — خوتۇنى. — ت
** «قۇرئان كەرىم»، 4 ـ سۈرە، 123 ـ ئايەتتىن.

www.uyghurkitap.com

بايان قۇلى (خان) نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئەمىرزادە ئابدۇللاغا قۇتـلۇق ئىش بولمىدى.

ئەمىر بايان سۇلدۇز لەشكەر تۈپلاپ ھىسارى شادماندىن سەمەرقەندگە يۈرۈش قىلدى. كېيىن چېگراسىغا يېتىپ كەلگىنىـدە، ئەمىر ھاجى بەرلاس ئىبنى بورىلغىي ئىبنى نەمۋلە ئىبنى يىسۇ مۇنكا ئىبنى قاراچار سەردار ئۆزىنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە ئۇلار بىرلىكتە ئەمىرزادە ئابدۇللاغا قارشى يۈرۈش قىلدى. جەڭ قىلىپ ئۇنى ھەيدىۋەتتى، ئىنىسى ۋە ئۇ خانلىققا كۆتۈرگەن تۆمۈر شاھنىمۇ (مەنسەپلىرىدىن) ئېـلىپ تاشلىدى.

(بېيىت)

يامانلىق قىلساڭ ئاپەتتىن ئامان بولمىغايسەن
(چۈنكى) تەبىئەت ئۈچۈن ئىنئام بېرىش ۋاجىبدۇر.

ئەمىرزادە ئابدۇللا قېچىپ، جەيھۇن (دەرياسى) دىن ئۆتتى ۋە باقلاننىڭ يۇقىرىسىدىن مېڭىپ ئەندىرابغا باردى. ئۇ شۇ يەردە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمىر قازاغاننىڭ بارلىق ئۇرۇق - جەمەتى ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتتى. ئەمىر بايان سۇلدۇز ۋە ئەمىر ھاجى بەرلاس شۇ چاغدا ئېتىبارلىق سەردارلاردىن ۋە داڭلىق ئەمىرلەردىن بولۇپ، شان - شەۋكەتلىك ۋە قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇلار مەملىكەتنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىپ ئىدارە قىلىش ۋە پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئەمىر بايان (سۇلدۇز) مۇلايىم ۋە كىشىگە ئازار بەرمەيدىـغان، بىراق ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن كىشى ئىدى. غۇنچە بىلەن لالىدەك، كوزا ۋە پىيالىسىز كۈنى ئۆتمەيتتى. بىر يىلدا

بىر ھەپتە ھوشيار بولمايتتى. تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەينىكىدە، «پەقەت مەي يەل ئەمەس، باشقىسى (پۇتۇنلەي) يەلدۇر» نەقىشىدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياماندىلىق ۋە تەرتىپسىزلىك بۆرىلىرىنىڭ چىشلىرى ئۆتكۈرلىشىپ، يۇرت ئەھۋالىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. ئەمىرلەر ۋە سەردارلاردىن ھەربىرى ئۆزى (باشقۇرۇپ) تۇرغان جايدا ھىيلە ـ نەيرەڭ خىيالىنىڭ قەلىمى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە يەككە ھۆكۈملۈك قىلىش بايرىقىنى تىكتى. قول ئاستىدا ئادىمى بار بولغان ھەركىمنىڭ خىيال قۇشى كاللىسىنىڭ بالخانىسىغا يولباشچىلىق ۋە مەغرۇرلۇق ئۇرۇقىنى تېرىدى. كىمنىڭ بىرئاز كۈچى بولسا، ئارزۇ بوركۈتى سەلتەنەت سەۋداسى ھاۋاسىدا قانات قاقاتتى.

ئىلگىرىدىن ساھىبقىران ئائىلىرى ۋە ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا تېگىشلىك بولغان كېش شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يان ئەتراپلىرى ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. خوجەندنى ئەمىر بايەزىد جەلايىر باشقۇراتتى. بەزى ۋىلايەتلەر ئەمىر ھۈسەيىن ئىبنى مۇسلا ئىبنى ئەمىر قازاغان ئىختىيارىدا بولۇپ، ئۇ قوشۇن ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا دەۋاگەرلىك قىلاتتى. بەلخدە ئۇلجاي بۇغا سۇلدۇز ئۆز جەمەتى بىلەن ھۆكۈمرانلىقتىن سۆز ئاچاتتى. شىبىرغاندا مۇھەممەد خوجا ئەپەردى، نايمان جەمەتىدىن شۇ يوسۇندا ئىش تۇتقان ئىدى. بەدەخشان شاھلىرى ئۆز تاغلىرىدا باشقىلارغا باش ئەگمەيتتى. كەيخۇسراۋ ۋە ئۇلجايتۇ ئەپەردىمۇ خەتلان ۋە ئەرھاڭ ۋىلايەتلىرىدە خۇددى شۇ يولنى تۇتقانىدى. قەدىمي يۇرت سەمەرقەند ناھىيىسىدىكى سەرىپۇل ۋە تانكەنتتە بولغان ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىي بارلىق ياسەۋۇرىيلارنى (ئەتراپىغا) يىغىپ ھېچكىمگە پىسەنت قىلمىغانىدى. بۇ تۇرلۇك ـ تۇمەن تائىپىلەر ئارىسىدا خېلى ئۇرۇش ـ جېدەللەر بولۇپ ئۆتتى. نۇرغۇن ئادەملەر نابۇت بول-

دى. جۇملىدىن مۇھەممەد خوجا ئەپەردى بىلەن قەمىستان ھاكىمى ئەمىر سۇتۇلمىش مالىك مۇئىزىددىن ھۇسەيىننىڭ كۆزىتىشى ۋە ئۇرۇشلىرىدىن بېزىپ كەتكىنىدىن ماۋەرائۇننەھرگە قايتقاندى. ئۇ يەردىن قايتىپ، ئەمىر مۇھەممەد خوجا بىلەن بىرلەشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق بارلىققا كەلدى. ئىككىيلەن ئىتتىپاقلىقتا مالىك ھۇسەيىنگە قارشى يۇرۇش قىلىشقا ۋەدىلەشتى ۋە شۇ ئاساستا زور قوشۇن تۈزۈپ، ھىراتقا قاراپ يول ئالدى. مالىك ھۇسەيىنمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. مۇھەممەد خوجا ۋە سۇتۇلمىش ئىنتايىن مەغرۇرلۇقتا بىرلىپ كېتىپ، ئۆزلىرىچە، «مالىك (ھۇسەيىن) نى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلمىغۇچە (ئاتنىڭ) تىزگىنىنى تارتمىغايمىز» دېگەندى.

مالىك (ھۇسەيىن) مۇرغاب دەرياسىدىن ئۆتۈپ ياپاغۇ دالىسىدا ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى توقۇنۇشقاندا، مۇھەممەد خوجا ۋە سۇتۇلمىش ئالدى بىلەن، قىلىچ يالىڭاچلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇ چاغدا بىر غارايىپ ۋەقە يۈز بەردى: مالىك (ھۇسەيىن) نىڭ قوشۇنى سېپىدىن ئېتىلغان ئىككى ئوق توپتوغرا بۇ ئىككى باشلىققا كېلىپ تەگدى ۋە ئىككىلىسى ئاتتىن يىقىلىپ ھالاك بولدى. (تەڭرى) يارانقانلارنىڭ باشقا بىرىگە ھېچبىر زىيان يەتمىدى.

**(بېيىت)**

زەررىچە تۇپراقمۇ ئادەم قېنىغا ئارىلاشمىدى،
بىر تال چۇمۇلىمۇ ئاياغ ئاستىدا ھالاك بولمىدى.

شۇنچە كۆپ سانلىق ۋە شەۋكەتلىك قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ تىزۋىپ كەتتى.

قىسقىسى، تارقاقلىق تۆپەيلى چاغاتاي ئۇلۇسىدا بالايىئاپەت ئوتى (بارغانسېرى) يالقۇنلىدى. پىتنە ۋە غەۋغا ئەۋجىگە چىقتى، بىچارە خەلق تەشۋىش ۋە پەرىشانلىقلار ئات - چاپلىرى ئاستىدا قالغانىدى.

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتىگە قوشۇن تارتقانلىقى

مەزكۇر ۋەقەلەردىن[129] كېيىن، ماۋەرائۇننەھر دىيارىنىڭ ئەھۋالى چۇشكۇنلۇككە يۈز تۇتۇپ، چاغاتاي خان نەسلىدىن بولغان جەتە پادىشاھى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبنى ئەمىل خوجا ئىبنى دۇۋاخان 761 - يىل رەبىيەھىسانى (ئېيى) دا يەنى چاشقان يىلى (1360 - يىلى، يانۋار - فېۋرال) ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەل - جەمەتىنى يىغىپ قوشۇن تۈزدى ۋە يۇرتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇ- رۇش ئارزۇسى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. چۈنكى نەسلى - نەسەب جەھەتتىن بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭغا تېگىشى كېرەك ئىدى[130].

تۇرمەشىرىنى خان ۋاپاتىدىن (1327 - يىلى) تا ھازىرغىچە (1360 - يىلىغىچە) 33 يىل ئۆتكەن بولۇپ، بۇ دەۋردە چاغاتاي خان ئۇلۇسىدا سەككىزخان ھۆكۈم سۈردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان خوجەند دەرياسى[131] يېنىدىكى تاشكەنت چۆلىدە[132] جايلاشقان چاناقبۇلاق مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ، قەرايىت[133] ئايمىقى[134] دىن ئۇلۇغ توقا تۆمۈر، ئەركەنتۇ ئايمىقىدىن ھاجى بەگ ۋە قاڭلى ئايمىقىدىن بىكىجەكلەرنىڭ ماڭلاي[135] شەكلىدە ئالدىدا بېرىشلى- رىنى ماقۇل كۆردى. ئۇچىلا ئەمىر پەرمانغا مۇۋاپىق ئالدىدا ماڭدى. خوجەند دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەمىر بايەزىد

جەلايىر ئىناۋەت قەدىمىنى سۈلھى يولىغا قويدى ۋە ئۆز خەلقى بىلەن ئۇلارغا كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلار بىرلىكتە شەھرىسەبىز تەرەپكە يۈزلەندى.

ئەمىر ھاجى بارلاس[136] كېش، قەرشى ۋە شۇ ئەتراپتىكى لەشكەرلىرىنى توپلاپ ئۇلارغا قارشى مۇداپىئە تەييارلىقى قىلىش ۋە يولىنى توسۇشقا ئاتلاندى. بىراق بۇ قارارنى ئۇزۇل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ماقۇل كۆرمىدى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى توقۇنۇشماستىن بۇرۇن خۇراسان تەرەپكە ئالدىرىدى.

(نەزم)

جەڭ باشلانماستا توغرا ئۇسۇلى،
ئۇرۇشۇشتىن ئەۋزەلدۇر سۈلھى يولى.

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ھاجى بارلاس بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكى ۋە جەيھۇن دەرياسىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىرلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى

(نەزم)

رىغبەت شىجائەتتىن ئالدىن تۇرسا، ئىككى شىجائەتتۇر،
ئۇ بىرىنچى ۋە بۇ بولسا ئىككىنچى ئورۇندىدۇر.

ئۇلار ئىككىلىسى ئۆزئارا قوشۇلسا ئەركىن،
ئىگەللەر ھەرقانداق يەرنىڭ يۈكسەكلىكىن.

ئالىي ۋە مۇقەددەس ھاكىم (ئاللا) نىڭ كامىل ھىممىتى ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى بىردىنبىر مەۋجۇت سەۋەب بىلەن باغلىق قىلىپ قويغان ۋە ھەرقانداق مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى قانداقتۇ بىر باھانە ۋاستىچىلىقى بىلەن باغلىغان. ئاللانىڭ مەرھەمىتىنىڭ سايىسى بولغان سەلتەنەتنىڭ نازۇك ئىشى ئىككى ئىنسانىي خەيرلىك خىسلەتكە تايىنىدۇ. بىرىنچى، ئۆتكۈر رىغبەت؛ ئەگەر بىرەر ياخشى ۋەقەنىڭ تونى قاراڭغۇلۇشىپ قالسا، ئۇنىڭ نۇرلىرىنىڭ يورۇقى ئامانلىق ۋە نىجاتلىق تەرەپكە باشلاپ بارالايدۇ.

(نەزم)

بىر رىغبەت بىلەن پۈتۈن لەشكەرنىڭ بېلى سۇنار،
بىرلا قىلىچ يۈزلەرچە ياۋنى قىرار.

ئىككىنچى، كامىل شىجائەت؛ ئۇ ئۇرۇش ۋە پىتنىلەر دولقۇنلىرى ئەۋج ئالغان چاغدا قەلب كۈچى ۋە جەڭگىۋار سالماقلىق بىلەن مەردانىلىك ۋە چىدام ئايىغىنى تىرەپ تۇرالايدۇ.

(نەزم)

بەكمۇ تەڭلىككە چۈشۈپ قالغان ئان،
جىگەر كېرەك ئاڭا ۋە لەختە قان.

دەرىجىسىگە قاراپ، رىغبەت شىجائەتتىن ئالدىن تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەۋزەلدۇر. تەدبىرنىڭ پايدىلىرى ئوق پايدىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ۋە مۇكەممەلدۇر. قىلىچ گەرچە تىلى ئۆتكۈر-

لىكتە بىر نىشانە، يەنى ئىنىق غەلىبە نىشانىسى بولسىمۇ، ياخشى رىغبەت مەسلىھەتىدىن ساۋاق ئالىدۇ. نەيزە جەڭ مەيدانىدا شامـ دەك پارلاپ تۇرسىمۇ، زەپەر شامى توغرا تەدبىر نۇرىدا يانىدۇ. قىلىچ ھۆكۈمى توغرا پىكىر خەۋەرچىسى تەرىپىدىن كەلسە، دۈشـ مەنلەر بويۇن ئېگىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر خەۋەرمۇ تەدبىر باياندىن ئىبارەت بولسا، دۈشمەن قەلبىدىن ئورۇن ئالىـ دۇ. ئىقبال كۆزىنىڭ روشەنلىك ۋە سەگەكلىكى جەڭ مەرىكىسى غۇبارىدىن ئاشىدۇ ۋە جەڭ مەرىكىسى قاراڭغۇلۇقىدا يارقىن پىـ كىر يورۇقلۇقى قول بولىدۇ.

(نەزم)

ياخشى رىغبەت بىلەن تۈزۈلگەن بىر تەدبىر،
ئۈستۈندۈر قۇم دېڭىزىدەك يۈز لەشكەردىن.

بۇ تەدبىرنىڭ تەستىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەمىر ھاجى بارلاس جەتە قوشۇنىنىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدىن قورقۇنچقا چۈـ شۈپ، قەدىم يۇرتىنى تاشلاپ، خۇراسان تەرەپكە يول ئالدى ۋە چۆلدىن ئۆتۈپ جەيھۇن دەرياسى بويىغا يېتىپ باردى.

(نەزم)

جاھان ھاكىمى جەمشىد[137]تەك قەدىرلىك، پەلەكتەك ئۇلۇغۋار،
قىيامەتتەك دەھشەتلىك، قوشۇنى يۇلتۇزلارچە بار.

پەلەكتەك قەدىرلىك تۆمۈر، دېڭىزدەك ساخاۋىتى،
ئاتا بولغاي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئېنىق بىلدىكى، ئەگەر بۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋر قىلىدىغان بولسا، ئەسلىي ۋەتىنىنى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى. (ئاتا) مىراس جاي، (ئايەت-تە تەكىتلەنگىنىدەك)، «تۆپتۈز» يەرگە ئايلىنىپ قالاتتى. چۈن-كى ئاتىسى ئەمىر تەرەغاي[138] شۇ يىلى[139] ھەق دەرگاھى رەھمى-تىگە قوشۇلغانىدى[140].

(نەزم)

ئاتا كەتكەن، تاغا قاچقان،
بىگانىدىن ئۆلكە بولغان پەرىشان.

دۈشمەن كۈچلۈك، ئۇلۇس خەتەردە قالغان،
بالا ـ قازا بۇركۈتى قانىتىنى ياىغان.

ئەنە شۇنداق ھالەتتە، تېخى ئۇنىڭ مۇبارەك يېشى يىگىرمە بەش چېگراسىدىن ئۆتمىگەن ۋە نۇرلۇق قەلبىنىڭ ئەينىكى تۇر-مۇش تەجرىبىلىرى پەدىزىدىن جۇلا تاپمىغان بولسىمۇ، ئىلاھىي مەدەت نۇرلىرىنىڭ ئەكس ئېتىدىغان جايى ۋە ئۇنىڭ ئىنايەتلىرى سىرلىرىنىڭ چۈشۈش ئورنى بولغان مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇ-چى رىغبىتىنى ئۇ دەھشەتلىك پالاكەتنىڭ ھەل بولۇشىغا قاراتتى. «ئۇلار ئىش چىققاندا كېڭەش قىلىدۇ» دېگەن سۈننەتكە ئەمەل قىلىپ، مەسلىھەت شەكلىدە ئەمىر ھاجى (بارلاس) نىڭ قەلبىگە تۆۋەندىكى مەسلىھەتنى ھاۋالە قىلدى: «ئەگەر مەملىكەت ھاكىمـ-سىز قالسا ئۇنىڭغا سۆزسىز كۆپ قىيىنچىلىق يەتكەي، ئەل ۋە ئۇلۇسى رەقىبلەر غەزىپى ۋە باسقۇنچىلىقى زىيىنىدىن پۈتۈنلەي خانىۋەيران بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

(نەزم)

باشسىز دۆلەت خۇددى جانسىز بەدەندۇر،
جانسىز تەن ئەھۋالى سۆزسىز بۇزۇلۇر.

ياخشى كېڭەش شۇكى، ئەگەر سىز خۇراسان تەرەپكە بارار بولسى- ڭىز، مەن كېش تەرەپكە قايتسام، ئۇلۇسقا تەسكىن بېرىپ، ئۇ يەردىن خان خىزمىتىگە ئۆتسەم، ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشسەم، شۇندىلا ۋىلايەت خاراب بولمىغاي. پۇقرالار ياراتقان تەڭرىنىڭ (پادىشاھلارغا تاپشۇرۇلغان) ئامانىتىدۇر. ئۇ- لار قىيىنچىلىق زەخمەت ۋە تەشۋىشكە چۈشمىگەي.» ئەمىر ھاجى (بارلاس) ئىلاھىي ئىلھام نەتىجىسى بولغان بۇ سۆزدىن سائادەت ۋە ئىقبال ئەترىنى پۇرىدى ۋە ئۇ پىكىرنى ماقۇل كۆردى.
ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرى دۆلەت تىزگىنىنى (ئۆز) دىيارى تەرەپكە بۇراپ، يولىغا راۋان بولدى. خۇزار[141] مەھەللى- سىگە يېتىپ كەلگىنىدە، ھاجى مەخمۇت شاھ ياسەۋۇرىينى ئۇچ- راتتى. ئۇ جەتە قوشۇنىنىڭ ماڭلىيىغا باشچى بولۇپ، چوڭ بىر توپ بىلەن ئالدىراش ھالدا يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار تەمە چىشىنى ئۇ دىيارنى تالان - تاراج قىلىشقا بىلىگەن، ئىستەك ۋە ئارزۇ قاپلىرىنى شۇ ئەتراپنىڭ زاپاس بايلىقلىرى ھەمدە ماللى- رىغا تىككەنىدى. ھەزرىتى ساھىبقىران كۆنسايىن ئېشىپ بېرى- ۋاتقان دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ: «سىلەر سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ ئەمىرلەر بىلەن كۆرۈشەي. ئۇلارنىڭ رازىلىقىغا قاراپ ۋەزىيەت يار بەرسە ۋە مەسلىھەت تەقەززا قىلسا، مەقسەتكە يەتكەي» دېدى.
ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار سۆزى پۈتۈنلەي ساماۋىي دۆلەت ئىلھامىنىڭ تەلىمىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، تەقدىر ھۆ- كۈمىدەك، ھېچقانداق ساھەدە ئەسلا رەت قىلىنمىدى. شۇبھە-

سىز، ئۇلار (ۋىلايەت ئۇستىگە) يۈرۈش قىلىشقا قانچىلىك جەزم قىلغان بولسىمۇ، بىراق شۇ يەردە توختىدى. ساھىبقىران ئالىيـ لىرى بەختىيار ھالدا يولىغا راۋان بولدى. كېشگە قەدەم باسقىنىـ دا، جەتە ئەمىرلىرىمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۇچىلا ئەمىر[142] بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئۇنىڭ مۇبارەك ھۆسنىدە ئىلاـ ھىي شەپەق ئۇچقۇنىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھۇمايۇننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىنى ھەر خىل ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇلۇغلىـ دى ھەمدە (تۇغلۇق تۆمۈر) خانغا تەۋەلىك ئىزھار قىلغانلىقى ئۈچۈن ماختاشلار بىلەن ئالقىشلىدى. ئەمىر قاراچارنىڭ تۇمەنى* نى ۋە كېش دىيارىنىڭ خەلقلىرىنى تەۋە ۋە ياندىش يەرلەر بىلەن بىللە ئۇنىڭغا تېگىشلىك قىلدى.

مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچىنىڭ رىغبىتى تۈپەيلى، ئۇ دىـ يارغا يۈزلەنگەن قىيىنچىلىق ۋە بالايىئاپەت كەلكۈنى بېسىلدى ۋە ئەل ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئىلتىپات ۋە ئېھسان يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى.

(نەزم)

شادلىققا ئايلىنار سەن تۈپەيلى غەم،
ئەبەدىي بولار نەزىرىڭدىن ئۆمۈر ھەم.

ئەل كەلتۈرسە كوچاڭدىن دوزاخقا تۇپراق،
ئابىھاياتقا ئايلىنار يالقۇنى مۇتلەق.

دېگەن سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى ئەمەلدە نامايان بولدى. (بۇ يەردە) يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئادەملەر (ساھىبقىران) ئالىيلىرى مۇۋەپپەق بولغانلارنى بىر چوڭ بەخت دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بىراق تەقدىر،

---

* تۇمەن — مەمۇرىي رايون. — ت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

(شېئىر)

بويۇك تېخى تاڭ شامىلى، چىقمىدى غۇر ـ غۇر،
چىققىچە تاڭ شامىلى سەن كۇتۇپ تۇر.

دەپ ئۇزلۇكسىز تەكىتلەپ تۇراتتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى جەتە ئەمىرلىرى يېنىدىن قايتىپ كەلدى ۋە ئىلتىپات سايىسىنى ئۇلۇسىنى باشقۇرۇش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش (ئىشىغا) سالدى. شەھرىسەبزدىن تا جەيھۇن دەرياسى ياقىسىغىچە (بولغان) بارلىق قوشۇنلارنى جەم بولۇشقا پەرمان قىلدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ لەشكەر توپلاندى. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىيغا (بىرىپ) قوشۇلدى. بۇ ھەقتە جەتە ئەمىرلىرى ئارىسىدا چىقىشالماسلىق پەيدا بولدى ۋە ئۇلار بارلىق قوشۇنلىرىنى ۋە ئۇ ئەتراپتىن يۇك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ قايتىپ، تۇغلۇق تۆمۇرخان قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئەمىر بايەزىد جەلايىر[143] ئۆز قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىيغا كېلىپ قوشۇلدى.

# ئەمىر ھۇسەيىن[144]نىڭ ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن جەڭ قىلىشقا قوشۇن تارتقانلىقى ۋە ئەمىرلەردىن مەدەت سورىغانلىقى

ئەمىر قازاغاننىڭ نەۋرىسى ئەمىر ھۇسەيىن تېزلىكتە كابۇلدىن ئاتلىنىپ، ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن جەڭ تەرەددۇتىغا

چۈشۈپ، قوشۇن تۈزۈش ۋە قوراللاندۇرۇشقا باشلىدى ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ ھەزرىتى ساھىبقىران، ئەمىر بايەزىد جەلايىر ۋە ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىيدىن ياردەم سورىدى. ئۇلار كېڭىشىۋالغىنىدىن كېيىن مۇنداق قىلىشنى توغرا تاپتى: ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە ئەمىر ياسەۋۇرىي (ئىككىيلەن) ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ ئىلتىماسىنى قاندۇرىدىغان بولدى. ئەمىر بايەزىد بولسا، جەتە ئەمىرلىرىدە تۆھمەت ۋە يامانلىق قىلىشقا مادار قالمىسۇن دېگەن مەقسەتتە، تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى توغرا تاپتى. ئەمىر بايەزىد بۇ پىلانغا بىنائەن يولغا چىقتى. خوجەند ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلگىنىدە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن يەنە قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە چۇ دەرياسى[145] بويىدا ئۆز ئۇغرۇقى[146] بىلەن بىرلەشكەنلىكى خەۋىرىنى ئاڭلاپ مۆلچەرلىگەن ئويىدىن ياندى ۋە شۇ يەردە توختاپ تۇردى. باشقا تەرەپتە بولسا ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە ئەمىر خىزىر تەرتىپكە سالغان قوشۇن بىلەن ئەمىر ھۈسەيىنگە ياردەمگە باردى.

(نەزم)

بىر تەكشى سەپلەنگەن ھىمايە چېغى،
ھۇجۇمدا ھەممىسى سەپنى يارغۇچى.

قىلىچلىرى زەخمىدىن چەرخ[147] ئىڭرىدى،
نەيزىسى بېرىدۇ ئۆلۈم خەۋىرى.

ئورمان ئارسلانلىرى بىلەن ياستۇقداش،
تاغ قاپلانلىرى بىلەن ئىدى ئۇرۇقداش.

ئۇلار دەربەندى ـ ئاھەنىن[148] دەپ ئاتىلىدىغان قەلئەدىن ئۆتۈپ، ئەمىر ھۆسەيىنىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى ۋە بىرلىشىپ ھىسارى شادمان[149] غا يۈرۈش قىلدى. چۈنكى ئەمىر بايان سۇلدۇز شۇ يەردە ئىدى. ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئۆز ئىمكانىيىتى دەرىجىسىدە كۆرمىگەچكە، قېچىشنى ئىختىيار قىلىپ، بەدەخشانغا يول ئالدى. ئۇلار يېقىندىن كۆزىتىپ ماڭغانىدى، بەدەخشانغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسى قېچىپ كېتىپ، مەملىكەت. ئەمىر ھۆسەيىنىنىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى.

(ئەمىر ھۆسەيىن) يۇرتنى ئىشغال قىلىپ ئۆز قول ئاستىغا كىرگۈزۈۋالغاچقا، كەيخۇسراۋ خەتلانىيىنىڭ بۇرادىرى كەيقۇ بادنى ياساقتا يەتكۈزدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە ئەمىر خىزىرلارنىڭ قۇتلۇق مەدىتى تۈپەيلى ئەمىر ھۆسەيىنىنىڭ ئۈمىد سەھىپىسى دۆلەت ۋە ئىقبال نەقىشلىرى بىلەن زىننەت تاپتى ۋە (بۇ ياخشىلىق ئۈچۈن) مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھەمدە رەھمەتلەر ئېيتىش رەسمىيىتىنى ئورۇنلايتتى.

ئۇلار قايتىشقا جەزم قىلىپ يولغا ئاتلاندى ۋە

(نەزم)

زەپەر تىزگىنىدە، نۇسرەت ئۈزەڭگىدە،<br>يېڭى بەختتىن بولۇپ شاد ـ خۇرام،

دەپ، سائادەتلىك يۈزلىرىنى ئۆز يۇرتى تەرەپكە بۇرىدى. ئەمىر خىزىرنىڭ يولى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ يۇرتى ۋە دىيارىدىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن شاھانە ساخاۋەت مېھماندارچىلىق قائىدىسىنى پادىشاھلارغا خاس ھالدا بەجا كەلتۈرۈشنى لايىق تاپتى ۋە

بەدەخشاننىڭ كەسىم مەھەللىسى[150] دە بالدۇرراق يولغا چىقتى. (ئادەتتە) ئۇ يەردىن شەھرىسەبزگىچە 15 كۈندىن ئارتۇق مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، (بىراق ساھىبقىران ئالىيلىرى) ئۇنى تۆت كېچە - كۈندۈزدە بېسىپ ئۆتۈپ، چاشگاھ ۋاقتىدا كېش ۋايىلىقىنىڭ ئۇلۇغمەيدان (مەھەللىسىگە) كېلىپ چۈشتى ۋە توي[151] غا تەييارلىق قىلىشقا پەرمان بەردى.

ئەمىر خىزىرنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەنلا ساھىبقىران ئالىيلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ (ئۇنىڭغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولغاي) «مېھماننى ئىززەت قىلىڭلار» دېگىنىگە ئەمەل قىلىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. قانداق ئىززەت - ئىكرام قىلىش لازىم تېپىلسا، ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردى. (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى توي تەييارلىقىنى قىلىپ، مەخسۇس سورۇن تۈزۈپ، زىياپەتتە ئويۇن - تاماشا ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كېرەك بولغان تەييارلىقلارنى تەق قىلىپ قويغانىدى.

### (نەزم)

تۈزۈلدى شاھانە ئاجايىپ سورۇن،
لازىمەتلەر داستىخاندىن ئالدى ئورۇن.

قەدەھلەر كۆتۈردى، تائام يېيىشتى،
شاد - خۇراملىق مەيدىن بەھرە ئېلىشتى.

توي زىياپىتىدىن كېيىن ئەمىر خىزىر ئۆز يۇرتىغا يول ئالدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار قوشۇنىدا قارار تاپتى ۋە ئۇنىڭ مەرھەمەت - ئېھسانىنىڭ

قۇياشى چوڭ ـ كىچىكىنىڭ تۇرمۇش (ئۆيى) نىڭ ئىشىك ـ تاملىرىغا نۇر چاچتى.

(نەزم)

ئادالىتى نۇرىدىن نۇرلاندى جاھان،
پۇقرالار شاد ـ خۇرام، يۇرت ئابادان* .

## ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئىككىنچى قېتىم ساھىبقىران ئالىيلىرىدىن مەدەت سورىغانلىقى

شۇ چاغلاردا ئەمىر تۇغلۇق سۇلدۇز[152] ئەمىر ھۈسەيىنگە قارشى باش كۆتۈردى ۋە ئىتائەتسىزلىك ھەمدە ئۆز بېشىمچىلىقىنىڭ چاڭقاق قىلىچىنى سۇغاردى.

ئەمىر ھۈسەيىن دۆلەتنىڭ گەۋدىسى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ياردىمى ئۇمىدىدىن كۆڭلى خۇش بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن (ئۇنىڭ يېنىغا) بىر ئىشەنچلىك كىشىنى ئەۋەتىپ، ۋەقەنى ئۇنىڭ مۇشكۇللەرنى ھەل قىلغۇچى رايىغا ھاۋالە قىلدى. ئەمىر بايەزىد ۋە ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىيلارنىمۇ ئۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى قايسىكى ئالىيجاناپ ۋە مەردلىك ئۇ بەختىيار پادىشاھىغا خاس بولسا، تېزلىك بىلەن قوشۇن توپلاش ئۈچۈن پەرمان قىلدى. قوشۇن جەڭ بەزمىسىدە زۇمرەتتەك قىلىچ تىغىنى نازىنىنلارنىڭ كەيلى لېۋى دەپ ھېسابلايدىغان ۋە

* ئابادان — ئاۋات، باياشات مەنىسىدە. — ت

سىرتماق ئۆرمىسىنى خوتەن گۈزەللىرى زۇلپىنىڭ* ھالقىسى ۋە ئۆرمىسى دەپ بىلىدىغان بىر گۈرۇھتىن ئىبارەت ئىدى.

(نەزم)

ھەممىسى قالقانچى، قىلىچۋاز ھەم مەرگەن،
ھەممىسى جەڭگىۋار، تاغ يۈرەك، باتۇر.

دېڭىز كەبى، لېكىن ھۇجۇمدا گوياكى چاقماق،
كىم كۆرگەن دېڭىزنىڭ چاقناتقىنىنى چاقماق.

ئۇ ئەنە شۇنداق نۇرغۇن لەشكەر بىلەن پۈتۈن شەۋكەت ۋە قۇدرىتىنى ئەمىر ھۇسەيىنگە ياردەملىشىشكە قاراتتى.

قەھەلقە مەھەللىسىدە ئەمىر خىزىر ئۆز قوشۇنى بىلەن ھۇمايۇن قوشۇنىغا كېلىپ قوشۇلدى ۋە بىرلىكتە يول يۈرۈپ ھىساردا ئەمىر ھۇسەيىنگە يېتىشىۋالدى. دۇشمەن خۇددى شامالنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇنراق قاچىدىغان پاشىدەك ۋە كەلكۈن يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ئۈلى بوش تامدەك قېچىپ كەتكەنىدى.

ئەمىر ھۇسەيىن ئۇلارنىڭ مۇبارەك قەدىمىنى كاتتا ھۆرمەت - ئىززەت كۆرسىتىپ كۈتۈۋالدى. توي ۋە مېھماندارچىلىق رەسىم - قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ئەمىرلىكلىرىنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى دەربەندى ئاھەنىندىن ئۆتكەندە، (يۇرتىنى) قوغداش ۋاقتىدا جەتە ئەمىرلىرىنىڭ (باستۇرۇپ كەلگە-

---

* زۇلپى — چېكە چېچى. — ت

نىدىن) قورقۇپ خۇراسانغا كەتكەن ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ يەنە قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى مۇبارەك قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار لەشكەرلەرنى توپلاپ خىزىر ياسەۋۇرىيغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا ئۆزئارا ئەھدى تۈزۈشۈپتۇ. ئەمىر ھاجى (بارلاس) ئالدىنراق كېشگە كەپتۇ ۋە ئۇ يەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغماقچى بوپتۇ. (ساھىبقىران) نىڭ ئالەمنى بېزەتكۈچى رىغبىتى بۇ خەۋەردىن ھوشيار بولۇپ، ھۇمايۇن ئۆزەڭگىسىدە مۇلازىملىق بەختىگە مۇيەسسەر بولغان قوشۇن بىلەن كېشدىن ئۆتۈپ، ئەمىر خىزىرغا قوشۇلدى ۋە ئۇلار بىرلىكتە كېشگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىي بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە خىزىر ياسەۋۇرىينىڭ (ئۇ تەرەپكە) يۈزلەنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەمىر ھاجى (بارلاس) لەشكەر توپلاپ كېشدىن يولغا ئاتلاندى ۋە جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

ئاقيار مەھەللىسىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتتۈشتى.

(نەزم)

ناغرا - كاناي ئاۋازى پەلەككە تولدى،
قىلىچ تىغى جەڭگاھنى قانغا بويىدى.

ھەر تەرەپتىن قوزغالدى سۈرەنۇ چۇقان،
پەرق ئەتمەك تەس ئىدى تاغ - چۆلنى شۇئان.

باتۇرلار تاشلىنىپ بىر - بىرى تامان،
گويا ئېقىن سۇ كەبى تۆكەر ئىدى قان.

ھەر ئىككى قوشۇننىڭ باتۇرلىرى شۇنداق تىرىشىپ (جەڭ
قىلدىكى) زامانە رۇستەم ۋە ئىسفەندىيار بولدى. بەھرام[153]
بولسا، ئاسماننىڭ فەرۋزە كۇنگۇرىلىك قورغانى كەينىدىن پاناھ
ئىزدىدى. ئەمىرلەردىن بولغان ئۇردۇۋان باخشى يامانلىق شەم-
شىرىنىڭ نىشانىغا ئايلاندى. ئاخىرى زەپەر تېگى تەگدىشى يوق
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئىقبالى ئۇپۇقىدىن يورىدى ۋە فەرۋزە-
لىك مەيىن شامىلى قۇدرەتلىك ئاسمان پادىشاھىنىڭ غەلىبە نى-
شانلىق تۇغىنى لەپىلدەتتى. ئەمىر ھاجى (بارلاس) ئۇ يەردىن
قېچىپ سەمەرقەندگە يول ئالدى ۋە ئەمىر بايەزىدغا بېرىپ
قوشۇلدى.
ساھىبقىران ئالىيلىرى شەھرىسەبز قوشۇنى ۋە ئەمىر خىزىر
ياسەۋۇرىيلار بىلەن بىللە سەمەرقەندگە بېرىشقا قارار قىلىپ،
ئۇنىڭ كەينىدىن راۋان بولدى. يولدا كېش قوشۇنى سائادەت
يولىنى تەرك ئېتىپ، گۇمراھلىق* تەرەپكە مېڭىشقا جۇرئەت قىل-
دى ۋە ۋاقىتسىز قېچىپ، ئەمىر ھاجى (بارلاس) غا قوشۇلدى.
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا ئەمىر جاكۇ ئىبنى مۇبارەك
ئىبنى توغان ئىبنى كادان ئىبنى شەرغە ئىبنى قاراچار سەرداردىن
باشقا ھېچكىم قالمىدى. ئەمىر خىزىر بۇ ئەھۋالنى (ئۆزىچە)
پىنھان كېلىشىش دەپ باھالىدى ۋە جەڭگە - جېدەل (ئەكس
ئەتكەن) چېھرىسىنى بەدگۇمانلىق تىرنىقى بىلەن تاتىلىدى. يە-
نى، ئۇنىڭ بەلگىلىرى سۆزلىرى ۋە يۇرۇش - تۇرۇشىدا ئېنىق
كۆرۈنۈپ تۇرغانىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرىغا ئەمىر ياسەۋۇري
گەرچە خىزىر (دېگەن نامى) بولسىمۇ، بىراق (ھازىر) توغرا

* گۇمراھلىق — ئازغۇنلۇق. — ت

يولدىن ئاداشقانلىقى ئېنىق مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈزىنى ئۇ-نىڭدىن چەتكە ئالدى. قېرىنداشلىقنى ھېسابقا ئېلىپ ئەمىر جاكۇ بىلەن كەتتى ۋە ئەمىر ھاجى بارلاسقا بېرىپ قوشۇلدى. ئۇلار بىرلىشىپ ئەمىر بايەزىدنىڭ يېنىغا بېرىشتى.

ئەمىر بايەزىد ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئامان - ئېسەن يېتىپ كەل-گەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن ۋە شادىمان بولۇپ، ئېپتىخار ۋە ياردەم تۇغىنى تىكتى ھەمدە تەبرىكلەش ۋە ھۆرمەتلەش ۋەزىپىلى-رىنى، ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىش شەرتلىرىنى بىجىرىشتىن بىرەر دەقىقىمۇ غاپىل بولمىدى.

(نەزم)

سېنىڭ ئۆزەڭگەڭدە قولمۇ ئازادتۇر،
يولۇڭ چۈشكەن دىيار خۇراموشادتۇر.

(مەتنىنىڭ داۋامىدىكى 986 — 996 - بەتلەر ئەمىر تۆمۈر-نىڭ ھاجى بارلاس بىلەن بىللە ئەمىر خىزىرگە قارشى يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقى ھەققىدىدۇر. — ت)

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىككىنچى قېتىم ماۋەرا-ئۇننەھر دىيارىغا قوشۇن تارتقانلىقى

تۇغلۇق تۆمۈرخاندا ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتىنىڭ سەلتەنىتى ئارزۇسى يەنە بىر قېتىم ھىممەت ئېتىكىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن سان - ساناقسىز لەشكەر توپلاپ 762 - يىلى جامادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا (1361 - يىل مارت - ئاپرېل)، يەنى ئۇي يىلى[154]

ئۇ دىيارغا قاراپ يول ئالدى. خوجەندگە يېتىپ بارغاندا ئەمىر بايەزىد جەلايىر تەۋەلىك كەمىرىنى ئىتائەت بېلىگە باغلىدى. ئەمىر بايان سۇلدۇزمۇ بويسۇنۇش يولى بىلەن مېڭىپ، ئالدىغا چىقىپ سەمەرقەندگىچە كەلدى. ئەمىر ھاجى بارلاس ئالدىنقى قېتىم قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىگە قارىماي، تەۋەككۇلنى ئۆزىگە شوئار قىلىپ خان ئالدىغا باردى.

شۇ چاغدا خان ئەمىر بايەزىدنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەردى. ئەمىر ھاجى بارلاس بولسا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچقا چۈشۈپ، قاچماقچى بولدى. ۋە كېش ۋىلايىتىگە قاراپ يول ئالدى. (ئۇ يەردە) ئۆز ئۇلۇسىنىڭ بىر قىسمىنى كۆچۈرۈپ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزدى. جەتە قوشۇنلىرىدىن زور بىر قىسمى ئۇنىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلدى. بۇ جەڭدە جوغام بارلاس ھالاك بولدى. ئەمىر ھاجى (بارلاس) بولسا خۇراسان تەرەپكە يول ئالدى. سەبزەۋار ۋىلايىتى[155]نىڭ جويان قىسمىدىكى خوراشە يېزىسىغا يېتىپ بارغاندا ئۇ يەرنىڭ بىر توپ ئىسيانچىلىرى ئۇنى بۇرادىرى ئىدىكو بىلەن بىللە توساتتىن تۇتۇۋېلىپ، قەتلە قىلدى. خۇراسان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي جاھانگىر ساھىبقىراننىڭ ئىنتىقام ئىشلىرىدىن بىرى (شۇ بولدىكى، مۇشۇ يېزا ئەھلىدىن) بىر گۇرۇھى قەھر - غەزەپ قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. يېزا بولسا ئىنئام سۈپىتىدە ئەمىر ھاجى (بارلاس) ۋارىسلىرىنىڭ مىراسلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. شۇ كەمگىچە ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئۇلارنىڭ ھاماللىرى ۋە خىزمەتكارلىرىدۇر.

جەتە ئەمىرلىرىدىن كۆرلۈكۈت ئايىمقىدىن بولغان ئەمىر ھامىد ئۆز تەڭتۇشلىرى ۋە ئۆزىگە ئوخشاشلار ئىچىدە ئەقىلدە كامىللىقى، ئىنتايىن زېرەكلىكى ئاجايىپ قابىلىيىتى بىلەن خان ئالدىدا ھەر تەرەپلىمە ئابرۇي - ئېتىبارغا ئىگە ئىدى ۋە خانغا نەسىھەت ۋە ياخشى تىلەك شەكلىدە نېمىلا ئېيتسا قوبۇل بولاتتى.

شۇ چاغدا ئۇ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھەققىي تاغ يۈرەك ۋە كەسكىن زات ئىكەنلىكى ھەققىدە خانغا مەلۇم قىلدى ۋە مىراس تەرىقىسىدە ئۇ ئالىيلىرىغا تېگىشلىك بولغان ۋىلايەت ئۈچۈن ئامانلىق سورىدى. خان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ ساھىبقىران ئالىيلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ ئالىيلىرى تەكلىپكە بىنائەن خان ھوزۇرىغا كەلدى. (خان) ئۇنىڭ كېلىشىنى ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ئۇلۇغلىدى. كېش ۋىلايىتىنىڭ ئاھالىسىنى مىراس تۇمەنلىرى، ئۇلارغا قاراشلىق ۋە قوشۇمچە قىلىنغان يەرلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى ...

## تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆز ئوردىسىغا قايتقانلىقى

كۆز كېلىشى بىلەن (تۇغلۇق تۆمۈر) خان سەمەرقەندكە يول ئالدى. يولدا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمىر بايان سۇلدۇز ياساقتا ئەۋەتىلدى. سەمەرقەندكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر دىيارلىرى پۈتۈنلەي بېسىۋېلىنغان ۋە ئىشغال قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەتراپتىكى بارلىق ئەمىرلەر ھەممە سەردارلار خالىسۇن ـ خالىمىسۇن (ئۇنىڭ) پەرمانىغا بويسۇندى. ئۇ (موغۇللار) نىڭ بۇزۇق ئىشلىرىدىن نارازى بولغان بىر توپ كىشىلەرنى ياساقتا ئەۋەتتى ۋە (ئەكسىچە) ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان بەزى كىشىلەرنى غەمخورلۇق ۋە تەربىيە بىلەن ئەزىزلىدى. ئۆز ئوغلى ئىلىياس خوجا ئوغلان[156] نى ئۇ دىيارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، جەتە ئەمىرلىرى ۋە لەشكەرلىرىدىن ئىبارەت پۈتۈن ئەقىللىق سەرخىل قوشۇننى ۋە ئۇلارغا باشلىق قىلىنغان بىكچەكنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بەلگىلىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرىنى بولسا، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى. (ساھىبقىران) ئالىيلىـ

ـرىنىڭ چىرايىدىكى تەدبىرلىكلىك، چىدام ۋە قەتئىيلىكنى سەز-
گەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ دىيارلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ مۇستەھكەم
رايىغا تاپشۇردى ۋە ئۆزى پۈتۈن ھەشەمەت ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن

(نەزم)

زەپەر مۇلازىملىقتا، نۇسرەت ۋە دۆلەت بىلەن،
كۆچلۈك پۈشتى - پاناھى بولغان سائادەت بىلەن.

سەلتەنەت تەختىنىڭ قارارگاھىغا قايتتى.

## ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىننى تەكلىپ قىلىپ بارغانلىقى

(ۋەقە باياندىن ئاۋۋال مۇئەللىپ ئەمىر تۆمۈر تارتقان قىي-
يىنچىلىقلارنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغانلىقىنى تەكىتلەپ
ئۆتكەن. — ت)

تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھر دىيارىدىن (ئۆز يۇرتىغا) قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا (بۇ يەردىكى) جەتە ئەمىرلىرى ۋە قەۋمىگە باشچىلىق قىلىشنى ئەمىر بىكىجەككە تاپشۇرغانىدى. ئۇ مەملى-كەت ئاھالىسىنى خاتىرجەم قىلىش (ئىشلىرى) ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ تەدبىرلىكلىكىگە (ئىشىنىپ) قالدۇرۇلغانىدى.

ئەمىر بىكىجەك خان بۇيرۇغاندەك ئىش تۇتماي، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك قولىنى سوزدى. ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن زوراۋان-لىق ۋە قارشىلىق يولىغا قەدەم قويۇشقا پېتىندى. خاننىڭ بۇيـ-

www.uyghurkitap.com

رۇقىغا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالى چۇشكۇنلۇككە يۈز تۇتۇش بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ دىياردا قېلىشنى ماقۇل كۆرمىدى ۋە ئەمىر ھۈسەيىننى تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى.

ئۇ يۈكسەك ھىممەتپەرۋەرلىك يۈزىنى يولغا قاراتتى. ئەمىر ھۈسەيىندىن بىرەر خەۋەر يوقلۇقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىزدەپ چۆل ۋە باياۋانلارنى كېزىپ، ئاخىرى خىۋاق[157] نىڭ يېنىدىكى ساغاج قۇدۇقى بېشىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇ يەردىن بىرلىكتە خىۋاق ھاكىمى تۈكەل[158] نىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ئۇ خائىن زالىم ئۇلارنى تۇتماقچى بولدى.

## ( نەزم )

يامانىدىن كەلمەس يامانلىقتىن ئۆزگە ئىش ئەسلا،
يامانلاردىن يىراق يۈرگىن، بولساڭ ئەگەر دانا.

ئۇلار بۇ مىكىردىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، 60 كىشى تەۋەككۇل قىلىپ پاياب[159] قا قاراپ يولغا چىقتى. تۈكەل مۇكەممەل قوراللانغان مىڭ ئاتلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، قاق سەھەردە ئىككى ئارىدا جەڭ باشلاندى. قىلىچنىڭ تىلى «زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ»[160] دېگەن ئايەتنى قولاققا قۇياتتى ۋە ئوقنىڭ ئەلچىسى «ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر»[161] ( دېگەن ئايەتنىڭ ) خۇشخەۋىرىنى يىراق - يېقىنغا يەتكۈزەتتى. ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئەمىر تەغاي بۇغا بارلاس بىلەن ئەمىر سەيفىددىنلەرنىڭ ئاتلىرى ئۆزۈن يول يۈرگەنلىكتىن ھالىدىن كەتتى ۋە ئۇلار ئىككىلىسى بۇ قۇملۇق

چۆلدە پىيادە قالدى. ئەلچى باھادىرنىڭ ئىتىمۇ يىقىلدى ۋە ئۇ ناھايىتى مەردلىكى تۇپەيلى خـۇددى ھېچنـەرسـە بىلمىگـەندەك جەڭـدىن قـايتمـاي، ئـوقيـاغا ئوقنى بەتلىگەن ھالدا پىيادە ماڭدى.

(نەزم)

ھۆركىرەپ گويا شىر، تىمساخ ۋە قاپلان،
پىيادە كىرىشتى جەڭگە ئۇچ ئوغلان.

پۈتۈن ۋۇجۇدى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ۋە غەمخورلۇقىغا قارىتىلغان ساھىبقىران ئالىيلىرى جەڭدىن قولىنى تارتسۇن ۋە مۇغەمبەر ياۋنىڭ زىيان - زەخمىتى تۇپەيلى ھالاكەت نىشانىغا ئايلانمىسۇن دەپ، ئۇ (ئەلچى باھادىر) نىڭ قولىدىن ئوقيانى تارتىۋېلىپ، كىرىچىنى ئۈزۈۋېتىپ تاشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ باتۇرلىرى شۇ دەرىجىدە جەڭ قىلدىكى، تۆكەلنىڭ 1000 ئاتلىقىدىن 50 تىن ئارتۇق قالمىدى. 60 كىشىدىن تەشكىل تاپقان بۇ تەرەپتىن يەتتە ئاتلىق قالدى. ئەمىر ھۈسەيىننىڭ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ تۆكەلگە قاراپ ئات سالدى ۋە چاقماق چاقناتقۇچى شەمشەر بىلەن

(نەزم)

تۆكەلنىڭ تۇغىنى ئىككىگە بۆلدى،
جەڭخۇمارلار كۆڭلى قورقۇنچقا تولدى.

تۆكەل قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىنگە قارشى ھۇجۇمغا

ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەن ساھىبقىران ئالىيلىرى زەبەر تۇغى بولغان نۇسرەت نىشان قىلىچى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە- سىنى پاراكەندە قىلىۋېتىپ ئەمىر ھۇسەيىننى (قۇتقۇزۇپ) چىقى- تى. قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا شورى قۇرۇغۇر (دۈشمەن) لەر يەنە بىر قېتىم توپلىنىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئات سېلىشىپ جەڭ قىلىپ ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ئېتىنى ئوق زەربىسى بىلەن يىقىتتى. ئۇ پىيادە قالغانلىقى ئۈچۈن ساھىبقىران ئالىيلىرى خوتۇنى دىلشاد ئاغانىڭ ئېتىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ، ئۆزى پىيادە ماڭدى.

(نەزم)

كېچىدە يەردىن تۇرۇپ پەلەككە يەتتى.
يىڭنە كۆزىگە ئوق بىلەن سۇرمە تارتتى.

بۇركۇت كەبى ئوقى ساۋۇتىدىن ئورۇن تۇتتى،
تۇخۇمى ئۇنىڭ ئۆلۈم، بالىسى غەلىبە بولدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى شىجائەت يۈزىنى دۈشمەن قوشۇنىغا بۇرىدى ۋە

(نەزم)

بېرىپ ئوڭنى سول قىلدى ۋە سولنى ئوڭ قىلدى،
ئاسمان گۇمبىزىدىن پىغان كۆتۈرۈلدى.

كامان ئوقى شاھ بارمىقىنى سۆيگەچ،
كامان ھالقىسىنىڭ قىيناق كۆزىدىن ئۆتتى.

(شۇ چاغ) قازا دېدى: ئال، قەدەر[162] دېدى: بېرىۋەت، پەلەك دېدى: ياشاۋەر، زىھ[163] دېدى: ئەسلا.

ئۇ دەسلەپكى ئوقنى ئەمەلدارنىڭ جەڭچىلىرىدىن بىرىگە ئاتتى ۋە ئۇنى ئىگەردىن يەرگە يىقىتتى. قالغانلارنى بولسا جان ئالغۇچى ئوق قورقۇنچىسى بىلەن بىر ئوق ئېتىم ئارىلىقتا خۇددى سىراجىغا * (يېپىشقان) چۇمۇلىدەك ئورنىدىن قوزغالماس قىلىپ قويدى ۋە ئەمىر ھۇسەيىننى (ئاتقا) مىندۇرۇپ، ئۇ يەردىن يولغا راۋان بولدى. ئۇلار چۆلگە كىرگەندە سەيياره يۇلتۇزلار[164] دەك يەتتە ئىدى. ئۇ يەتتەيلەندىن ئۈچ كىشى «نەھسى ئەكبەر»[165] دىنمۇ بەختسىز ئىدى. كېچىسى (بىر يەرگە) قونغىنىدا، ئاتنى بالا سۇرىتىدە كۆرسەتكۈچى ۋە شىپا راھىتىنى داۋانىڭ ئاچچىق تەمى بىلەن باغلىق قىلىپ قويغۇچى يوشۇرۇن ئىلتىپات بىلەن دۇنياۋى نەرسىلەرنىڭ قالغان - قاتقىنىنىڭمۇ ئارىدىن كۆتۈرۈلۈشىنى تەقەززا قىلدى. ھالبۇكى ئىخلاس قولى پاك ئىخلاس يۈزىدىن (ئاردا) بىردىنبىر ۋاستىنىڭ، غۇبارسىز پەرۋەردىگارنىڭ پەزىلەت ۋە رەھمىتى ئېتىكىدىن تۇتقاي.

## (نەزم)

قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ تەڭرى نېمە قىلسا، قەلبىدە ئۇنىڭ،
بىر ھېكمەت باركى، ئۇنىڭدىن كىشىلەر بىخەۋەر پۈتۈن.

(دېيىلگىنىگە ئاساسەن) ھەمراھلاردىن ئۈچ خۇراسانلىق نەۋكەر، ئىنىقراقى ئادەم سۇرىتىدىكى باياۋان جىنلىرى شۇنداق بىر چاغدا

* سىراج — يېلىم. — ت

ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ قاچتى ۋە ئەنە شۇنداق بىر شەرمەندى-
لىكنىڭ تۇپرىقىنى ئۆز ناملىرى بىشىدىن چاچتى. «ياخشىلىقنى
بىلمىگەن ئىتچىلىكمۇ ئەمەس» دۆلىتىنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس
خەزىنىسىنىڭ تىلسىماتى بولغان ساھىبقىران ئالىيلىرى بۇ ۋەقە-
دىن ئۆز ئۇلۇغۋار خاتىرىسىدە دەھشەت ۋە ھەيرەت پەيدا بولۇشىغا
ئەسلا يول بەرمىدى.

(نەزم)

يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئالەملەر[166] بولسىمۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن،
ئۇ نە تەقدىركى، ئۆز زىلزىلىسىدىن[167] قورقسا بىر كۈن.

ئۇ ئوچۇق چىراي بىلەن دوستلىرىغا تەسەللىي بەردى. ئە-
مىر ھۆسەيىنىنىڭ سىڭلىسى ۋە ئۇ ئاللا قوللىغان ساھىبقىراننىڭ
مۇھتەرەم ھەرىمى[168] بولغان ئۇلجاي تۈركان ئاغىنى ئېلىپ بىر
نۆكەر بىلەن (يولغا چىقتى).

(نەزم)

تەۋەككۈل ئايتىنى يول ئۈچۈن ئەمەس،
ئاللانىڭ چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتى ئۈچۈن ئوقۇيمىز.

ئۇلار چۆلدىن چىقىپ جوي بو (دېگەن يەر) گە يېتىپ كەل-
دى. (ئۇ يەر) بىر توپ قويچى تۈركمەنلەرنىڭ يۇرتى ئىدى.
ئۇلار چۇقان ـ سۈرەن بىلەن توپلىنىپ يولنى توستى. ساھىبقى-
ران ئالىيلىرى غەيرىتى ۋە شاھانە غۇرۇرى بىلەن ئېپپەتلىك
ھەرەمىنى ئاللانىڭ پاناھىغا (تاپشۇرۇپ)، ئاشلىق كۆمۈدىغان

بىر ئورنغا يوشۇردى. (ئاندىن)، غەلىبە دەرياسىنىڭ چوڭ لە-
ھىگى، يەنى،

## (نەزم)

كۆڭۈلنى پارە - پارە قىلىپ كۆڭۈل نۇرىنى ئالغان،
جاننى ئۈزۈۋېلىپ جان نۇرىنى ئالغان.

ئوت چاقناتقۇچى يالتىراق شەمشىرىنى بېلىدىن سۇغۇرۇپ ئې-
لىپ، ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇلار تەرەپكە ماڭدى. ئۇ جامائەدىن
ھاجى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر كىشى ساھىبقىران ئالىيلىرىنى
تونۇپ قېلىپ، تۈركمەنلەرنى ھۇجۇمدىن توختاتتى. مۇناسىپ
بىر ئات يېتىلەپ كېلىپ، ئۇ ئالىيلىرىنى مىندۇردى ۋە شۇ كېچە
تۈركمەنلەر جامائەسى بىلەن ئۆز ئوتىغىنى* ئۇنىڭ شاھانە ۋۇجۇ-
دى ھەشەمىتىدىن پەلەكنىڭ جۇشقۇن بەزمىسىگە ئايلاندۇردى
ھەمدە خىزمەت كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئالىي دەرىجىدە ئورۇندى-
دى. ئەتىسى ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قى-
لىش ئۈچۈن ھىممەت قولىنى ئاچتى.

## (نەزم)

پەلەك تەڭگە قۇيغۇچى بولسا، يۇلتۇزلار دىرەم[169]
بەخشىشىدىن[170] تىنىم ئالمايتتى ئالقىنى بىرەردەم.

ئۇلارغا بىر قىسىم قىممەت باھا لەھەل[171]، ئىككى دانە

* ئوتاغ — كۆچمە قارا ئۆي. — ت

توقۇلما تۇماق ۋە قىممىتى بىر مەملىكەتنىڭ ئۇلپانىغا تەڭ كېلىد-
دىغان يالتىراپ تۇرىدىغان مەرۋايىت بەردى. ھاجى مۇھەممەد
ئۇچ ئات ۋە باشقا زۆرۈر نەرسىلەرنى تەييارلاپ، سارىغ قۇلانچى
ئىسىملىك بىر يولباشلىغۇچىنى مۇلازىم قىلىپ تەيىنلىدى. سا-
ھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ، مەھ-
مۇدىي مەھەللىسىگە يول ئالدى.
بۇ چۆلدە، سۇيى ھايات كۆچىتىنى ياشارتىپ تۇرالايدىغان
بىر قۇدۇق بېشىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ئۇ مەنزىلدە دەل 12
كېچە - كۈندۈز تۇرۇپ قالدى.

(نەزم)

مۇشەققەت بەدىلىگە تېپىلغاي بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغۋارلىق،
نەرگىس[172] نى ئالتۇن تاجغا قىلدى مۇيەسسەر بىدارلىق*

# ئەلىبېك جۇن قۇربانىينىڭ ئەمىر ھۇسەيىن ۋە ساھىبقىران ئالىيلىرىغا خائىنلىق قىلغانلىقى

ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى (ئىككىيلەن) مەھمۇدىي مەھەللىسىدە تۇرغان ۋاقىتتا، ئەلىبېك ئىبنى ئەرغۇنشاھ جۇن قۇربانىي[173] ئۇلار ئورۇنلاشقان يەرنى بىلىپ قالدى. تەقدىر قەلىمى بىلەن ئۇ يارىماس بەدخۇينىڭ ئەھۋالى سەھىپىسىگە «ھەر خىل ئازاب - ئوقۇبەت ۋە جازاغا گىرىپتار

* بىدارلىق — ئويقۇسىزلىق. — ت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئەڭ يامان سەۋەب بىلەن يوق بولىدۇ. قەبىھ ھەرىكىتىنىڭ كاساپىتى ئۇنىڭ تەۋەلىرى ۋە تەرەپدارلىرىغا تېگىپ، ھەممىسى سەرسانلىق ۋە بىچارىلىك خورلۇقىدا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يامان تەقدىرى شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىكى، ئۇ قوراللانغان 60 ئاتلىقنى تەييارلاپ، ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىغا قارشى ئەۋەتكەنىدى. ئۇلارنى توساتتىن تۇتۇۋېلىپ ماخان[174] غا ئېلىپ كەتتى ۋە بىر قاراڭغۇ ئۆيدە تۇتقۇن قىلىپ ساقلىدى. ئەڭ دەھشەتلىكى ئۇ يەردە بۈرگە شۇ قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى قول بىلەن تۇتۇپ (تۈگەتكىلى) بولمايتتى.

يېرىك گۆھەر مەلۇم ۋاقىتنى سەدەپ تۇتقۇنلۇقىدا ئۆتكۈزمىسە، مۇراد ئايىغىنى بەختىيار سۇلتانلار تاجى چېكىسىگە قويالمايدۇ؛ سۈزۈك لەئلى مەلۇم مۇددەت كان زىندانىدا پەرۋىش تاپمىسا، مەقسەت قولىنى ئالىيجاناب يولباشچىلار كەمىرىگە تەگكۈزەلمەيدۇ، قىزىل گۈل دىلغا ئارام بەرگۈچى ھىدنى غۇنچە قەۋەتلىرىدىن ئالىدۇ، خۇشبۇي ئىپار، يەنى قاراموي ئەتىر تارقاتقۇچى ئەتىردانى (ئاھۇكىيىكنىڭ) كىندىك (نافە[175]) تۈگۈنىدىن ئېلىنىدۇ.

## (نەزم)

قاماقتا تۇرغان قىلىچنىڭ بازىرى چىقار ھامان،
قاپتا تۇرغان كۆزئەينەككە يەتمەيدۇ ھەرگىز نۇقسان.

ئالتۇن بىلەن تەڭلەشمەكچى بولۇپ ئۆتتى بىر ئۆمۈر،
شۇ شەرەپتىنكى، بىر كۈن كېلىپ شۇ تۆمۈر.

www.uyghurkitap.com

قۇدرەت قولى شۇنداق ئېگىز بولغۇچە نادىر،
سۆيدى ئاخىر ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئايىغىن.

ئەلىبېكنىڭ ئاكىسى مۇھەممەدبېك ئۇنىڭ ئورۇنسىز قىلمىشىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇنداق قالتىس جاسارەتنىڭ نەتىجىسى كېيىنچە ئېغىر قىسمەت كەلتۈرىدىغانلىقى ۋە ئۆز بېشىمچىلىق (دەرىخى) نىڭ شېخى كۆنلەرنىڭ بىرىدە نادامەت ۋە زىيان مېۋىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدى.

(نەزم)

گەر تاغدىن سورىساڭ، ئالارسەن جاۋاب،
خاتا شېخى بەرمەس ھەقلىق مېۋىسى.

ئۇ تۇس[176] چىگرىسىدىن ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۈچۈن سوۋغات ۋە ھەدىيىلەرنى ئەۋەتتى. ئىنىسىگە خەت ئارقىلىق كۆپ كايىپ ۋە تەنبىھ بېرىپ، تېزلىكتە ئۇلارنى بوشىتىپ، ئۆزرە سوراشنى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە (زۆرۈر نەرسىلەر بىلەن) تەمىنلەپ، كۆڭۈللىرىنى ئۇۋلاشنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. لېكىن ئەلىبېكنىڭ يىراقنى كۆرىدىغان كۆزى رەھىمسىزلىك پەردىسى بىلەن توسۇلغانلىقتىن توغرا يولنى كۆرەلمىدى.

(نەزم)

نادانلار قۇلىقىغا ئالەم نەسىھىتىن قۇيۇش،
غەلۋىرگە سۇ ئېلىش، قەپەستە شامال تۇتۇش.

قەبىھلىكىدىن ئاكىسى ئەۋەتكەن سوۋغات ۋە ھەدىيىلەرنى ئۆزى ئېلىۋالدى. ئاتمىش ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلارنى (قاماق- تىن) ئازاد قىلىپ، ھىممىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بىر قىرچاڭغۇ ئات ۋە ئۆمۈچۈككە ئوخشاش بىر تۆگە بەردى.

(نەزم)

ئۆچىسىغا قېرىلىق توزىڭى قونغان،
قېرىپ كەتكەچكە چىشلىرى سۇنغان.

تۇغۇلغان كېچىسى نۇھ دەۋىتى[177] چېغى،
قېرىغان چېغى توپانى[178] زامانى ئىدى.

شۇ ۋىلايەتتە يۇرت سوراۋاتقان، بۇرۇندىن ساھىبقىران ئا- لىيلىرىغا ئىخلاس ۋە ساداقىتى بولغان مۇبارەك شاھ سەنجەرىي ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كەچۈرۈم سوراپ ياخشى ئاتلارنى تۇتتى ۋە ئەرزىگۇدەك دەرىجىدە خىزمەت- لەرنى قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ساداقەت يېرىگە چاچقان ياخشىلىق ئۇرۇقى دۆلىتىنىڭ باغلىرىدا يايپېشىل مايسا بولۇپ ياشنىدى. مانا شۇ ۋەجىدىن مۇناسىپ ھۆرمەت - ئىززەت ۋە چوڭ - چوڭ شەھەرلەرنى باشقۇرۇش (ئىمتىيازى) بىلەن تەقدىرلەندى.

(نەزم)

زىرائەتنى ئورۇش ئۈچۈن، ئۇنى تېرىشىڭ لازىم،
تېرىساڭ پەقەت ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىشىڭ لازىم.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ ئاتلارنىڭ بىرىنى ئەمىر ھۇسە-
يىنگە تارتۇق قىلدى.

(نەزم)

ئۇنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولسا، ئەجەبلەنمىگىن،
چۈنكى دېڭىزنىڭ باغرى كەڭ، تۆھپىسمۇ شۇ كەڭلىكتىن.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۇسەيىندىن ئايرىلىپ كېشكە بارغانلىقى

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئا-
لىيلىرى قولاي پەيت ھەققىدە ئۆزئارا پىكىرلىشىپ، شۇنداق
قارارغا كەلدى: ئەمىر ھۇسەيىن گەرمسەر - خىرمان تەرەپكە
بارىدىغان، ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۆز دىيارى ۋە ئۇلۇسى تەرەپكە
قايتىدىغان بولدى. ئۇچرىشىش ئورنى گەرمسەر - خىرماندا
نىكۇدارىي ھەزارەلەر[179] نىڭ ئەمىرى تۇمەننىڭ ھۇزۇرىدا بولى-
دۇ، دېيىلدى. ئۇلار (ئايەتتە): «بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ،
ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغىن»[180]، دەپ تەكىتلەنگەن سۆزلەر بىلەن
خاھىش - ئىستەكنى ئىمزالاپ، يۈرۈپ كەتتى.
ئەمىر ھۇسەيىن گەرمسەر - خىرمانغا يول ئالدى. ساھىب-
قىران ئالىيلىرى بولسا كېش ۋىلايىتى تەرەپكە راۋان بولدى ۋە
(جەيھۇن) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخارا يېزىلىرىدىن بىرى —
بۇخار زىندانغا يېتىپ كېلىپ، ئېپپەت بۆشۈكى بولغان ئۇلجاي
تۇركاننى شۇ يەردە قالدۇردى. دۆلىتىنىڭ ئېپى سەلتەنەت ئاس-
مىنىدا كۈنسايىن يوغىناپ بارغۇچى ھىلالدەك بولغانلىقى ئۈچۈن

شارائىت پىنھان يۇرۇشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ يەردىن خۇپپىيانە يولغا چىقىپ، ۋىلايەت ۋە ئەل ئىچىگە كىردى. تەمۇكە قەۋچىن ئۇ ئالىيلىرىنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئون - ئونبەش كىشىنى ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن كۇتۇۋېلىشقا ئالدىرىدى. سائادەتلىك ساھىبقىران ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خۇزار تەرەپكە ماڭدى. تاڭ سەھەر، سەييارىلەر پادىشاھى مەشرىق مەنزىلگاھىدىن يورۇق تارقىتىپ، يۇلتۇزلارنى ئاسمان مايسىزارىدىن قوغلاپ چىقارغاندا، خۇزارنىڭ يۇقىرىسىدىن بىر توپ ئاتنى ھەيدەپ، نامازدىگەر[181] ۋاقتىدا ئاقۇبىيغا يەتكۇزۇپ كەلدى ۋە جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۇزۇپ چۆلدىكى قۇم دالىسىغا كىردى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولغانلىقى ئۇچۇن، سۇ بويىدا ۋە توقايزار پاناھىدا بىر ئاي تۇردى. ئۇلجاي تۇركانمۇ بۇخار زىنداندىن يولغا چىقىپ، ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، توساتتىن يىراقتا قانداقتۇ قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈندى. دۆلەت ئەربابى رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان ئېھتىياتچانلىق دەريادىن ئۆتۈشنى تەقەززا قىلاتتى، بەختلىك ساھىبقىران پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتلىنىپ شامالدەك ئۇچقۇر تۇلپارنى جەيھۇن دەرياسىغا سالدى.

(نەزم)

سۇغا سالدى تۇلپارىنى راۋان،
تەڭرىگە تايىنىپ شاھ ساھىبقىران.

سۇغا چۈشتى كەينىدىن شۇئان،
ئىپپەت بۇشۇكىنىڭ تۇلپارى ھامان.

قول ئاستىدىكىلەرمۇ ئات چېپىشتى،
كەينى - كەينىدىن جەيھۇن سۈيىگە چۈشۈشتى.

كېمىدەك يۈرەر ئۇلار تۇلپازدەك ئېتى بىلەن،
زەپەر تۇغلۇق شاھىنىڭ كۈچى قۇدرىتى بىلەن.

ھەممە ئۆتتى بۇ چوڭ دەريادىن،
زامان كەيخۇسراۋ[182] نىڭ ئىقبالىدىن.

پەلەك جاھانغا يېڭى ئۈمىد بەردى،
كەيخۇسراۋ قائىدىسى يېڭىلاندى.

كىمنىڭ پاسبانى بولسا پەرۋەردىگار،
قورۇقلۇق ۋە سۈدىمۇ بولۇر ئاڭا يار.

«كىمكى ئاللاغا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ»[183].

ئۇلار دەريادىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن چۆلگە كىردى ۋە بىر نەچچە كۈن (شۇ يەردە) تۇردى. (ئاخىرى) ئەل ۋە ئۇلۇس يايلاقتىن كۆچۈپ، ئۇ يەر بوشاپ قالغانىدى، ساھىبقىران ئالىيلىرى يايلاقتا ئۆتۈپ، بۇ يەردە بىر ئاي تۇردى. كېيىن ئۇ يەردىن (ئات تىزگىنىنى) سەمەرقەند تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالىيلىرىنىڭ ئاچىسى بولغان قۇتلۇق تۇركان ئاغىنىڭ ئۆيىگە شاد - خۇرام كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە تەخمىنەن قىرىق سەككىز كۈن بولدى. ئايرىم كىشىلەر ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەختلىك ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ۋە زامانە ئۇنى مەلۇم قىلىشقا ئېغىز ئاچماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن تېزلىكتە ئاتلىنىپ كېش جىلغىسى[184] غا كىردى ۋە ئاچ-

غىي دەپ ئاتالغان يېزىدا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ياشاشقا باشلىدى. پەلەكلەرنىڭ پەلىكى[185] يەنە قىرىق سەككىز قېتىم ئالەم ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ دۆلەت ۋە ئىقبالغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.

بىر تون ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئامۇيا دەرياسى[186] بويىغا ئات چاپتى. ئۇ يەرگە تۆمۈرخوجا ئوغلان بىلەن بەھرام جەلايىرلارمۇ يېتىپ كەلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ۋەدىلەشكىنى بويىچە بىرلىشىپ، قەندەھار تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. تەقدىر تەدبىر بىلەن ماس كېلىپ، خىرماندا تۈمەن ھۆزۈرىدا، يەنى ۋەدە قىلىنغان يەردە ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن قوشۇلدى. بەھرام جەلايىر قېچىپ، ھىندىستان تەرەپكە كەتتى. . .

(بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر ماۋەرائۇننەھر چېگرىسىنىڭ سىرتىدا يۈز بېرىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ئەمىر تۆمـۈرنىڭ سەيستان تەرەپـلەرگە بارغانـلىقى، ئۇ يەردىـكى جەڭگى ـ جېدەللەردە ئەمىر تۆمۈرنىڭ قولى يارىلانغانلىقى، سابىيىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يەنە قايتىپ، ئارىسىپ، خۇلم ۋە بەلخ ئەتراپلىرىدا ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلغۇچىلار ۋە جەتە ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى كىشىلەرنىڭ كىچىك ـ كىچىك گۇرۇھلىرى كېلىپ قوشۇلغانلىقى، بەلخنىڭ يېنىدا جەتە قوشۇنلىرى بىلەن بىرىنچى توقۇنۇش بولۇپ، ئۇنىڭدا غەلىبە قازانغانلىقى، كېيىن بەدەخشان پادىشاھلىرى بىلەن سۈلھى تۈزگەنلىكلىرى، پۇلى سەنگىندە جەتە قوشۇنى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقانلىقى ۋە بىر كۆنلۈك جەڭ نەتىجىسىز ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدىكى كەچۈرمىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر تەدبىر يولىغا ئۆتىدۇ ۋە سۆز بايانى تۆۋەندىكى شەكىلدە داۋاملىشىدۇ ـ ت)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ پۈلى سەنگىن دەرياسىدىن ئۆتكەنلىكى ۋە جەتە قوشۇنلىرىنىڭ قاچقانلىقى

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر مۇسا، ئەمىر مۇئەييار ئەرلات ۋە ئۇچقارا باھادىرلارنى بىرى مىڭدىن تەپ تارتمايدىغان بەش يۈز باتۇر بىلەن پۈلى سەنگىن[187] دە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قارىشىسىدا قالدۇردى. ئۆزى بولسا جەڭ مەيدانى غۇبارىنى ئارزۇ كۆزىنىڭ سۈرمىسى دەپ بىلگەن بىر مىڭ بەش يۈز ئاتلىق بىلەن ئىقبال كاپالىتىدە سائادەت يۈزىنى دەريانىڭ يۇقىرىسىدىن مەيدان ئىسمەن تەرەپكە قاراتتى. مەيدان ئىسمەن بىلەن رەسەنكەش ئارىسىدا يېرىم كېچىدە دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ تاغقا قاراپ ماڭدى. ئەتىسى دۈشمەن قاراۋۇلى ئاتلارنىڭ ئاياغ ئىزىدىن دەريادىن لەشكەر ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى، ئۇلار بۇ ھالدىن ئەندىشىگە چۈشتى. كەچ كىرگەندە،

## (نەزم)

جاھان بېشىغا قارا پەردە ئىلدى،
ئاينىڭ ئۇچى خۇشبۇي سىرتماققا كىردى.

دىيارلارنى ئىشغال قىلغۇچى ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئېگىز تاغ تۆپىلىرى ئۈستىدە نۇرغۇن گۈلخانلار يېقىلدى. بۇنى كۆرگەن دۈشمەن قوشۇنىدا قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە كۈچىيىپ، چىدام ـ غەيرىتى تۈگىدى. ئۇلار دەھشەتكە چۈشۈپ، خەۋپ ـ

خەتەر ئايغىنى قايتىپ كېتىش ئىشىغا قويدى ۋە ئىختىيار تىز-
گىنىنى مەجبۇرلۇق قولىغا تاپشۇرۇپ، بەختسىزلىك يۈزىنى قې-
چىش تەرەپكە بۇرىدى. پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمىدە بىر ئاتلىققا
قارشى ئوندىن كۆپ نەيزىۋاز جەڭچى توغرا كېلىدىغان كۆپ
سانلىق قوشۇن ئۇرۇش ۋە جەڭ كۆلپىتىسىز تارقىلىپ كەتتى.
«ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ»[188] بۇ نېمىدې-
گەن ئاجايىپ، روشەن ۋە غەلىبىگە ئېلىپ بارغۇچى تەدبىر.
ئۇنىڭ يىراقتىن ئوت ئالدۇرغۇچى يالقۇنىنىڭ شولىسىدىن قانچى-
لىغان ئەمىرلەر ۋە سەردارلار باشقۇرۇپ تۇرغان خائىن دۈشمەن-
نىڭ بۇ دۇنيادىكى شانۇ - شەۋكەت ۋە غۇرۇر خامىنى كۆيۈپ،
كۈلى كۆككە سورۇلغۇسى ئىدى.

(نەزم)

بىر پىيادە چىدام - غەيرىتىنى ئاشۇرغان يەردە،
بىر دۆلەتنى ئېلىپ بولار يالغۇز ئاتلىق غەيرەت كۈچىدە.

كىمنىكى يارانقۇچىسى قوللىسا، كىممۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ-
لىشەلىسۇن، بۇنىڭ ئەجەپلىنىدىغان يېرى يوق. بىرەر تاللانغان
كىشى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئەزىز قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا
يامانلىق قىلماقچى بولغان كىشى شەك - شۈبھىسىز خار - زار
بولغۇسى.

(نەزم)

ئالەمگە شولا چاپقۇچى ھۆكۈمدار،
ئۇڭا يامانلىق قىلغان بولۇر خار.

دۇشمەنلەر قوزغىلىپ قىچىش پىيىگە چۈشكەچكە، ساھىبقىران ئالىيلىرى نۇسرەت نىشانلىق قوشۇن بىلەن خۇددى غەزەپكە كەلگەن شىردەك نەرە تارتىپ ۋە پايانى يوق سەلدەك تېشىپ، تاغ ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇلار مەيدان كۆجىراتقىچە جەڭ قىلىپ، ئۆمۈرنى ئادا قىلغۇچى ۋە جانغا نەشتەردەك سانجىلغۇچى نەيزە بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى يەكۈنلىدى.

### (نەزم)

دۇشمەنلەر سان ـ ساناقسىز قىرىلدى،
چۆل يۈزى پۈتۈنلەي جەسەتكە تولدى.

(ساھىبقىران ئالىيلىرى) زەپەر قوچۇپ بۇ يەرگە كېلىپ چۈشتى. ئەمىر ھۇسەيىنمۇ قالغان لەشكەرلىرى بىلەن كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. بۇ بۈيۈك غەلىبىنىڭ بەختلىك مەيىن شامىلىدىن ئىقبال كۆچەـــتى باراقـــسان بولۇپ، (ئۈنىڭدىكى) دۆلەت شېخى كۆچكە تولدى. ئىشەنچ ۋە ئۈمىد گۈلشەنى يېڭى ھۆسن بىلەن نەۋقىران گۈللەپ ياشىندى. ھەممە كىشى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن مەدەت تۇغى قۇدرەت چوققىسىغا قادالدى؛ پادىشاھنىڭ شان ـ شەۋكىتى، لەشكەرلەرنىڭ داڭقى مىڭ ھەسسە ئارتتى.

### (نەزم)

ساھىبقىران ئىقبالى تۇپەيلى قوشۇن،
كۆچكە تولدى، قوللىرىمۇ بولدى ئۇزۇن.



www.uyghurkitap.com

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەت ۋە رەھبەرلىك مەيدانىدا مەۋقەسى كۆچىيىپ، ئابرۇي ـ ئېتىبارى ئاشقانلىقى ئۈچۈن، 2000 لەشكەر بىلەن بۇرۇنراق يولغا چىقتى. قەھەلقەگە يېتىپ كەلگەندە كېش ۋە ئۇ ئەتراپىنىڭ ئادەملىرى توپ ـ توپى بىلەن قېچىپ كېلىپ، سائادەتلىك مۇلازىملارغا قوشۇلدى. (ساھىبقىران) ئالىيلىرى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن 2000 لەشكەردىن 300 سەرخىلىنى ھۇمايۇن ئۆزەڭگىسىنىڭ مۇلازىمى قىلىپ تەيىنلەپ يولغا ئاتلاندى. باشقىلارنى بولسا شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرىدى. 300 لەشكەردىن 200نى ئەمىر سۇلايمان بارلاس، ئەمىر جاكوي بارلاس، بەھرام جەلايىر، ئەمىر جالالىدىن بارلاس، ئەمىر سەيفىددىن يول تۆمۈرلەر بىلەن بىللە كېش تەرەپكە ئەۋەتتى. ئۇلارغا تۆت قوشۇن بولۇڭلار ۋە ھەر بىر ئاتلىق يوغان ئىككى باغ شاخنى ئاتنىڭ ئىككى يېنىغا باغلىۋېلىپ چاڭ چىقارسۇن، دەپ بۇيرىدى ۋە بۇنىڭدىن چاڭ توزان كۆتۈرۈلۈپ، مۇبادا ئۇ يەر (كېش) دە دورغا[189] بولسا قېچىپ كېتىدۇ، دېدى. ئۇلار بۇيرۇقنا بىنائەن ئىش تۇتتى ۋە تەدبىر بىلەن تەقدىر توغرا كەلدى. كېش جىلغىسىغا كىرگىنىدە جەتەنىڭ دورغىلىرى ئۇ چاڭ ـ توزاندىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەندى. ئۇلار كېش شەھىرىگە كىرىپ، ئۇنى ئىشغال قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئاللانىڭ پادىشاھلىق ئاساسىنى مۇستەھكەملىگۈچى (ئالىيلىرى) ھەققىدە چەكسىز ئىنايىتى ئىدىكى، بەزىدە ئۈچقۇن يالقۇنلىنىشىدىن پۈتۈن بىر قوشۇن تار ـ مار بولدى. بەزىدە بىر توزان كۆتۈرۈلۈشىدىن پۈتۈن بىر ئۆلكە بويسۇندى.

شۇ چاغدا ئىلياس خوجا خاننىڭ قونالغۇسى كېشتىن تۆت پەرسەڭ نېرىدىكى تاشارىق دېگەن جايدا بولۇپ، بارلىق داڭلىق ئەمىرلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى ۋە سان ـ ساناقسىز لەشكەر خىل ـ خىلى بىلەن مەلۇم تەرتىپتە يىغىلغانىدى. شۇنداق بىر پەيتتە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆز خانلىق تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپ

تۇرغىنىدا ۋاپات بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىلياس خوجا خاننى ئاتى-سىنىڭ تەختىنى ئىگىلىسۇن دېگەن مەقسەتتە ئۇلۇسقا قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇلۇغ توقتۇمۇر ۋە ئەمىر ھامىدلار كەلگەنىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى مۇلازىملىق شەرىپى بىلەن بەختىيار قى-لىنغان 100 ئاتلىق (لەشكەر) بىلەن كېچىلەپ خۇزارغا كەلدى ۋە ئۆزلىرىنى ئىزدەپ يۇرگەنلەرنىڭ جەمشىدى خۇرشىدنىڭ شەرق تەرىپىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قوزغى-لىشقا باشلىدى. كىشىلەر (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ پادى-شاھلارغا خاس كېلىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ئايىغىنى سۆيۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇشقا ئالدىرىدى.

(ساھىبقىران) ئالىيلىرى خۇزار ۋە كېش قوشۇنلىرىنىڭ جەم بولۇشىغا بۇيرۇق بەردى. ھەمدە خوجا سالبەرىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ئاندىن ئالەمدە داڭلىق لەشكەرلەر بىلەن قاي-تىپ جىگدىلىك تەرەپكە كەتتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بىرىپ سائادەت بىلەن قونغاندىن كېيىن، بايان سۇلدۇزنىڭ ئوغلى شەيخ مۇھەم-مەد يەتتە قوشۇن لەشكەر بىلەن ئۇ ئالىيلىرىغا كېلىپ قوشۇ-لۇپ، ئۇ يەردە يەتتە كۈن تۇردى. ئەمىر ھۇسەيىن ۋە ئۇ يەردىكى لەشكەرلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى قەھەلقەدە قالدۇرغانلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. كولاك دەشتىدە بۆ-لۇنۇپ، ئۆز ئېلىگە كەتكەن شىر بەھراممۇ 43 كۈنلۈك غايىبلىق-تىن كېيىن خەتلان(190) قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلدى.

ئەمىر ھۇسەيىن ۋە ساھىبقىران ئالىيلىرى پۈتۈن قوشۇنلى-رى بىلەن كۆچۈپ، خۇزارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ يەردە (خۇدا) رەھمەت قىلغۇسى خوجا شەمسىنىڭ تەۋەررۇك مازىرىغا كىردى ۋە ئۇ مۇھتەرەمنىڭ مۇقەددەس روھىدىن مەدەت تىلەپ، ھەمدۇشلۇق شەرتىنى ئەھدى - پەيمان بىلەن مۇستەھكەملىدى. ئىلگىرىكى دوستلۇق ۋە ساداقەتنى يېڭى بىرلىك ۋە مەخسۇسلۇق قوشۇمچىلىرى بىلەن قەتئىي قىلدى. «ھە، ئىتتىپاقلىق بىلەن

جاھاننى ئىگىلىسە بولىدۇ.»

(مەتىننىڭ داۋامىدا ئەمىر تۆمۈرنىڭ جەتە قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىنى ئالدىن چۈشىدە كۆرگەنلىكى ئېيتىلغان. ـ ت)

# ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتە قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقى

ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى پادىشاھلار پادىشاھى (پەرۋەردىگار) غا (ئۇنىڭ زاتى ئۇلۇغلانغاي ۋە بۈيۈك بولغاي)[191] شۈكرانە ۋە سەجدىلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، سائادەت بىلەن ئاتلىنىپ يولغا چىقتى.

ئۇلار قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ۋە تەييارلاش جەھەتتىكى قەتئىي شەرتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا ئىككى قانات تۈزدى: ئەمىر ھۈسەيىن ئوڭ قانات[192]نى تۈزۈپ، غەلىبە تۇغىنى تىكلىدى؛ ساھىبقىران ئالىيلىرى جەڭدە يۈرەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن سول تەرەپنى ئۆزىنىڭ نۇسرەت شوئارلىق تۇغىنىڭ مەركىزى قىلدى ۋە شۇ تەرتىپتە سەپ تۈزۈپ يولغا ئاتلاندى.

تاشارىق[193] دا تۇرغان دۈشمەنمۇ خۇددى شۇ شەكىلدە ئىككى قانات بولدى: سول قانات[194] ــ ئىلياس خوجا خان ۋە ئەمىر ھەمىد قوشۇنلىرى توپىدىن زىننەت تاپتى. ئوڭ قاناتنى[195] ئەمىر توق تۆمۈر ۋە ئەمىر بىكىجەكنىڭ ئالىي ئىختىيارىغا بىرلەشتۈردى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى قوشۇنلار قانات ـ قانات بولۇپ، ئىنتىقام ۋە جەڭ قىلىش يۈزلىرىنى بىر ـ بىرىنى ھالاك قىلىش تەرەپكە قاراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىسى

(نەزم)

تەۋرىگەندە زېمىن ۋە زامان،
دېگەيسەن گويىاكى ئۇچماقچى جاھان.

ئاتلار كىشنىشى، لەشكەردىن تۇزان،
نە قۇياش كۆرۈنەس، ھەتتا ئاي شۇئان.

لەشكەرلەر بىردەك نەرە تارتىشتى،
گويىاكى بۇلۇتقا نەيزە سانجىيتتى.

قابايمىتەن[196] مەھەللىسىدە ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى تو- قۇنۇشۇپ، باتۇرلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى پەلەككە يەتتى. دەسلەپ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قارشىسىدىكى دۈشمەن قو- شۇنى ھىراۋۇل[197]لىرى، ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە جەڭگىۋار- لىقلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ جەڭ تۇلپارىنى كۈچ سىنىشىش مەيدانىغا سالدى. (ساھىبقىران) ئالىيلىرى قوتۇپتەك سۆلەتلىك ئايىغىنى تۇرغۇنلۇق مەركىزىدە خۇددى ئۆز دۆلىتى ئاساسىدەك مۇستەھكەم قىلدى. نۇسرەت نىشانلىق ئۆزۈڭگىنى ئېغىر بې- سىپ، قولىنى ئوقياغا سوزدى ۋە سول (قولى) نى «ئىلىپ» (ا) ئوڭ (قولى) نى «دال» (د) قىلىپ[198]،

(نەزم)

«نۇن» بىلەن «دال» دىن «ئىلىپ» تەك بىر ئوق[199]،
ئېتىلار دۈشمەننىڭ كۆكسىگە دەل بوپ.

لەشكەرلەرمۇ شاھىغا ئەگىشىپ خۇددى ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك، ئوقيانىڭ كىرىچىدىن ئوت چاچقۇچى ئوق يالقۇنىنى دۈشمەنگە قاراتتى[200]. ئوقنىڭ ئۇچى - قەلىمى «ئۇلارنى شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق»[201] (دېگەن ئايەتنىڭ) تەپسىرىنى باتۇرلارنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن شۇنداق يازدىكى، ئۇلارنىڭ ھالى ئۇچۇن ھەممىسى باش ئېگىپ «ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتى»[202] دېگەن ئايەت مەزمۇنىنىڭ تەسۋىرى بىلەن نەمۇنە بولدى. ئىنتىقام ئوتىنىڭ يالقۇنى بىلەن خۇددى شامالدەك كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ باتۇرلىرى يامغۇر سۈيىدەك يەر باغرىغا يۈزلەندى. (ئۇلارنىڭ) بەزىلىرى ھاياتلىق سۈيىنى شامالغا كەتكۈزدى. بىرقانچىسى ئوت ياغدۇرغۇچى زەھەرلىك ئوق زەخمىسىنىڭ ئازابىدىن ئىنتىقامغا تولغان كۆكرىكىنى تۇپراققا قويدى.

(نەزم)

خىيال شامىلى بىلەن ياققانىدى جەڭچى ئوتىنى،
ئوق زەربىسى قان يېشىنى تۇپراققا تۆكتى.

ئۆلگەنلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى بەھرىن ئۇرۇغىدىن دوماسا بولۇپ، ئۇ جەڭ دېڭىزىدا گويا ئادەم يەيدىغان لەھەڭ[203] ۋە جەڭ ئورمانىدا پىل ئوۋلايدىغان شىر ئىدى. (يەنە بىرى) چىنپۇ خانلىقىنىڭ خاس كىشىلىرىدىن بولۇپ، شاھ ۋە لەشكەرلەر ئۇنى مەدەتنىڭ ئاساسى، تايانچ ۋە ئىپتىخار مەنبىئى دەپ بىلەتتى. ئۆلگەنلەر قاتارىدا توقتۇمۇر باتۇر، بىككىجەكنىڭ بۇرادىرى بېكى، دۆلەتشاھ، ھەر بىرى بىر قوشۇننىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر ئەمەلدارنىڭ ھامىيسى بولغان ئىككى شاھزادىمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(نەزم)

باتۇرلاردىن بىرەرسىمۇ ساق قالمىدى،
قىرىلدى يۇ، ياردار ھەممە خار ـ زار بولدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ جەڭ قىلىشتى. جەڭگى ـ جېدەل ھاۋاسى رەقىبلەر ھالىغا مىڭلىغان كۆزدىن قان ياغدۇراتتى.

(نەزم)

بىردىن قوزغالدى مىسلى تاغ شۇئان،
ئىككىلا توپتىن ئەۋج ئالدى سۈرەن ـ چۇقان.

باياۋان دېڭىزدەك قانغا تولۇپتۇ،
گوياكى يەر يۈزىگە لالە ئۈنۈپتۇ.

جەڭدە سىنالغانلار ھۇجۇمىنىڭ زەربىلىرى كەينى ـ كەينىدىن بولۇپ، بالايىئاپەت دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرى گۈركىرەشكە باشلىغاندا، ۋەدىگە بىنائەن، غايىبتىن خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى (پەرىشتە) نىڭ ۋاستىسى بىلەن دۆلەت ئەربابى بولغان ساھىبقىران ئالىيلىرىغا «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاسدۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى»[204] (دېگەن ئايەتنىڭ) شادىيانىسى مەلۇم بولدى. بۈيۈك شانۇ ـ شەۋكەتكە ئىگە بولغان دۈشمەنلەر ئۈچۈن بولسا، «ئاندىن ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭ-

لار»[205] (دېگەن ئايەتنىڭ) مەزمۇنى يۈز بەردى: كۆپلىكىدىن يامغۇر تامچىلىرىنى ۋە دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى ئەسلىتىدىغان، تولۇق قوراللانغان قوشۇن خۇددى يەرگە تۆكۈلگەن غازاڭ ۋە نەيسان[206] يامغۇرىنىڭ تامچىلىرىدەك، تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. «ياردەم پەقەت غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللا تەرىپىدىندۇر»[207].

ئىلياس خوجا خان، ئەمىر بېكچەك، ئىسكەندەر ئوغلان، ئەمىر ھامىد، ئەمىر يۈسۈپ خوجالار ئەسىرگە چۈشتى، بىراق، (ئىلياس خوجا) خانغا تۈركىي (خەلق) لەرگە خاس (خاننى ھۆرمەتلەش) ئادىتىنى قوللاندى. يەنى ئۇنى ئەسىر ئالغان لەشكەرلەر تونۇپ قالغاندى. سەردارلىرى خەۋەر تېپىشتىن ئاۋۋال ئاتلىرىغا مىندۈرۈپ، بېكچەك بىلەن بىللە قويۇۋەتتى. قالغان ئەسىرلەر بولسا تۇتقۇنلۇق كىشىنىدە قالدى. شۇ كېچە ساھىبقىران ئالىيلىرى گۆزەت قىلىپ يام دەرياسى[208] غىچەئات چېپىپ بېرىپ، ئۇ يەردە يەنە دۈشمەنلەرنىڭ يولىنى توستى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ھالاك بولدى.

(نەزم)

قاندىن ئۆستەڭ سۈيى گويا بادە بولدى،
ھەممە يەر گۆھەر، لەئلى[209] بىلەن تولدى.

ئەمىرجاكو ۋە ئۆمەر سەيفىددىنلار بۇيرۇقفا بىنائەن سەمەرقەندگە يول ئالدى.

بۇ چوڭ غەلىبە 765 (1363 — 1364) - يىلى يەنى لۇ يىلى[210] قولغا كەلدى.

ئالىي ھىممىتى ھەر قانداق ئىشتا تا ئۇنى مەقسەتكە يەتكۈزمىگىچە تىنچىمايدىغان ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر ھۈسەيىن

www.uyghurkitap.com

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شىر بەھرەم بىلەن بىللە ئاۋانگارتلىق قىلىپ، (دۈشمەن) نىڭ كەينىدىن چۈشتى ۋە خوجەند دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تاشكەنتنى ھۇمايۇن قەدىمىنىڭ مەنزىلگاھى قىلدى. يامان كۆز (ئاسارىتىنى) كەتكۈزۈش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن دۆلەت رۇخسارىغا بىتاپلىق نىلى[211] سۈركەلدى.

## (نەزم)

كۆز نىمىنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئەگەر،
ئاڭا كۆز تېگىپ، زىيان ـ زەخمەت يېتەر.

ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن ئەمىر ھۈسەيىن ئۆزلىرى قونغان يەردە توساتتىن بىر ئاز كېسەل بولۇپ قالغانىدى، ئۇزاق ئۆتمەي «بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز»[212] (دېگەن ئايەت) شىپاخانىسىدىن شىپا تاپتى.

مەھدى ئۇليا[213] ئۇلجاي سائادەت ۋە بەختىيارلىق بىلەن گەرمىسەر ـ خىرمان تەرەپتىن يېتىپ كەلدى. «زامان بىلقىسى[214] يەنە سۇلايمان تەرەپكە كەلدى».

ساھىبقىران ئالىيلىرى قايتىشقا قەتئىي قارار قىلىپ، خوجەند دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە شىكار قىلىش نىيىتىدە پىلان تۈزۈپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى. ئەمىر ھۈسەيىنمۇ دىزەك مەھەللىسىدە شىكار قىلىش ئارزۇسى بىلەن پىلان تۈزدى. ئۇلار ئىككى تەرەپتىن مىڭىپ ئاقار (مەھەللىسى) دە قامارجاي[215] ھاسىل قىلدى. ئۇلار «ئامالىڭىزنىڭ بارىچە ۋاقىتنى غەنىمەت بىل» دېگەن سۆزگە (ئەمەل قىلىپ)، بىرنەچچە كۈننى ئەيش ـ ئىشرەت ۋە شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزدى. (كېيىن) ئۇ يەردىن

شاد ـ خۇرام ئاتلىنىپ، سەمەرقەندگە كەتتى ۋە ئۇ جەننەتتەك شەھەرگە شاد ـ خۇراملىق ئىبلىپ كەلگۈچى ۋە مەملىكەتنى بېزە- گۈچى قەدەملىرى ھەشەمىتى بىلەن زىننەت بەردى؛ بەختىيار ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ غۇبارىدىن ئۇ دىيار كىشىلىرىنىڭ ئۈمىد كۆزى روشەنلەشتى؛ ھايات ھادىسىلىرىنىڭ تېپىشىشىدىن كى- چىك ـ چوڭنىڭ ئەھۋالىدا يۈز بەرگەن سۇنۇقلۇق (ئۇنىڭ) مەرھەمەتلىرى مەلھىمىدىن ھەمدە غەمخورلۇقىنىڭ دورا ـ دەرما- نى تەسىرىدىن شىپا تاپتى. (ئۇنىڭ سوۋغىسى ئۈچۈن، يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاللاغا ھەمدۇسانالار بولغاي).

## ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئاتلىرىنىڭ قۇرۇلتاي ئاچقانلىقى ۋە كابۇلشاھ ئوغلاننى خانلىققا كۆتۈرگەنلىكى

ماۋەرائۇننەھر ۋە تۈركىستان مەملىكىتى، ئۇنىڭغا تەۋە ۋە يانداش (يەر) لەر بىلەن بىللە جەتە ئىستىلاسى ۋە ھۆكۈمرانلىقى پەنجىسىدىن ئازاد بولغان ۋاقىتتا ئۇلۇغ ئەمىرلەردىن بولغان ئەمەلدارلار ۋە ئالىي سەردارلار ھۆكۈمەتتە بىر ـ بىرىنىڭ ئۈس- تۈنلۈكىنى تەن ئالمايتتى ۋە بۇيرۇقىغا بويسۇنمايتتى. چوڭ قەبىلىلەر باشلىقلىرى ئارقا تېرىكى، ئۆز تەۋەلىرى ۋە تەرەپدار- لىرىنىڭ كۆپلىكىدىن قىزىپ كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبلىك ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش بېشىنى ئەگمەيتتى. ئاللانىڭ، ئەگەر ھەرقانداق قەۋمگە، ئۆزىنى قوغداپ تۇرىدىغان بىرەر (باشلىق) بولمىسا، تېز ئارىدا پىتنە ـ پاساتقا ئۇچرايدۇ دېگەنلىكى مەلۇم. ئەگەر ھەربىر مەملىكەتتە ئۇنىڭ بارلىق ئاھالىسى بويسۇنۇپ، ئەمرىنى (ئورۇنداش) شەرت ۋە مەنئى قىلغىنىنى (قىلماسلىق) زۆرۈر،

دەپ ھېسابلايدىغان ھەمدە ھۆكۈمى ۋە بۇيرۇقىغا ھېچقاچان قارشى چىقمايدىغان بىر ھۆكۈمدار بولمىسا، ئۇ يۇرتنىڭ ئەھۋالى ۋە قىياپىتىنىڭ تەرتىپى ئىزدىن چىقىدۇ.

(نەزم)

ھۆكۈمدارسىز جاھان باشسىز تەندۇر بەس،
باشسىز تەن يول تۇپرىقىچىمۇ بولماس.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۆزئارا كېڭىشىپ، چاغاتاي خان نەسلىدىن بىرەر كىشىنى خان قىلىپ كۆتۈرۈشنى توغرا تاپتى. بۇ پىكىرنى ئەستىقلاش مەقسىتىدە، 765 (1363-1364) - يىلى بارلىق ئەمىرلەر ۋە سەردارلارنى يىغىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ، سەلتەنەت ۋە مەملىكەتنىڭ زۆرۈر ئىشلىرى ھەققىدە پىكىرلەشتى. مەسلىھەتلىشىپ، ھايات ئۆزگىرىشلىرىنىڭ مۇشەققىتى ۋەھىمىسىدىن نامراتلىق قورغانىدا دەرۋىشلىك كىيىمىگە كىرىۋالغان دۇرچى ئىبنى ئەلجىكنى ئىبنى دۇۋاخان ئوغلى كابۇلشاھ ئوغلاننى ئۇ لىباستىن چىقىرىۋېلىشنى ۋە ئىقبالى قامىتىنى خانلىقنىڭ كۆركەم خىلئىتى* بىلەن بېزەشنى ماقۇل كۆردى.

(نەزم)

تەنتەنىلىك بەزمە تۈزدى ئۇ كۈن،
سۈيىتىگە قىسسە بولغاي ئۈزۈن.

* خىلئەت — تون. — ت

ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە خاس نېمەت بىرلە،
سەھنىسىنى تۈزىدى بۇ كۆن ئالەم.

بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلىشىپ كابۇلشاھ ئوغلاننى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزدى ھەمدە تۈرك سۇلتانلىرى ئۆدۈمىدىكى ئادەتكە بىنائەن ئۇنىڭغا قەدەھ تۇتۇپ،

(نەزم)

بارچە مەغرۇرلار ۋە ئىگىلمەس باشلار،
قىلدى توققۇز رەت تەزىمنى بىجا.

قاماقتا ياتقان ئەمىر ھەيدەر ئەند خۇرىينى زىندە ھاشىمغا تاپشۇرغانىدى، ئۇ شۇ كېچىدىلا ئۇنى ھالاك قىلىپ، ۋۇجۇدى تەختىنى ھايات ھاكىمىلىقىدىن خالىي قىلدى.

(نەزم)

كىمكى ئۆز ھەددىدىن چەتكە باسقاي ئاياغ،
ئۇ ئەگەر بىر يىقىلسا، تۇرمىغاي مۇتلەق.

بۇ دىيار قەدىمدىن ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىغا تېگىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشاھلارچە ئالىيجانابلىق ئۆدۈمى مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى. (شۇ سەۋەبتىن) ئەمىر ھۈسەيىن شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شۇنداق بىر توي ـ تاماشا تەشكىللىدىكى، سازەندە زۆھرە ئۇنى كۆرۈپ، ھەيرەت سازىنى چالدى ۋە بۇ ناۋانى كۈيلەشكە باشلىدى:

(نەزم)

بۇ شۇنداق بەزمىدۇر، مەقسەت بېرىگەن بۇ جاي،
خىزىرمۇ جامۇ ـ قەدەھ كۆتۈرۈشنى ئىستىگەن بۇ جاي،

نازۇ ـ نېمەت، ئويۇن ـ كۈلكە ئەۋجىگە چىققان،
خاسلار سورۇنى، ھەممىنىڭ شادلىق ئۆيى بۇ جاي.

كېچە ـ كۈندۈز سازى ـ كۈيلەر زوق بېرەر،
ئىنئام جامى دائىم گەردىش تويى بۇ جاي.

ئۇنىڭ تولۇق ئىلتىپاتى ھەممىنى تېگىشلىك ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھۆرمەتلىدى ۋە ئەمىر ھۆسەيىنگە تارتۇقلار تارتتى.

(نەزم)

ئېتىبارغا ئىگە ھەر خىل نەرسىلەر،
ئات، قىلىچ، كۈلاھ، كەمەر...

ئەمىر ھامىدنىڭ ئاتىسى بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئاتىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتمۈشتە دوستلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ يولى بالىلارنىڭ يېقىنلىقىدۇر» دېيىلگىنىگە بىنائەن ساھىبقىران ئالىيلىرى بەزمىدە ئەمىر ھامىد ۋە ئىسكەندەر ئوغلا-نىنى ئازاد قىلىش ھەققىدە ئەمىر ئۆلجايتۇ ئەپەردى بىلەن پىكىر-لەشتى. (بۇ ئەمىر ئۆلجايتۇ) دانىشمەنلىك ۋە زېرەكلىكنىڭ ئەينىكى، ياشانغانلىقىنىڭ ھەر خىل تەجرىبىلىرى زىنىنىتىدىن

جۇلا تاپقان ۋە هاياتتا قىيىن چاغلار بولغاندا ھەممە ئادەم ئالدىغا مەسلىھەت سوراپ كېلىدىغان كىشى ئىدى. (مەسلىھەتكە بىنا-ئەن)، ئۇلارنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئەمىر ھۇسەيىنگە ئىلتىماس قىلدى. ئەمىر ھۇسەيىننىڭ خاھىش ئىستىكى

(نەزم)

مالامەت* بارمىقىنى چىشلىمەي دېسەڭ،
دۇشمەن قولغا چۈشسە ئاياغدىن غۇلات.

(دېگەن) نەزمىنىڭ مەزمۇنىغا قانچىلىك مايىل بولسۇن، ئۇ ئالىيلىرىنىڭ شەرەپلىك خاتىرى ئۈچۈن رەت قىلىش قولىنى ئىلتىماس كۆكسىگە قويمىدى ۋە ئۇلارنى ئازاد قىلىشقا ئىجازەت بەردى. ئەمما شۇنچە ھەرىكەتلەرگە قارىماي، ئايەتتە «ھەر بىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكۈمى بولىدۇ»[216] دېگەن ۋەدە بويىچە قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ (ھەرىكەت) لەرنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى.

ئەمىر ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ قەدىم يۇرتى سالى ساراي تەرەپكە يول ئالدى. سائادەت يولدىشى بولغان ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر ھامىدنى قاماقتىن ئازاد قىلىپ، ھۆرمەت - ئىززەت بىلەن كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمىر داۋۇد ۋە ئەمىر سەيفىددىنلەرنى ئەۋەت-تى. ئەمىر ھامىدنى قاماقتا تۇتۇپ تۇرغان بايەزىد بىلەن ئەمىن ئىككىلا ئەمىرنى يىراقتىن كۆرۈشى بىلەن، ئايەتتە «بەزى گۇمان-لار ھەقىقەتەن گۇناھدۇر»[217] (دېيىلگىنىگە قارىماي)، ئەمىر ھامىدنى ئۆلتۈرۈشكە كېلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ گۇمان قى-لىپ ئالدىراپ - تېنەپ بىرى ئۇنىڭغا توقماق يەنە بىرى قىلىچ

* مالامەت — بىراۋنى ھەق - ناھەق يامانلاپ ئېيتىلغان گەپ، تەنە. — ت

ئۇردى. ئۇمىد لېۋىگە نىجات بالى تېگەي دەپ قالغان شاھىد ئەمىر ھامىد ئۆلۈم زەھىرىنى يۇتتى. «ئالالنىڭ ھۆكۈمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ، ئاللا تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر»[218].

(نەزم)

كىمنىڭ ئېرىقىدىن قازا توختاتسا ھايات سۇيىنى،
خىزىر جامىدا كۆرگەي ئۆلۈم شاراب مەيىنى.

ئەمىر ھۇسەيىن بۇ ئەھۋالدىن ھوشيار بولغاچقا، بۇ ھەقتە نۆكەر ۋە ئاددىي ئادەمنىڭ قىلمىشى خاس ئادەم (قىلمىشىدىن) ياخشىراق (بولدى) دېدى. ئۇ تېز ئارىدا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسكەندەر ئوغلانىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپ ئۇنى ياساققا ئەۋەتتى. «قازا ئوقى ئۇچۇن قالقان يوقتۇر». بۇ قىشتا ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ھەرقايىسىسى ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە بەختىيارلىق پايتەختىدە ئارام تاپتى: ئىش ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆتۈشى ئامان - ئېسەنلىككە مۇۋاپىق بولدى، ئارزۇ - ئۇمىدلەر ناغرىسى (بولسا)، غەلىبە ۋە ئىقبال زىلالىغا * لىپمۇلىق تولدى. ھەممەتلىك ۋە سېخىي ئاللاغا تولۇق ھەمدۇساناlar بولغاي.

# پاتقاق جېڭى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتى

«سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللا كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن»[219] دېگەن ئايەت مەزمۇنىنىڭ گۈللەر بىلەن

---

* زىلال — سۈزۈك سۇ. — ت

چىراي ئاچقان تىكەنلىك چىمەندىن بېشارەت مەيىن شامىلى بەختسىزلىك غەمخانىسىدا مۇشەققەت چەككەنلەرنىڭ دىمىقىغا يې- تىپ بارىدۇ؛ مۇراد - مەقسەتلەر كېلىنلىرى مۇشەققەت ۋە بەختسىزلىكلەر لىباسىدا جۇلالىنىدۇ، نېمەت ۋە ئىنئام ئىلتىپات- لىرىنى غەم ۋە مۇشەققەت داستىخىنىدا تارتۇق قىلىدۇ. بۇ ئاللا- نىڭ قۇدرەتلىك ھېكمىتىنىڭ بەلگىسىدۇر.

(نەزم)

قايسى ئاشىق دوستىنىڭ پىنھانىدىن ئىكەن ئاگاھ،
ئۇنىڭ خەيرى يولىدا ئۇچرىغان — يا تىكەن، گۈل يا.

كاتتا دۆلەت مۇشەققەت بىلەن كېلىدۇ. بۈيۈك بىرلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت تارقاقلىق ۋە ئامەتسىزلىك سەۋەبىدىن بولىدۇ.

(نەزم)

ياخشىدۇر غۇلاپ كېتىش، كەينىدە پۇختىلىق بولسا،
ياخشىدۇر ئەندىشىمۇ، ئارقىدىن خۇشاللىق بولسا.

ياخشىدۇر قۇلۇپ ئەگەر كۆرۈنمىسە، ئۇنىڭ بەندى،
ئاچقىنىڭدا قۇلۇپ ئەمەس، بولۇپ قالسا ئاچقۇچ ئەندى.

(ساھىبقىران) ئالىيلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختىدە[220] سائادەت ۋە ئىقبال بىلەن ئارام ئېلىپ ئۆتكۈزگەن قىش پەسلى تۈگەپ، باھار قەھرىمانى لالە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، يېشىل مايسى-

لاردىن كىيىم كىيگەن قوشۇننى باغۇ ـ بوستان سەيناسىغا باشلاپ كەلدى.

(نەزم)

تاڭ شامالى جويبار[221] تامان تارتتى لەشكەر،
قورالىنى تەييارلىدى جەڭگە ـ جېدەل:

غۇنچىدىن ئوق ياسىدى، گۈلدىن قىلدى قالقان،
سۇدىن ساۋۇتى، نەيزىسىنى چاقلاپ تىكەن.

(شۇ چاغدا) جەتە قوشۇنلىرى يەنە قەتئىي قارارغا كېلىپ بۇياقتا قاراپ يولغا چىقىپتۇ دەپ خەۋەر كەلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ھىممەت يۈزىنى لەشكەر توپلاشقا قارىتىپ، (بىر) كىشىنى ئەۋەتىپ ئەمىر ھۈسەيىننى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىلدى.

ئەمىر ھۈسەيىن (ئۆز نۆۋىتىدە) پولات بۇغا، مۇھەممەد خوجا ئەپەردىنىڭ ئوغلى زىندە ھاشىم ۋە مالىك باھادۇرلارنى لەشكەرلەر بىلەن ئاۋانگارتلىق قىلىپ، ئامالىنىڭ بارىچە تېزرەك ساھىبقىران) ئالىيلىرىغا قوشۇلسۇن دەپ بۇيرىدى. ئۇلار (ساھىبقىران) ئالىيلىرىغا بېرىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ھۆججۈمدا پەلەكتەك ھەيۋەتلىك، يۈرۈش قىلىشتا سەييارىلاردەك ھەرىكەتچان قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەنگە قاراپ يۈزلەندى.

ئۇلار ئاقار مەھەللىسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئات ـ ئۇلاغ ئەھۋالىنى ئويلىشىپ، بىر نەچچە كۈن شۇ مايىسزاردا بولغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن كۆچۈپ، يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. ۋە خوجەند دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە چۈشتى. ئەمىر ھۈسەيىنمۇ نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئالدىرىدى.

(خوجەند) دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ تەرەپتىن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئاۋانگارت قىسمى يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى چىناس بىلەن تاشكەنت ئارىلىقىدىكى دەريا بويىنى ئۆز قارارگاھى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە قوشۇنغا تۇرا ۋە چىر[222] بىلەن ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ئېھتىياتچانلىق ۋە ھوشيارلىق شەرتلىرىنى ئورۇنداشنى بۇيرىدى.

ئەمىر ھۈسەيىن كەينىدىن كېلىۋاتقان پۈتۈن قوشۇنلار بىلەن جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە ئۇلارنىڭ مورچەل[223] لىرىگە كېلىپ چۈشتى. ئۇ تەرەپتىن دۈشمەن لەشكەرلىرىمۇ بادام دەرياسى[224] بويىغا يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ يەردىن قوزغىلىپ يولغا چىقتى. ھەر ئىككى تەرەپ قاراۋۇللىرى بىر - بىرىنى كۆرۈپ قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، سەپلىرىنى تەق قىلدى. ئوڭ قاناتتا ئەمىر ھۈسەيىن شانۇ - شەۋكەت تۇغىنى ئەيىۇق يۇلتۇزى[225] غىچە كۆتۈردى. ئۇنىڭ قەنبۇلىدا[226] تىلانچى ئەرلات، ھىراۋۇلدا ئۇلجايتۇي ئەپەردى، شىر بەھرام، پولات بۇغا، پەرھاد ئەپەردى، مالىك باھادىر ۋە باشقا داڭدار باتۇرلار بار ئىدى. ئالەمنىڭ جېنى ۋە ھەربىر تىنىڭ يۈرىكى بولغان ساھىبقىران ئالىيلىرى سول تەرەپتە (تۇرۇپ)، ئىككىملا يورۇتقۇچ[227] قا (قوشۇمچە)، زەپەر تۇغى ھىلالىنى ئۇچىنچى (يورۇتقۇچ) قىلدى. ئۇ ئەمىر سارى بۇغانى قىپچاق قەۋمى بىللە قەنبۇلغا بەلگىلىدى، ھىراۋۇلغا تۆمۈرخوجا ئوغلان تەيىنلەندى. ئەمىرجاكو، ئەمىر سەيفىددىن، ئەمىر مۇراد بارلاس، ئاباس باھادىر ۋە باشقا قىلىچۋاز باتۇرلارنى قولدا تۇتۇپ تۇردى. ئەنە شۇ تەرتىپكە ئاساسەن، قوشۇننى ئالغا سۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىيسى

(نەزم)

هۈنرى ئۆچ ئېلىش ۋە باتۇرلۇق قىلىش،
سان جەھەتتە ياۋ لەشكىرىدىن كۆپ ئىدى.

بىراق (ئايەتتە) «ئاللا سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە هۈنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە)[228] ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار. . . »[229] دېيىلگىنىدەك، ھەيرەتلىنىش ئازابىدىن ئامان قالمىدى. جەتە (قوشۇنلىرى) قايامىتەن[230] دىكى جەڭ مەيدانىدا سان جەھەتتىن ئارتۇق بولسىمۇ، بۇ تەرەپ قوشۇنلىرىدىن قاتتىق زەربە يېگەنىدى. بۇ تەرەپ قوشۇنلىرى ئۇلاردىن كۆپ بولغان شۇ پەيتتە، ھىيلە ئىشلىتىش يولىغا ئۆتتى. يەنى خاسىيىتى يارانقۇچىنىڭ ئاجايىپ ھۈنەرلىرىدىن بىرى بولغان ھەدىيە تېشى ۋاسىتىسى بىلەن ھەدىيە قىلدى.

(نەزم)

جەتە قوشۇنى جەڭگە بېرەلمەي بەرداش،
جادۇ قىلماقچى بولۇپ ئىزدەشتى تاش.

جادۇ تېشىنى بىر ئەپسۇنچى ئېلىپ،
جاھاننى بوران ۋە يامغۇرغا قىلدى غەرق.

هاۋا گۈلدۈرلىدى، شامال قىلدى پىغان،
چاقماق چېقىپ ئۆتتى ھەتتا مۈشۈئان.

قۇياش جەۋزا (بۇرجىدا)[231] بولۇشىغا قارىماي، توساتتىن بۇلۇتنىڭ قارا ساۋۇت كىيگەن لەشكەرلىرى،

(نەزم)

شامالنى گويا سۇلايماندەك مىنىۋېلىپ،
ھاۋانى گۈلدۈرلىتىپ، چاقماق چاقنىتىپ.

قازا پىستۇرمىسىدىن ھاۋا سەيناسىغا ئات چاپتى. گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلىشىنى ئاسمان گۈمبىزىنىڭ كۆك تورۇسىغا تارقىتىپ، چاقماق ئوقلىرىنى گۈلدۈرماما ياسىدىن ھەر تەرەپكە ئاتتى. يەنى يامغۇردىن ئوق ياساپ، ئوق بورىنى قىلىشقا باشلىدى. شۇ چاغلاردا زامانەنىڭ پىتنە - پاساتقا بولغان ئىشقى يېڭىلانغاندى، بۇلۇتنىڭ كۆزىدىن شۇ قەدەر كۆپ سۇ تۆكۈلگەنىدىكى، (گويا) توپان بالاسى كەلگەنىدى.

(نەزم)

شۇنداق بوران توختىدى ئۇ يۇرتتا، سەن دەيسەن بۇلۇت،
ئۇ دەم نۇھ دۇئا[232] سىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپتۇ بۇت.

تۇپراققا شۇنچە كۆپ سۇ ۋە نەم سىڭدىكى، يەرنىڭ كالىسى[233] خۇددى بېلىقتەك سۇغا چۆكۈپ كەتتى ۋە جەڭ مەيدانى

تۆلپارلىرى شۇ دەرىجىدە پاتقاقتا پاتتىكى، قارنىنىڭ تېرىسى يەرنىڭ تېگىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭگە ئايلاندى. تۇمانىنىڭ كۆپلۈكى-
دىن پەي[234] ئوقيا سۆڭىكى[235] دە ئەستەرخا كېسلى[236] گە ئۇچ-
راپ ئازابقا چۈشتى ۋە پالەچكە ئوخشاش تىترەپ هالىدىن كەتتى.
ئوق قۇشنىڭ قانتى ئېسىلىپ، تۇمشۇقى ئىشتىن چىققاندى.
(هاۋا) ناهايىتى نەم بولغانلىقتىن، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەر شۇ دەرىجىدە ئېغىرلاشقانىدىكى، ئاتلىقمۇ، پىيادىمۇ مىدىرلاشقا هالى قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ تەرەپتە لەشكەر-
لەر ئار ـ نومۇس ۋە باتۇرلۇقنىڭ كۈچىدىن ئالدىغا ماڭاتتى.
دۈشمەن لەشكەرلىرى بولسا ئۆز جايىدا تۇرۇپ، باشلىرىغا كىگىز يېپىنىۋالغاندى ۋە ئىمكانىقەدەر كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ ياراغلارنى يامغۇردىن ئاسرايتتى.

(بۇ تەرەپ) لەشكەرلىرى ئۇلارغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلار كىگىزلەرنى باشلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، دەم ئېلىپ تۇرغان ئاتلار بىلەن قورال ـ ياراغنى ئاۋايلاپ ساقلىغان هالدا جەڭگە ئاتلاندى.

## (نەزم)

ئىككىلا قوشۇندىن قوزغالدى سۈرەن،
غەۋغاغا تولدى ئوك ۋە سول جاهان.

باتۇرلار هۇجۇمى كاناي ـ سۇنايدىن،
هەتتاكى پەلەكمۇ كەتكەندى هالدىن.

هەممە ياق ئۇر ـ سوق، هەم سوغۇقنىڭ زەهرى،
باتۇرلار هۇجۇمى ۋە ئوق يامغۇرى.



www.uyghurkitap.com

قىلنى يارغۇچى بىلەك[237] كۆيدۈرۈپ جان.
كىندىك ئومۇرتقىدىن ئىزدەيتتى ماكان.

كۆزگە قادالغۇچى ئوق «كۆڭۈل سورار»،
نەپەس تەن ئىچىدە جىگەرنى كۆيدۈرەر.

ساھىبقىران ئالىيلىرى تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن سول قاناتتىن ھۇجۇم قىلدى ۋە دۈشمەننىڭ قەنبۇلىدا ئەمىر ھامىدنىڭ بۇرادىرى شىنگۇم سەردار تۇرغان ئوڭ قانىتىنى زەخىملەندۈردى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئىلياس خوجا خان قېچىشقا يۈز ئۆرىدى.

بىراق زامانە توغرا يولدىن چەتكە قەدەم قويغانلىقى سەۋەبلىك قەنبۇلى شىراۋۇل ۋە ھاجىبېك پارچىلىغان دۈشمەن قوشۇنى بۇ تەرەپنىڭ ئوڭ (قانىتى) دىن ئۈستۈن كەلدى ھەمدە تىلانچى ۋە زىندا ھاشىملارنى قوغلاپ ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. (نەتىجىدە)، ئۇلارنىڭ قانات قىسمى يېڭىلىپ تارقاپ كەتتى ۋە قېچىشقا باشلىدى. شىر بەھرام بىلەن پولات بۇغا مۇستەھكەم بەرداشلىق ئايىغىدا چىڭ تۇرۇپ، مەردلىك كۆرسەتتى. ھاجىبېكنىڭ بۇ تەرەپنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئالدىغا سېلىپ، قوغلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن پەرھاد ۋە ئورۇڭ تۆمۈر ھەيران بولغان ھالدا توختاپ قالدى. ئۇ تەرەپتىن ئەمىر شەمسىددىنمۇ زور بىر توپ بىلەن غەيرەت قولىنى باتۇرلۇق يېڭىدىن چىقىرىپ مەردلەرچە كۈرەش قىلدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ غۇرۇر ئوتى يالقۇنجىدى. جىسمانىي كۈچلۈكلۈكى، نەسىل - نەسەبلىكلىكىنى تەستىقلىغۇچى قانىتى بىلەن

(نەزم)

قىلىچ بىلەن سۇدەك ئوت پۈركىدى،
قوياش كۆزى ئۇنىڭدىن خىرە بولدى.

سالدى ئات گويا هۆركىرىگەن شىردەك،
تۆمۈر دۇبۇلغا خۇددى ئەجدىهادەك.

ئۇ 17 قوشۇن بىلەن دۇشمەنگە ئېتىلدى ۋە ئوتتەك هۇجۇمىنىڭ شامىلى ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقەت خامىنىغا ۋەھىمە سالدى، ئەمىر شەمسىددىن ئۇ ئالىيلىرىنىڭ هەيۋىسى قورقۇنچىدىن ئىقتىدار تىزگىنىنى جەڭ مەيدانىدىن بۇراپ، ئاجىز ۋە كەيپى ئۇچقان يۈزىنى قېچىشقا بۇرىدى.

(نەزم)

هەركىمنىڭ هۇجۇمىنى ئېنىق بىلگەن ئان،
ساق قېلىشى ئۇنىڭ بولاتتى گۇمان.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ غەلىبىسىدىن ئەمىر هۇسەيننىڭ ئىشەنچىسى كۆچىيىپ، يەنە ئۆز قوشۇنىنى توپلىدى.

(نەزم)

ياۋنى يەڭگەن شاھنىڭ غەلىبىسىدىن،
جان كىردى لەشكەر تېنىگە بىردىن.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۆزىنىڭ تابان باھادىر (ئىسمىلىك) نۆكىرىنى ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە: ھازىرقى قۇلاي ۋەزىيەت شۇنداقكى، ئەمىر ئالدىغا (بىر تەرەپكە) مېڭىشى كېرەك ۋە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، دۇشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى شۇنداق قىرايلىكى، ئۇلاردا تەڭ كېلىشكە ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ماجال قالمىغاي، دەپ يەتكۈزدى. سائادەتلىك ساھىبقىراننىڭ تەلىيى كۈچىدىن ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ ئىقبال يۇلتۇزى سۇنۇشقا يۈز تۇتقان ۋە دۆلىتىنىڭ كۈنى بەختسىزلىك شامىغا يېقىنلاشقىنى ئۈچۈن «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللا ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ).»[238] (دېگەن ئايەتنىڭ) مەزمۇنىغا ئاساسەن شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەھدىلەشكەن ئىقرار ئاۋازى ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇناسىپ بولمىغان مىجەز - خۇلق ۋە بولمىغۇر ئىشلار كۆزگە چېلىقاتتى.

تابان باھادىر ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇنى سۆكۈپ يەنە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر ھۇسەيىن باتۇرلىرىدىن بولغان مالىك ۋە ھەمەدىينى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ھەمدە پۇرسەت قولدىن كەتمىسۇن ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئالدىغا مېڭىش لازىم دەپ تەكىتلىدى. (ئەمىر ھۇسەيىن) بۇ سۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغاچقا، ئۇلارغا دەشنام بەردى ۋە پوپوزا قىلىشى بىلەن بىللە جەبىر - زۇلۇمدىن (سۆز قىلغان) تىلىنى ئۇزارتىپ: «نېمە، مېنى ئالدىغا مېڭىشقا ئۇندەۋاتقىنىڭىزغا قارىغاندا، مەن (جەڭ مەيدانىدىن) قېچىپ كېتىۋاتامدىمەن؟ سىز غەلىبە قىلامسىز ياكى دۇشمەن غالىب كېلەمدۇ، مېنىڭ ئىنتىقام قولۇمدىن بىرەر كىشى جان ساقلاپ قالىدۇ دەپ ئويلىماڭ» دېدى. مالىك ۋە ھەمەدىي خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن قايتىپ كەتتى ۋە ساھىبقى-

ران ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئالدىراپ، ئۇنىڭ پادىشاھىغا خاس تىزگىنىنى تۇتتى ھەمدە: «بۇ جەڭگە ئانچە تىرىشىش كېرەك ئەمەس ۋە بۇ ھەقتە ئارتۇقچە ئۇرۇنماسلىق لازىم» دېدى. (ساھىبقىران) ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ سۆزىدىن چىقمىدى ۋە جان كۆيدۈرۈپ (جەڭ قىلىشتىن) قولىنى تارتتى.

ئىككىلا تەرەپنىڭ سول قانىتى ئۆز قارىشىسىدىكى (قوشۇننى) ئىزمۇئىز قوغلاپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن، قوشۇنلار بىر - بىرىدىن (خېلى ئىچكىرىگە) ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە يېتىشىپ، ھەركىم بارغان جايىدا قوندى.

(نەزم)

ئۆز تۇلپارىدىن چۈشكىنىدە جاھان،
ئۇنىڭ لەشكىرىمۇ قوندى شۇئان.

تەدبىر بىلەن يولغا سېلىپ رايىنى،
تاڭ ئاتقىچە تەرك ئەتمىدى جايىنى.

شۇ ئاخشام ئەمىر ھۈسەيىن بىر نەچچە قېتىم ساھىبقىران ئالىيلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئورۇنسىز يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك كۆڭلى قالغانلىقى ئۈچۈن ئىلتىپات كۆرسەتمىدى ۋە (ھېچبىر) ئىلتىماس ئىشقا يارىمىدى.

(نەزم)

تاڭلا جەڭ كۈنى شەرەپلىك سۇلتان قالقان[239]،
چىن دېڭىزى[240] تاغدىن كۆتۈرۈلگەن ئان.

ئىككىلا قوشۇننىڭ قان تۆكۈش تەلىپى،
تۇغ كۆتۇردى بېھىستۇن[241] كەبى.

كاناي - سۇناي ئەۋجىدە قىيامەتتۇر،
تىنچ ياتقان ئۆلۈمگە نەيزە ئېيتار «تۇر!»

قازا نەيزە ئۇچى بىلەن دوست بولدى،
بالا لەھەڭىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭ مەردۇ - مەيدانلىرى ئاتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۇپ، جەتە قوشۇنلىرى زەخمىلەندى ۋە كەينىگە قېچىشقا يۈزلەندى. بۇ تەرەپ لەشكەرلىرى قېچىۋاتقانلار ئىزىدىن ئۇلارنىڭ ناتىۋان تېنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان جاندەك ماڭاتتى. بىراق، دۇنيانىڭ ئۆز پىلانى بار ئىدى.

شۇ چاغدا ئەمىر شەمسىددىننىڭ ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ قالغان قىسمى سەرسان بولۇپ يۈرگەن بىر توپ لەشكەر بىلەن پەيدا بولۇپ قالدى. قېچىپ كېتىۋاتقانلار كەينىدىن ئىتتىك كېتىۋاتقان بۇ تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى تىزگىنىنى بۇراپ، ئۇ قىسىم تەرەپكە بۇرالدى. مەغلۇپ بولغان (دۇشمەن لەشكەرلىرى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يىغىۋاشتىن توپلاندى ۋە بىردىنلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. يەر - جاھان زىلزىلىگە كەلدى.

(نەزم)

ھەر تەرەپتىن تۇلپارلارنى سۇرۇشتى،
بىر - بىرىنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇشتى.

دۇبۇلغىلار ساۋۇت بولدى ئوقلاردىن،
ئوقلار ئۇچى تۇگۇن يۈرەك، كۆزلەردە.

مۇقىمسىزلىق خاس ئادىتى بولغان زامانە بەخت ـ دۆلەتتىن زىنىنەتلەپ تىكلىگەن بايراقنى «بەختسىزلىكنىڭ يان شاملى بىلەن غۇلاتتى» . نەتىجىدە غەلىبە قازانغان بۇ تەرەپ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، قېچىشقا يۈزلەندى.

(نەزم)

بىۋاپا دۇنيانىڭ ئادىتى شۇنداق،
راھەتنى كۆرسىتىپ، دەرد بېرەر كۆپرەك.

قېچىشنىڭ ئۇر ـ سۇر، ئالا ـ توپىلاڭلىرىدا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پاتقاققا پېتىپ قالغانىدى. ھالسىراپ قالغان دۈشمەنلەر (قايتىدىن) غەيرەتكە كەلدى ۋە پۇخاندىن چىققىچە ئۆچ ئېلىش قىلىچىنى كۈچ بىلەن چاپتى. 10 مىڭغا يېقىن كىشى ئۇ قىيامەت توپىلاڭنىڭ قۇربانى بولدى. «ئاللانىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلگەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر»[242].

بۇ ۋەقە 766 ـ يىلى رامىزان (ئېيىنىڭ) بېشىدا (1365 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى)، يەنى يىلان يىلى يۈز بەردى.

تاسادىپەن، شۇ كۈنلەردە پەلەكتە ئەقرەب بۇرجى[243] دا جايلاشقان ۋە مۇنەججىملەر ئۇنى «ئوغرىلانغان قىران»[244] دەپ ئاتىغان ئۇچلۇك قىرانلىرى[245] نىڭ ئونىنچى قىرانى[246] يۈز بەرگەنىدى. بۇ سۆز ئاسمان ھادىسىلىرىنىڭ ھالەتلىرىنى ئايان قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، شۇنچە كۆپ قىسىمنى (ئىنزاھ بىلەن) تولدۇرۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى. (ھەممىگە ئاللادىن باشقا تەسىر قىلغۇچى يوقتۇر).

ئەمىرلەر ئۇ يەردىن قايتىپ كېشكە يېتىپ باردى ۋە ھەركىم ئۆز خەلقىنى جەيھۇن (دەرياسى) دىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا كىرىشتى. ئەمىر ھۇسەيىن ساھىبقىران ئالىيلىرىغا قاراپ: «ئائىلە ۋە ئەل - ئۇلۇسىنى (جەيھۇن) دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ» دېدى. ئۇ ئالىيلىرى ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۇلار (دەريادىن) ئۆتۈشكە يول ئاپتۇ. بىراق ۋىلايەتنى قالدۇرۇپ كېتىشكە مېنىڭ ھىممىتىم يول قويمايۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ دۈشمەننىڭ جەبىر - زۇلمىدىن پۇتۇنلەي ئاياغ ئاستى بولۇپ كەتكەن. يەنە بىر قېتىم قوشۇن توپلاپ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرماقچىمەن».

ئەمىر ھۇسەيىن ئۇ يەردىن سالى ساراي تەرەپكە ماڭدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ پۇتۇن ئەل ۋە تەۋەلىرىنى كۆچۈرۈپ دەريادىن ئۆتتى؛ ئېدىر ۋە داۋانلاردىن ئېشىپ شىبەرتۇ مەھەللىسىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە خەۋەرچىلەرنى قويدى. مۇبادا جەتە قوشۇنى يېتىپ كەلسە، ھىندىستان تەرەپكە كەتمەكچى ئىدى.

سائادەتلىك ساھىبقىران ئەمىر ھۇسەيىننىڭ كېشدىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھىممەت يۈزىنى قوشۇن توپلاشقا قاراتتى. ئۇ ياخشى تەدبىر بىلەن 12 قوشۇن تۈزۈپ، ئۇنىڭدىن يەتتە قوشۇننى تۆمۈرخوجا ئوغلان جاۋۇرچى ۋە ئاbباس باھادىرلار باشچىلىقىدا ئاۋانگارت تەرىقىسىدە سەمەرقەندگە ئەۋەتتى. جاۋۇرچى ئۇ يەردە ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەنىدى، شارابنىڭ كەيپى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ،

(نەزم)

شاراب ئەگەر شامالدەك ئەتىر چېچىپ ئۆتكەن بولسا،
قىزىتىپ بەدقىلىق قىلغاي ئۇ، ئەگەر بىكار كەتكەن بولسا.

دېيىلگىنىدەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئوچاقتا كۆيگەن ئۇ يامانلىق ئېغىز بوشلۇقىدا يالقۇنلاشقا باشلىدى. ئۇ داۋۇد خوجا ۋە ھىندۇ شاھنى قورقىتىپ: «پالانچى، يەنى ساھىبقىران ئالىيلىرى سىزلەرنى تۇتۇپ ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. ئۇ سىلەرنى شۇ ئاندىلا يوق قىلىپ تاشلايدۇ» دېدى. ئۇلارنى ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ باستى. قېچىشنى خالاپ، دۈشمەن تەرەپكە تېز يۈرۈپ كەتتى ۋە جەتە قوشۇنىدىن ئاۋانگارت قىسىم كۆكۈنەك مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋەجىدىن ئۇلۇغ توقتۇمۇرنىڭ ئوغلى كېپەك تۇمۇر، شىراۋۇل ۋە ھاجىبېكنىڭ ئوغلى ئوكۇرجاقلارغا يول باشلىغۇچى بولۇپ، ئۇلارنى تۇمۇرخوجا ئوغلان، جاۋۇرچى ۋە ئاباسلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. (دۈشمەن) ئۇلارنى تارمار قىلىپ، قوشۇنىنىڭ بىرلىشىشى ھەققىدىكى قارارى بەربات بولدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەھۋالدىن ھوشيار بولۇپ، دۆلەت ئىشىدە يەنە بىر ئاز كۈتۈش قىيىنچىلىقى بارلىقى ۋە (بىھۇدە) جان كۆيدۈرۈشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

## (نەزم)

ئاپىرىن دېيىشەر خالايىق كۆرەشكەندە ئەر كىشى،
بەختى كەتسە تېپىلماس ياردەمچى بىرەر كىشى.

ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخنى پادىشاھلارغا خاس قارارگاھ قىلىپ بەلگىلىدى ۋە ئۆزىنىڭ تارقىلىپ كەتكەن ئەل ۋە تۇمەن قوشۇنىنى يىغدى. شۇنىڭدەك، كېپەكخان ۋە ئولجاي بوغا سۇلدۇز قوشۇنلىرىنىمۇ يىغىپ كېلىشكە بۇيرىدى. بىر توپنى جەيھۇن دەرياسى بويىنى ئىگىلەپ قوغداشقا ھەمدە كۆز - قۇلاق

بولۇش ۋە ھوشيارلىق شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ، ھەرقانداق كۆڭۈلسىز ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا تەيىنلىدى. تۆمۈر خوجا ئوغلانىنى، ئۇنىڭدىن يۈز بەرگەن خاتالىق ئۈچۈن سوراققا تارتتى. (ئۆزى بولسا) ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئاپتىپىنىڭ چىققىشىنى كۈتۈپ، ئىشرەت ۋە بەختىيارلىق تېگىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

## (نەزم)

مۇمكىن بولسا ھەردەم ئۆتكۈزۈش كەيپى ساپا،
ئۇدەمنى غەنىمەت بىل ئەي خوجا بۇ دۇنيادا.

## جەتە قوشۇنىنىڭ سەمەرقەندنى قامال قىلغانلىقى

جەتە قوشۇنى سەمەرقەندگە يېتىپ كەلدى. شۇ چاغلاردا (شەھەرنىڭ) قورغىنى بولمىغانلىقتىن مەۋلانە زادە سەمەرقەندىي، مەۋلانە خۇردەك بۇخارىي ۋە ئەبۇبەكر كەلەۋىي نەددافلار شەھەر ئاھالىسىنى ئۆزە تۇرغۇزۇپ، شەھەرنى قوغداشقا باشلىدى. مەلۇم مۇددەت يۇقىرا ھېچقانداق پادىشاھنىڭ شان ـ شۆھرىتىسىز باشتىن ـ ئاياغ قورالانغان خائىن دۈشمەن بىلەن ئادالەت ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن مەردلەرچە كۈرەش قىلدى. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتا ۋە مۇداپىئەدە شۇنداق چىدامچانلىق كۆرسەتتىكى، دۈشمەنلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىستىلا قولى ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ نومۇس ۋە مال ـ مۈلكى ئېتىكىگە يەتمىدى. كىشىلەر قامال مۇددىتىنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىكىدىن ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى.

(شۇ چاغدا) بىچارىلەرنىڭ نىجاتكارى بولغان تەڭرى تائالانىڭ ئىلتىپاتى (ئۇلارنىڭ) ئاھۇ ـ پىغانىنى ئاڭلىدى ۋە «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار»[247]. دەرۋەقە ھەر بىر مۇشكۇللۇكنىڭ بىر ئاسان تەرىپى بار (دېگەن ئايەتنىڭ) روھ بەخش ئەتكۈچى مەيىن شامىلى ئاللا رەھمىتىنىڭ دەرگاھىدىن چىقتى. جەتە (قوشۇنىنىڭ) ئاتلىرى ئارىسىدا ۋابا تارقىلىپ، ئىنتايىن نۇرغۇن ئات ئۆلۈپ، ھەر تۆت ئاتلىقتا بىردىن ئارتۇق ئات قالمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئامالسىز ۋە ھەيران بولۇپ، ئۇ يەردىن (ئۆز يۇرتلىرىغا) قايتىپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تىركەش[248]لىرىنى ئارقىلىرىغا باغلاپ، پىيادە كېتىشكە مەجبۇر ئىدى. پادىشاھلارنىڭ ھىممىتى ۋە ئۇلارنىڭ نائىبلىرىنىڭ سەۋر ـ تاقىتىگە مەنسۇپ بولغان يۇرتنى قوغداش ۋە ئەنە شۇنداق لەشكەرلەرگە قارشى تۇرۇشتەك ئىشلار پۇقرالارنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى.

(لېكىن) بىرمۇنچە كۈچ ۋە ئىختىيارغا ئىگە بولغان بىر توپ (كىشىلەر) نىڭ تەسەۋۋۇرى بېشىغا مەغرۇرلۇق شامىلى كىرىپ، ئۇلار جاسارەت ئاياغلىرىنى ئۆز مەۋقەلىرىدىن يۇقىرىغا قويدى ھەمدە ھۆكۈمرانلىق ۋە زوراۋانلىق قوللىرىنى قان تۆكۈش ۋە پىتنە ـ پاسات تەشكىللەشكە سوزدى. «ئەي خۇدا، گادايىنىڭ مۆتتەۋەر بولۇپ قىلىشىدىن ساقلىغايسەن!»

جەتە قوشۇنى قايتىپ كېتىۋاتقان چاغدا، ساھىبقىران ئالىيلىرى جەتەنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاباس باھادىرنى قەھەلقەگە ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئىنقىلاپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن شەكىلدە ئۇ ئالىيلىرىغا يەتكۈزدى. (ساھىبقىراننىڭ) ئالىي رايى جەتە قوشۇنىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە ئەمىر ھۈسەيىن ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى ۋە بۇ تەرەپكە بېرىش كېرەكلىكىنى ئېيتىشنى

تاپشۇردى. بارغان كىشى خەۋەرنى يەتكۈزگەندە ئەمىر ھۈسەيىن چەكسىز خۇرسەن بولدى ۋە تېز پۇرسەتتە شىبەرتۇدىن كۆچۈپ سالى ساراي تەرەپكە يول ئالدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى بولسا، ئائىلىسى ۋە ئېلىنى (جەيھۇن) دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قەدىم يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ئەمىر ھۈسەيىننىڭ يېنىغا ئاتلاندى. ئۇلار باقلان جىلغىسى[249]دا ئۇچراشتى ۋە بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئىززەت ـ ھۆرمەت قائىدىسىنى ئادا قىلدى ھەمدە ئۆتكەن ـ كەچكەن ۋە كەلگۈسى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ھەققىدە مەسلىھەت ئالمىسى بىلەن (پىكىر) گۆھەرلىرى تېشىلدى. (ئاخىرى) باھار كېلى-شى بىلەن تەڭ سەمەرقەندگە بېرىشقا قارار قىلىشتى. ساھىبقى-ران ئالىيلىرى سائادەت بىلەن قايتتى ۋە جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر نەچچە مەنزىل يول بېسىپ قەرشىگە كېلىپ چۈشتى.

بۇ يەرنىڭ قەرشى دەپ شۆھرەت قازانغانلىقىنىڭ سەۋەبى، كېپەكخان (ئۆز دەۋرىدە) نەسەف ۋە نەخشەب[250]دىن ئىككى پەرساخ مۇساپىدە بىر قورغان بىنا قىلغانىدى؛ موڭغۇللار قورغان-نى «قەرشى» دەيتتى. قىش پەسلىدە (ساھىبقىران) ئالىيلىرى بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىدى ۋە قەرشى قەلئەسىنى بىنا قىلىشقا پەرمان قىلدى. كۈندىن ـ كۈنگە ئارتىپ بېرىۋاتقان دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى تۈپەيلى (بۇ قۇرۇلۇش) شۇ قىشتىلا ئاخىرلاشتى.

(نەزم)

ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى تەقدىر،
تېرىغان ئۈمىد ئۇرۇقى ئۈندى بىر ـ بىر.

## ئەمىر ھۈسەيىن ۋە سائادەتلىك ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سەمەرقەندگە شەرەپلىك يۈرۈش قىلغانلىقى

باھار باشلىنىپ، قۇياشنىڭ قىسمەت تەختلىك جەمشىدى[251] زۆھرەنىڭ شەرەپ سارىيىدىن پارلاپ مەقسەت سايىسىنى ئۆز شەرەپ ئۆيى[252] گە تاشلىدى. گۈلنىڭ فەرۇزە تەخت زەھھاكى[253] مايسا - رەيھانلار لەشكىرى بىلەن (مەزكۇر) پاسىلدىكى باغلار ۋە ئەتراپتىكى بوستانلارنى ئۆز چېدىرى ئۈچۈن مەنزىلگاھ قىلدى.

(شېئىر)

چىمەن بازىرىنى ئىگىلەپتۇ باھار لەشكىرى،
بىنەپشەرەڭ، سۇمەن بۇي، گۈللەپتۇ گۈل - چېچەكلىرى.

رەيھانلار نىقابىن ئېچىپ تارقىتىپ خۇشبۇي ساباسى،
يەلپۈگۈچ بەرگىلىك دەرەخنىڭ كۈمۈش لىباسى.

ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئىلگىرى ۋەدىلەشكىنىگە بىنائەن يۈرۈش قىلىش تۈغىنى سەمەرقەندگە قارانتى. ئۇ جەننەتتەك شەھەرنىڭ سىرتىنى[254] ھەشەمەت ۋە قۇدرەت بىلەن ئۆز چېدىرلىرى تىكىلگەن قونالغۇ قىلغىنىدىن كېيىن، ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان سەربەدارلار[255] نى يوقىتىشنى دۆلەت ۋە دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرى دەپ بىلدى؛ (سەۋەبى)، شۇ چاغلاردا (سەربەدارلار) خالىي قالغان مەيداننى

ئىسيان ۋە قوزغىلاڭ تەدبىرلىرى (ئۆتكۈزۈلىدىغان) جاي قىلىپ بەلگىلەپ، ھەر خىل قەبىھ قىلمىشلار — قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق ۋە باشقا (شۇنىڭغا ئوخشاش) ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقانىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قاماققا) ئېلىش ئۈچۈن پەرمان قىلىندى. يۇرتلارنى بويسۇندۇرغۇچى ساھىبقىرانىنىڭ توغرا (يولىنى) كۆرسەتكۈچى رايى مەۋلانەزادە (سەمەرقەندىي) نى قاماقتىن ئازاد قىلىشنى لازىم دەپ قارىدى ۋە ئۇنى ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ قەھر - غەزىپىدىن ئاسراپ قالدى. قالغانلارنى غەلىبىلىك قوشۇن قارارگاھى بولغان كانىگىلدا قەتلە قىلىچى تىغىدىن ئۆتكۈزدى.

قۇياشنىڭ چىقىشى يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىن يۈز بەرگىنىدەك، ساھىبقىران ئالىيلىرى سەلتەنىتىنىڭ ئاپتىپىمۇ ئەمىر ھۇسەيىن (ھۆكۈمرانلىقى) زاۋالغا يۈز تۇتقاندىن كېيىن چىقىشى قازا دىۋانىدا تەقدىر خەۋەرچىسى تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن شۇ كۈنلەردە ئەمىر ھۇسەيىندە ئامەتسىزلىك ۋە بەختسىزلىكنىڭ بەلگىلىرى بارغانسېرى غۇلاچ يېيىپ باراتتى. يەنى، مەغرۇر پادىشاھلار شەنىگە لايىق بولمىغان ھېرس ۋە بېخىللىق، ۋەھشىيلىك ۋە ئاچكۆزلۈك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى ھەمدە مال - دۇنيا يىغىش ۋە زاپاس بايلىق توپلاشقا بېشىچە كىرىشىپ كەتتى، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىرلىرى ۋە مۇلازىملىرىنىڭ (مېلىغىمۇ) تەمە كۆزىنى تىكتى. يەنى ئەمىر جاكو، ئەمىر سەيفىددىن، ئاقبوغا، ئەلچى باھادىر ۋە دۆلەتشاھ باخشى نامىغا خېلى (تۆلەم) مەبلەغ بەلگىلەپ، ئۇنى ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سېلىق يىغقۇچى تەيىنلىدى. بىراق ئۇلار يېقىندا «پاتقاق جېڭى» ۋەقەسىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ۋە مال زاپىسىنىڭ كۆپ قىسمى تالان - تاراج بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ تەمە قېپىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مۆلچەرلىگەن مەبلەغنى تولۇق يىغىپ بېرىشكە ئىمكانىيەتسىز ئىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ شاھانە ھىممىتى ياردەم

www.uyghurkitap.com

قولىنى سوزۇشنى زۆرۈر تاپتى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئىبارەت زور (مىقداردىكى) مەبلەغنى جۇغلىدى، مەھدى ئۇليا ئۇلجاي تۇركان ئاغانىڭ بىلەيزۈك ۋە ھالقىسىنىمۇ، ئۇلارنىڭ تۆلەم مەبلىغى ھېسابىغا بېرىۋەتكەنىدى. ئەمىر ھۈسەيىن ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئىكەنلىكىنى تونىدى. ئەمما ئاچكۆزلۈك خىرىسى شۇ دەرىجىدە يامان بولۇپ كەتكەنىدىكى، ھەتتا ئاكا ـ سىڭىللىق قەدىر ـ قىممىتىنىمۇ كۆزگە ئىلمىدى ۋە ئۇلارنى ئېلىشتىن ھېيىقمىدى.

## (نەزم)

بۇنداق ھىممەت بىلەن ماس كەلمەس پادىشاھلىق ئىشى،
دۇنيادا ھېچ ئۇستۇنلۇك تاپماس ھىممەتسىز كىشى.

شۇنچە مەبلەغنى بەرگەن بىلەنمۇ، بەلگىلەنگەن (تۆلەم) مەبلىغىگە يەنە 3000 دىنار يەتمەي قالدى. ھىممىتى دەريادەك (بولغان) ساھىبقىران قوشۇمچە يەنە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئاتلىرىدىنمۇ تارتۇق قىلدى. ئەمىر ھۈسەيىن ئاتلارنىڭ بىۋاستە ئۇ ئالىيلىرىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى ۋە بۇنىڭ ئۆزرىسى ئۇچۇن: «مەن سالى سارايىغا قايتماقچى. ئۇ يەردىن خارەزمدىكى ھۈسەيىن سوپىغا (ئۇنىڭ) قىزىنى سوراپ، ئەرزىگۈدەك مىقداردا نەق پۇل ئەۋەتىشنى ئويلاۋاتىمەن. ئەگەر مەزكۇر پۇلنى ياردەم شەكلىدە مېنىڭ كەينىمدىن ئەۋەتسەڭ ياخشى بولاتتى» دېدى. ئەمىر ھۈسەيىن سالى سارايىغا يول ئالغاندىن كېيىن ساھىبقىران ئالىيلىرى كۇنسايىن ئارتىپ بېرىۋاتقان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان كېشكە كېلىپ چۈشتى ۋە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى مەبلەغنى نەقلەشتۈرۈپ (تېزلىكتە) ئەمىر ھۈسەيىننىڭ كەينىدىن ئەۋەتىپ ئۆزى شىكارغا ئاتلاندى.

# بۇزغۇنچىلارنىڭ پىتنە ـ پاسىتى تۇپەيلى ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئارىسىدا دۇشمەنلىك پەيدا بولغانلىقى

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن نەيرەڭۋاز زامان يېڭىدىن مۇقام كۆرسەتتى ۋە ھىيلە ـ مىكىر مۇنچىقى بىلەن ئالداش سەھنىسىدە يېڭى ئويۇن نامايىش قىلدى. يەنى يۈز بەرگەن قانۇنسىز قىلمىشلار تۇپەيلى كىشىلەر كۆڭلىدە ئەمىر ھۇسەيىنگە نىسبەتەن نەپرەت ئويغانغان ۋە ئۇ (تىككەن) جەبىر ـ زۇلۇم كۆچىتى كۆڭۈللەر باغلىرىغا نەيزە ئۇرغاندى. بىراق ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق ئىكەن، ھېچكىم جاسارەت قەدىمىنى دۇشمەنلىك يولىغا قويالمايدىغانلىقىنى ھەممە (ياخشى) بىلەتتى.

شۇ سەۋەبتىن پىتنە تەشكىللىدى: ئەمىر مۇسا، ئۇنىڭ ئاكىسى بايەزىد جەلايىرنىڭ ئوغلى ئەلى دەرۋىش ۋە پەرھادلار بىرلىكتە ھىيلە ـ مىكىر تورىنى قويدى، ئۇلار ئۇرداخاتۇن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يالغان ۋە بوھتان قەلىمى بىلەن بىر مەكتۇپ يېزىپ ئۇنى ئەمىر ھۇسەيىنگە يوللىدى.

ئۇرداخاتۇن تەرمە شېرىنخاننىڭ خوتۇنلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ قىزى ـ ئەلى دەرۋىشنىڭ ئانىسى ئەمىر ھۇسەيىننىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇ راستقا يېقىن بولغان يالغان نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «پالانچى، يەنى ساھىبقىران ئالىيلىرى خانغا[256] ۋە ساڭا، يەنى سەن ئەمىر ھۇسەيىنگە نىسبەتەن دۇشمەنلىك ۋە جەڭ ـ جېدەل قىلىشنى ئويلاۋاتىدۇ، مەغرۇرلۇق تىرىنقى بىلەن بويسۇنماسلىق ۋە مۇستەقىللىق بېشىنى تاتىلىماقتا. سېنىڭ قىل-

www.uyghurkitap.com

مىشنىڭ ۋە سۆزلىرىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق خاپا بولغان ۋە مالال بولغانىكەن، هازىر جەڭ قىلىشقا قارار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈش بىلەن مەشغۇلدۇر» . ئەمىر هۇسەيىن بۇ ھەقىقەتتىن يىراق خەتتىن خەۋەردار بولدى ۋە بۇ ھەقتە خۇددى شۇنداق ۋەھىمىلىك شەكىلدە خانغا ئەرز بايان قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ يارلىقى بىلەن بىر كىشىنى (ساھىبقىران ئالىيلىرىغا) ئەۋەتتى. (ئۇنىڭدا) ، «ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە مەزكۇر (يارلىقنىڭ) مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغانلار سەمەرقەندكە ئورداغا تۇن ھۇزۇرىغا جەم بولسۇن ۋە (خەتتىكى) سۆزلەرنى تەكشۇرۇپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئاچسۇن» دېيىلگەنىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالى سەھنىسى ئۇ تۆھمەت غۇبارىدىن تازا ۋە خالىي بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق خىيالغا بېرىلمەي، دەرھال سەمەرقەندكە يول ئالدى. ئەمىرمۇسا، ئەلى دەرۋىش ۋە پەرھادلار ئۇ ئالىيلىرىنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تېپىپ، شەرمەندە بولۇپ قېلىش ۋە جازاغا تارتىلىش مۇمكىنلىكى قورقۇنچىسىدىن ھەمدە خىجالەت ۋە تەشۋىش خەۋپىدىن ئۇ سۆھبەتتىن يۈز ئۆرۈپ تېزلىكتە خوجەندكە يول ئالدى.

(نەزم)

قەيەرگە راستلىق يۈزىنى قارىتار ئىكەن،
(ئۇ يەردە) يالغانىنىڭ نۇرى ئۆچەركەن.

بىراق، ئۇ سۆز ئەمىر ھۇسەيىن تەرىپىدىن تارقىتىلغان ۋە ئىنىقلانماستىن قېپقالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنىق رايى بىلەن دۆلەتنىڭ ئىلھامى، قوللىشى تۈپەيلى ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى ۋە سىرلارنىڭ مەخپىيلىكىدىن ھوشيار، پەم - پاراسەتلىك ساھىب-

قىران «كىمكى شەرمەندە قىلماقچى بولسا خار - زار بولىدۇ» دېيىلگىنىدەك (بىر ھەقىقەتنى) چۈشىنىپ يەتتى. (يەنى) ھەر بىر نەرسە، ئەگەر ئۇ غەيۋەت ئۇيۇقىدىن چىقىپ، نۇرى قۇلاق تۆشۈكى ئارقىلىق پىكىر قەسرىنىڭ دىمىقىغا ئۆتسە ۋە ئەكسىچە قەلب دىۋانىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن يۈرەك تەسىرلەنسە، گەرچە ئۇ ئورنىشىپ قېلىپ ئۇزۇن ساقلانمىسىمۇ، لېكىن تىنچسىز خىيالـلار ئىجراچىسى «ئەگەر ۋە مەگەر» مۇقامىنى كۈيلەۋېرىدۇ. ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە ناھايىتى بىقارار. شەك - شۈبھىسىز، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىرەر كونا كۆڭۈل غەشلىكى ساقـلىنىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى يارا ساقىيىپ كەتكەن بىلەن ئورنى قالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىشىنىش دۆلەت ئەربابلىرى نەزىرىدە ئەمرى ۋاجىپ بولغان ئېھتىياتچانلىق پەتىۋاـسىغا كۆرە ھارام كۆرۈنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن (ساھىبقىران ئالىيـلىرىنىڭ) ئۇلۇغۋار خاتىرى بۇ مەسىلىدە چوڭقۇر ئويلاپ، مەزـكۇر كەچۈرمىشىنىڭ ئېگىز - پەسلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرـگۈزەتتى.

شىر بەھرام ۋە بەھرام جەلايىرمۇ ئەسلىدە ئەمىر ھۇسەيىنگە ئىشەنمەيتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلىدە ھەر دائىم چارە نەقىشىـنى تەدبىر لەۋھەسىگە يېزىپ يۈرەتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ساھىبـقىران ئالىيلىرى كۆڭۈل سىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئارزۇ ئىشىكى ئۇلارنىڭ ئۈمىد يۈزىگە ئېچىلدى. ئۇلار ساھىبقىـران ئالىيلىرىدىن قورقۇپ، ئىنتىزارلىق باغرىدا ئىلگىرى ساقـلاپ يۈرگەن (كۆڭۈل) سىرىنى پەردىسىز ئىزھار قىلدى: «ئەـمىر ھۇسەيىنىنىڭ كۆڭلى ھەربىرىمىزگە نىسبەتەن توغرا ئەمەس. بۇ مەسىلىدە توغرا تەدبىر پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەقەززا قىلىدۇ. تېزلىكتە قوشۇن تۈزۈشكە كىرىشىش لازىم. چۈنكى ئۇ سۆزسىز بىزگە قارشى قارارغا كەلدى. پۇرسەت كەتـكەندە پۇشايمان قىلىشنىڭ پايدىسى نېمە».

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىيسى

(نەزم)

ئۆكى ئەقىل تەلىمىنى رازلىق قۇلىقىغا ئاپتۇ،
گويا سەل كېلىشىدىن ئالدىنراق كۆۋرۈك ساپتۇ.

ئۇلار مۇشۇ مەزمۇندا سۆزلەشكەنلىكى ۋە بۇ سۆزدە قاتتىق تۇرغانلىقىدىن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك خاتىرىدە نەيزە ئۇرۇپ تۇرغان خۇدۇكسىرەش كۆچەيدى. (ئاخىرى) ئۇلار بىلەن ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى بىرلىشىپ، (ئۆزئارا) ئەھدە تۈزۈشتى. ئۇنىڭدا شىر بەھرام ئۆزىنىڭ ئەسلىي يۇرتى — خەتلانغا بېرىپ لەشكەر توپلاش بىلەن مەشغۇل بولسۇن، ساھىبقىران ئالىيلىرى بۇ تەرەپتىن قوشۇن تۈزۈش ۋە قوراللاندۇرۇشقا كىرىشسۇن دەپ قارار قىلىندى. شىر بەھرام خەتلانغا قايتىپ كېتىۋاتقان چاغدا پەلەك خىزمەتكارى بولغان ساھىبقىراننىڭ نۆكەرلىرىدىن ئادىل ئىسىملىك بىر كىشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى ۋە ئۆز ئادەملىرىدىن تاخاجەنى قالدۇردى. يەنى قاچانكى ئادىل قايتىپ كەلسە، شۇ چاغدا تاخاجە (ئۇياققا) كېتەتتى، نەتىجىدە ھەر ئىككىلا تەرەپ قوشۇنى بىر - بىرىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ھوشيار بولاتتى.

شىر بەھرام خەتلانغا يېتىپ بېرىپ، ئۆز لەشكەرلىرىنى توپلىدى. ئاندىن بەس تەرك يايلىقىغا چىقىپ، شۇ يەرنى مۇستەھكەملەپ، ئەمىر ھۇسەيىنگە ئوچۇق قارشى چىقتى. ئەمىر ھۇسەيىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھىيلە - مىكىر ۋە ئالداش يولىنى تۇتتى ۋە ئۆز دۆلىتى ئاساسىدىنمۇ بوشراق بولغان ۋەدە بىلەن ئۇنى ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈردى ھەمدە ئۆزىگە تەۋە ۋە قارام قىلىۋالدى.

ئۇ ھالەتتىن خەۋەر تاپقان ساھىبقىران ئالىيلىرى شىر بەھ-

رامغا: « (ئەمىر ھۇسەيىنگە) سەن قارشى چىقتىڭ ۋە دۇشمەنلىك قىلىپ باش كۆتۈردىڭ. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئۆزۈڭنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىۋاتىسەن، ئۇ سېنىڭ جاجاڭنى بېرىدۇ ۋە كېيىن پۇشايمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ» دەپ بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتتى. خۇددى شۇنداق بولدى.

بۇ تەرەپتىن ساھىبقىران ئالىيلىرى بەھرام جەلايىر، ئەمىر جاكو ۋە ئاببباس باھادىرلارغا لەشكەر بېرىپ خوجەندكە ئەۋەتتى ۋە جەلايىر ئېلىنى بويسۇندۇرسۇن ھەمدە بۇزغۇنچىلىق ۋە ئالدامچىلىقلىرى مانا شۇ دۇشمەنلىككە سەۋەبچى بولغان ئەمىر مۇسا ۋە بايەزىدنىڭ ئوغلى ئەلى دەرۋىشنى قولغا كەلتۈرسۇن دەپ بۇيرىدى. ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، قېچىپ كەتتى. بەھرام بولسا جەلايىر ئۇلۇسىنى يىغىپ، ۋىلايەتكە ئۆزى ھاكىم بولدى. بىراق خان ۋە ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى چىقىشنى ئەپلەشتۈرۈشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن (خىيال) قورقۇنچىسىدىن ساھىبقىران ئالىيلىرىغا خەۋەر قىلماي، ئۆزىگە يېقىن بولغان بىر جامائەت بىلەن ئاتلىنىپ، ئەلى دەرۋىشنىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ[257]، ئۆز خەلقىنى باشلاپ جەتەگە كەتتى.

## بەخت كۈلۈپ باققان ساھىبقىراننىڭ قوشۇن توپلاش ئۈچۈن سەمەرقەندگە بارغانلىقى

سائادەتلىك ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ تەرەپتىن قوشۇن توپلاش مەقسىتىدە سەمەرقەندگە باردى. شۇ چاغدا، باشتا ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى بىر قاتار زىددىيەتلەرنىڭ قوزغاتقۇچىسى بولغان ئەمىر سۇلايمان ۋە جاۋۇرچى ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا قېچىپ باردى. ئەمىر خىزىر ياسەۋۇرىي ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرادىرى ئەلى، ئىلياس ۋە ھاجى مەھمۇدشاھ بارلىق ياسەۋۇرىي

www.uyghurkitap.com

لار بىلەن بىرلىكتە ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش كەمىرىنى باغلاپ، ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ خادىملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئالىيلىرى قارە ۋە ھىندۇكە بارلاسنى سەمەرقەندگە شەھەر ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى ئاتلىنىپ، سائادەت بىلەن ئارقىغا قايتتى. ھىندۇكە بەختتىن ھىندۇ سۈپەت يۈز ئۆرۈپ، ئەمىر ھۈسەيىن ھۇزۇرىغا قېچىپ كەتتى. قارە بولسا (دۆلەت) ئىشىنى قولغا ئېلىپ تەرتىپكە سالدى. «دىۋانىلىقتىن ياخشىدۇر باشقا بىرەر چارە.» ساھىبقىران ئالىيلىرى قوشۇن توپلاش مەقسىتىدە ئۆز دۆلەت خانىسىدىن يولغا چىققىنىدا مەھرى ئۇليا ئۇلجاي تۈركان ئاغانىڭ مىجەزىدە بىمارلىق بار ئىدى ۋە ئەنە شۇ (ئۆتكەن) ۋاقىت ئىچىدە شىرىن جېنى ئۇ ئالىيلىرىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ تەن خانىسىدىن چىقىپ، شەپقەتلىك (تەڭرىنىڭ) رەھمىتى دەرگاھىغا قوشۇلغانىدى. ئۇنىڭ سۈپىتىگە زامانە مىلىك تىل بىلەن مۇنۇ مەزمۇندا نالە قىلاتتى:

## (بېيىت)

جاي شۇدۇركى، جەننەت ھۆرلىرى كۆزدىن،
ئۇنىڭ بېشى ئۇچۇن قارىچۇقىنى تۆكەر.

نازۇك تېنىن كۆرۈپ تاۋۇت ئىچىدە،
سۇنبۇل چاچلىرىن قىرقىپ يولغا تۆكەر.

سائادەتلىك ساھىبقىراننىڭ ئۇلۇغۋار كۆڭلى يۈز بەرگەن ئۇ قايغۇلۇق ھادىسىدىن ئىنتايىن غەمكىن ـ پەرىشان بولدى ۋە غەم ـ كۆلپەتلەرنى كۆرگەن كۆزلىرى گويا دېڭىزدەك سېخىيلىك بىلەن گۆھەر چاچاتتى.

(بېيت)

سەۋدا سېلىدىن قەترە ـ قەترە تامغان قانلىق كۆز ياشلار،
ئۇ قايغۇ توپانى بىلەن ئوخشاپ قالدى كۆپۈككە.

ئەمما ئۇ ئىشنىڭ تەدبىرى ياخشىلار ئىقتىدارى ۋە يامانلار ئىختىيارىي چېگرىسىدىن تاشقىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزمىنلىك ۋە سەۋر ـ تاقەت قولى بىلەن «بىر ئاللاغا تېگىشلىكمىز ۋە (ئاقىۋەت) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دېگەن سۆزلەرنىڭ تاند- سىنى مەھكەم تۇتتى.

(بېيت)

ھەر ياخشى ـ يامان ئىشقا بىر چارە بار،
ئۆلۈمنىڭ چارىسى تېپىلماس زىنھار.

ئامەتلىك ساھىبقىراننىڭ سەلتەنەت نەسەبلىك پەرزەنتلىرى- دىن ئۇلۇغۋارلىق ۋە سالاپەت قۇتچىسىنىڭ گۆھىرى بولغان سۇل- تان بەخت بېگىم بىلقىس سۈپەت رەسىم ـ قائىدىلىك بۇ بانۇنىڭ ئىپپەت ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

(بېيت)

ئالىي جەننەتتە بولسۇن ئۇنىڭ ماكانى،
ئۇ گۈلزارغا ياستىلسۇن ئۇنىڭ جايى.

ئەمىر ھۈسەيىن ئەسلىدە ئۆزىنىڭ دۆلىتى ماتىمىنىڭ مۇ-

قەددىمىسى ۋە ئالىي مەرتىۋىسى چۇشۇشىنىڭ باشلىنىشى بولغان بۇ دەھشەتلىك ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، بىر تەرەپتىن قېرىنداشلىقنىڭ مەۋجۇت تەبىئىي مېھىر - مۇھەببىتى تۇپەيلى مۇسىبەت ۋە قايغۇ تىكىنى غەملىك يۈرىكىگە پاتتى؛ ئىككىنچىدىن ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن قېرىنداشلىقتا سەۋەب بولۇپ تۇرغان ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن، ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنىڭ يەلكىسى سۇنغانىدى. نەتىجىدە پەرىشان هالدا ئەپسۇس ۋە دەرد بىلەن تۆۋەندىكى نەزم مەزمۇنىدا يىغا باشلىدى:

(نەزم)

سىڭىل تۇپراققا كەتتى، بۇرادەر (غەم) نىڭ ئوتىدا،
ئالىقىنىدا شامال ۋە قولى بۇ (غەم) دان بىشىدا[258].

ئۇ كىشى تۇغقان ئىدى، دىل ۋە ئارقا يۆلەك،
بىگانە قالدىكى ۋە بۇ غۇسسىدىن كۆچلۈكرەك.

## ھەزرىتى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن جەڭ قىلىشقا قوشۇن تارتقانلىقى

767 (1365) - يىلىنىڭ كۈز ئېيىدا[259]، يەنى ئات يىلى ساھىبقىران ئالىيلىرى سان - ساناقسىز لەشكەر توپلىدى:

(بېيىت)

بارچىسى جەڭدە ئاجايىپ شىردۇر،
قىلىچ شىلتىڭۇچى جەڭنىڭ پىرىدۇر.

ئۇلارنى ئېلىپ ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئەمىر سەيفىددىننى چوڭ بىر توپ بىلەن ماڭلاي تەيىنلەپ، ئالدىدا ماڭدۇردى.

ئەمىر ھۈسەيىن (ئۆز ۋاقتىدا) شىر بەھرامنى ئالداش بىلەن يولدىن ئازدۇرۇپ، ھىيلە - مىكىر توزىقىغا ئىلىندۇرغانلىقى ھەمدە ئۆزىگە تەۋە ۋە قارام قىلىنىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ساھىبقىران ئالىيلىرىنىمۇ شۇ ئۇسۇلدا بوھتان بىلەن ئويىنىتىش مۇمكىن، دېگەن خىيالغا كەلدى. مىڭ ئەپسۇس.

## (بېيىت)

جاھان پالۋىنىكى پەلەك شاھى غۇلام* ئاڭا،
ئويۇنچاق ئۇچۇن تىقماس بېشىن ئەسلا دامغا.

شۇ چاغدا، ئۇ مالىك باھادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى ئەھدىنامە[260] بىلەن ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە ئالدامچى سۆزلەردىن ئىبارەت پەيغام[261] يوللىدى يەنى: «ھازىرغىچە زۆرۈر ئومۇمىي مەسىلىلەرنى بىر - بىرىمىز بىلەن ئىتتىپاقلىقتا ھەل قىلىپ كەلدۇق ۋە بەختىيار ئىتتىپاقلىقتا غالىبلىق توپىنى[262] رەقىبلەر ۋە تەڭلەشكۈچىلەر مەيدانىدىن يۇلۇۋالدۇق. توغرىسى شۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ ئۇدۇم ساقلانسا ۋە مۇشۇ ئەھدىنامىغا تولۇق ئىشىنىپ، ھېچقانداق داغدۇغا خىيالغا كەلتۈرۈلمىسە» دېدى.

غالىب قوشۇن قەھەلقەدىن ئۆتۈپ، بايسۇن[263] ئۇلارنىڭ پادىشاھلارغا خاس قونالغۇسى بولۇپ تۇرغان چاغدا (ئەلچى)

---

* غۇلام — خىزمەتكار، قۇل، چاكار. — ت

ماللىك باھادىر ۋە ئابدۇللاھلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار يەرنى سۆز-
يۈش شەرىپى بىلەن سائادەت تېپىپ، ئەمىر ھۆسەيىننىڭ ئەمدى-
نامىسى ۋە خۇشخەۋىرىنى بايان قىلدى ھەمدە سۇلھى ۋە يارىشىش-
تىن سۆز ئاچتى. سائادەتلىك ساھىبقىران پۇرسەت بىزەپ تۇر-
غان دۆلەت ئىلھامى بىلەن، «سىنىڭ ئەھدىڭگە سابا شامىلىمۇ[264]
ئىشىنەلمەس» ، (دېگەن مەزمۇننى) چۈشىنىپ يەتتى. (شۇ سە-
ۋەبتىن) ، ئۇ ئەھدىنامىغا ئېتىبار بەرمىدى ۋە ئېيتىلغان سۆز-
لەرگە قۇلاق سالمىدى.
ئەمما ياسەۋۇرىيلار ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلغان
بولسىچۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۆيلىنىپ قالدى ۋە زەپەر پاناھ
مەۋكەب[265] دىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. شۇ چاغدا، بەھرام
جەلايىر بىلەن خوجەندگە كەتكەن ئەمىر جاكو ۋە ئەمىر ئاباباسلار
قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار قالغان ئەمىرلەر بىللە مەسلىھەت-
لىشىپ، دۈشمەنلىكنى ئۆيلىغان ياسەۋۇرىيلارنىڭ باشلىقلىرىنى
قاماققا ئالماقچى بولدى. ساماۋىي ياردەم بىلەن نۇرلارنىڭ شۇلى-
سى (ھەر بىر ئىشتا ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدىغان
ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان رايى) ئۇ
ئىشقا رازىلىق بەرمىدى. ئۇ دۆلەت تىلى بىلەن بۇ تەلىمنى
مۇنداق مەزمۇندا بايان قىلدى: «بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋال بىزنىڭ
سائادەت ۋە ئىقبالىمىزنىڭ ئەتىكى تېگىدا، سەلتەنەت ۋە ئىستىق-
لالىمىز باھارىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يۈز بەردى. ئەگەر ئۇلار-
نى تۇتقۇن قىلساق، ياۋۇزلۇق بەلگىسى بولغان داغ بىزنىڭ ئەھ-
ۋالىمىز ئېتىكىگە ئولتۇرىدۇ ۋە (شۇنىڭدىن كېيىن) ، باشقىلار
بۇ دەرگاھدىن پاناھ ئىزدىمەيدۇ. نەتىجىدە يۇرت سوراش ۋە
دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشى ئىزغا چۈشمىگەي، ئەگەر دۆلەت ئىما-
رىتىنى خەيرلىك ئىشلار ئۇلى ئۈستىگە قۇرسا، ئۇنىڭ قەدىر -
قىممىتى كۇنگۈرىلىرى پەلەكنىڭ مۇقەرنەس[266] گۈمبىزىدىنمۇ

ئېگىزگە كۆتۈرۈلگەي؛ ئەگەر ئىقبال كۆچىتى ئادالەت ۋە ئېھسان ئېرىقىدىن سۇ ئىچسە، ئۇنىڭدىن بوي سوزغان شاخلار بەختىيارلىق مېۋىسىنى بەرگەي ۋە سائادەت سايىسىنى ئىككى دۇنياغا ئەززىگۇدەك قىلىپ تارقاتقاي» . بۇ پەند - نەسىھەتلەردىن كېيىن، ياسەۋۇرىيلار تەرەپدارلىرىنى مېھىر - شەپقەت بىلەن ئىززەتلەپ، كېيىنىشكە ئىجازەت قىلدى. باشقا قوشۇنلارغىمۇ قايتىشقا رۇخسەت بەردى. ئۆزى بولسا ئۇ يەردىن سائادەت بىلەن قايتتى، قەرشى (شەھرى) ئۇنىڭ پادىشاھلارغا خاس قونۇشى بەختىگە سازاۋەر بولۇپ، دەرىجىسى ئاسماندەك يۇكسەلدى.

ئەمىر ھۇسەيىن سان - ساناقسىز لەشكەر توپلاپ شىر بەھرام بىلەن ئۇ تەرەپكە ماڭدى. مۇبارەكشاھ بىلەن بەيان سۇلدۇزنىڭ ئوغلى شەيخ مۇھەممەد كۆڭۈل يۈزىنى ساھىبقىران ئالىيلىرىغا ئىخلاس بىلەن قاراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەمىر ھۇسەيىننىڭ قوشۇنى تېزلىكتە يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

## ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەنلىكى ۋە خىزىر خەزىنىچىنى يارىشىشقا يول ئىزدەپ ئەۋەتكەنلىكى

ئەمىر ھۇسەيىن خىزىر خەزىنىچىنى ئۆزى قەسەم ئىچكەن قۇرئان بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ: «ئاردىمىزدىكى دۈشمەنلىك مەملىكەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە پۇقرانىڭ سەرسان بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ھەمدە ئېنىق بىلىمەنكى، سېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە قول ئاستىڭدىكىلەرگە مەرھەمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن يارىتىلغان. مې-

www.uyghurkitap.com

ننىڭ پىكرىمچە، توغرا مەسلىھەت شۇكى، بۇ تەرەپ قوشۇنى
چاغانا[267] دا ۋە ئۇ تەرەپنىڭ خۇزاردا توختاپ تۇرسا. ھەر بىرىمىز
يۈزدىن كىشى بىلەن تەنگى چەكچەك[268] كە يېتىپ بېرىپ، (ئۇ
يەردە) ساداقەت ۋە دوستلۇق ئەھدىنى يېڭىلىساق. ئۇ شۇنداق
(مۇستەھكەم) بولسۇنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىغۋاگەرلەرنىڭ ئا-
رىمىزغا كىرىشكە ماجالى قالمىسۇن. بىز بىر - بىرىمىز بىلەن
ئىناق بولمىساق مەملىكەت تىنچلانمايدۇ» دېگەن پىكىرنى يەتكۈز-
دى. ئېنىق تەدبىرلىك ساھىبقىران يارقىن رايىنىڭ نۇرى بىلەن
ئۇ ئەھدىنىڭ راست ـ يالغانلىقى تەكشۈرۈپ كۆرۈلسە ۋە ئۇ ۋەدە
سىناقتىن ئۆتكۈزۈلسە، بىرەر ئېتىبارغا لايىق بولالماسلىقىنى بىلەتتى.

(نەزم)

يىلان چاقماس بولۇپ تىلىنى چىقىرار،
لېكىن ئۇنىڭ زەھىرى چىشىدە تۇرار.

بىراق ئەمىرلەر بىر ئاۋازدىن يارىشىشنىڭ توغرىلىقىنى،
كېلىشىشنىڭ ياخشىلىقىنى تەستىقلىگەنلىكى ئۈچۈن (ساھىبقى-
ران) ئۇلارنىڭ رايىغا قاراپ، ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئەھدى ۋە ۋەدى-
سىگە مۇۋاپىق ئىش تۇتتى. يەنى، قوشۇننى خۇزاردا قالدۇردى.
جەڭدە سىنالغان 300 (لەشكەر) بىلەن، ئۇلارغا ياخشى ئاتلارنى
تەقدىم قىلىپ يولغا چىقتى؛ (مەقسىتى) ئىككى يۈز كىشىنى
ئېھتىيات يۈزىسىدىن دېھنەۋ[269] دە قالدۇرۇپ، 100 كىشى بىلەن
ۋەدە قىلىنغان (جاي) تەنگى چەكچەككە بېرىش ئىدى.
ئۇ تەرەپتىن ئەمىر ھۈسەيىن نەۋەند (مەھەللىسىدە) شىر
بەھرامنى قەتلە قىلدى. يەنى، خۇددى ساھىبقىران ئالىيلىرى
دېگەندەك بولدى.

(نەزم)

دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سۆزى قازا شەرھىدۇر،
قانداق سۆز بايان قىلسا ئۆزگەرمەي قالۇر.

(كېيىن) 3000 خىللانغان ئاتلىقنى ماڭلاي تەيىنلەپ ساھىبقىران ئالىيلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىر تاجىك كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئالىي مەرتىۋىلىك (ساھىبقىران)غا يەتكۈزۈش ئۈچۈن قېچىپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئات چاپتى. (ساھىبقىران) ئالىيلىرى دېھنەۋگە كېلىپ قونغىنىدا، كېچىسى ھېلىقى تاجىك يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا (ئۇنىڭ) مۇبارەك مەنزىلى ئىشىكىدە بەھرام ئىسىملىك تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق بىر نۆكەر (ساقچىلىق) قىلاتتى. تاجىك ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتقىنىدا، ئۇ كالتا پەملىك بىلەن، ئەمىرلەر سۇلھى تۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان پەيتتە بۇ خەۋەر ۋەھىمىگە سەۋەب بولىدۇ، ئۇنى يەتكۈزمەسلىك كېرەك دەپ ئويلاپ، (خەۋەر يەتكۈزگەن) كىشىنى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتتى ۋە بۇ خەۋەرنىڭ تىۋىشىنى چىقارماي تۇرىۋەردى.

تاڭ سەھەردە ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ ئاتلىقلىرى خۇددى سەلدەك باستۇرۇپ كەلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى قۇتلۇق تەسادىپ بىلەن ئۇلار كېلىشتىن سەل ئىلگىرى ۋەدە قىلىنغان جايغا بارماقچى بولۇپ ئاتلانغانىدى، (دۈشمەن) قوشۇنى يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، تېزلىكتە (كەينىگە) قايتىپ تەنگى ھەرەم[270]گە يېتىپ كەلگەندە، ئادەملىرىنى توختىتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ يولىنى توسۇپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىسى

(نەزم)

ئۇرە ـ ئۇر ئەۋجىدە قوزغالدى چۇقان،
يامغۇردەك ياغاتتى نەيزە، ئوق شۇئان.

شاھ قىلىچىنىڭ قىزىل سۈيىدىن،
لالىرەڭ بولغانتى جەڭ قىلغان مەيدان.

ئۇنىڭ يالتىرىغان قىلىچىنىڭ زەربىسى ۋە سائادەتلىك بىلىكىنىڭ كۈچى ئۇ خائىن (ياۋ) لەشكەرلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن يەنە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. دۈشمەنلەر قايتا ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، قاتىللىش مەھەللىسى[271] گە، يەنى چەكدالىك[272] نىڭ ئىككى دەرياسى قوشۇلغان جايغا (يېتىپ كەلگەندە) دۈشمەنلەردە ئالغا يۈرۈشكە ماجال قالمىدى ۋە ئۈمىدلىرى يوققا چىقىپ، ھەيرانلىقتا قەدىمىنى توختاتتى. بۇ ياۋۇزلۇقنىڭ خەۋىرى خۇزارغا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئۇ يەردە تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى تارقاپ كەتتى.

(نەزم)

بىلمىدىم، نەبولدى، بۇ پەلەكنىڭ چەرخى،
يەلكىسى پۈكۈلگەن، ئالدىراش ئۆزى.

ھەممە نەرسە بۇندا تەتۈر ھامان،
ساپال بولغانمۇ، ياكى ئۈيقۇدا بۇئان.

ساھىبقىران ئالىيلىرى يېنىدا قالغان ئازغىنە لەشكەر بىلەن خۇزاردىن ئۆتۈپ قەرشىگە بېرىپ قوندى. (ئۇ يەردە) ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئار ـ نومۇسنىڭ ئاساسى بولغان ھۆرمەتلىك ھەرەمنى قوغداش لازىملىقىنى ۋە كۆچلەرنى ئېلىپ ماخاندىكى سەنجەرىيلەر[273] يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى لايىق تاپتى. چۈنكى ئۇلار ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن بۇرۇندىن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ياردەم بېرىپ كەلگەنىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ساداقىتى ۋە يەكدىللىكىگە ئىشەنچ بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، ھىممەت يۈزىنى دۈشمەنگە قارشى چىقىش تەرەپكە قاراتسا بولاتتى. مەسلىھەت شۇ قارارغا كەلگەچكە شۇ كېچىدىلا بوردالىق[274] نىڭ سىرتىدىكى ئىسھاق قۇدۇقىنى ئۇچرىشىش جايى دەپ بەلگىلەپ، ھەركىم ئۆز جايى ۋە مەنزىلى تەرەپكە ئالدىرىدى ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ، شۇ كېچىدىلا كۆچ بىلەن يولغا چىقتى. ئەتىسى ئەمىر ھۇسەيىن قوشۇنلىرى قەرشىگە يېتىپ كەلدى؛ ئەمىر مۇسا بىلەن ئەمىر ھىندۇشاھ قورغانغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئىسھاق قۇدۇقىنىڭ بېشىغا كېلىپ، ۋەدىلەشكەن كىشىلەر ۋە مۇلازىملار يىغىلغىچە بىر ھازا كۈتۈپ تۇردى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ھىرات پادشاھى[275] ۋە مۇھەممەدبېك جۇن قۇربانىي ھۇزۇرىغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھوشيار بولۇش، قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىكلىرىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر كەتكەندىن تاكى قايتىپ كەلگىچە ئىككى يېرىم ئاي داۋامىدا شورا قۇدۇقىنىڭ بېشىنى شاھ قارارگاھى قىلىپ تۇردى. شۇ ۋاقىت ئىچىدە، خۇراساندىن ماۋەرائۇننەھرگە كېتىۋاتقان ھەر قانداق كارۋاننى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىنىدە توختىتىپ تۇردى. ئەلچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ خاتىرىدە نەقىشلەنگەن گۈزەل تەدبىر ئاساسىدا،

ھىرات پادىشاھى بىزنى تەكلىپ قىپتۇ، دەپ گەپ تارقاتتى ۋە كارۋانلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قوزغىلىپ، ھىراتقا قاراپ ماڭدى. سودىگەرلەر قەرشىگە يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇلار ھىراتقا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېتىشتى دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئەمىر مۇسا غەرەز ئۇقمايدىغان كىشىلەر جامائەسىنىڭ ھەممىسى ئۆز كۆرگەنلىرىدىن ئېيتىشقان بۇ خەۋەرگە ئىشەندى. ئۇ (ئەمىرمۇسا) قەرشى قەلئەسىدىن چىقىپ قوشۇننى يىغىپ 7000 ئاتلىق بىلەن پەيمەراغ مەھەللىسىگە بېرىپ چۈشتى. (ئۇ يەردىن) ئۆزگەندكە بارماقچى ئىدى. مالىك باھادىرمۇ قوشۇن ئەمىرلىرى ۋە 5000 قاراۋۇناس[276] ئاتلىقلىرى بىلەن ئەمىر مۇسەيىننىڭ يېنىدىن كەلگەن ۋە خۇزاردىن ئۆتۈپ، قەرەغا شۇنتۇيا بىلەن گۈنبەدى لەۋلىي[277] (مەھەللىسىگە) ئورۇنلاشقانىدى.

## ساھىبقىراننىڭ قەرشىگە يۈرۈش قىلىشى

ئۇلۇغ پەرۋەردىگار (ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا بولغاي): «كىمكى ئاللاغا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئاللا ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى»[278] دېگەنىدى. ياخشى ـ يامان، كۆپ ۋە ئازدىن ئىبارەت ئالەم ئىشلىرىنىڭ ئۆتۈشى، قۇدرەتلىك پادىشاھ (ئاللا) بەلگىلىگەن تەقدىرنىڭ نەتىجىسىدۇر ۋە ۋەزىرى يوق سۇلتان ھۆكۈمى ئاستىدىدۇر. «ئاللا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى ئاللا بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»[279].

## (نەزم)

پىل ئايىغى بولسۇن، چۇمۇلە قانىتى،
بار ئۇنىڭ قۇۋۋىتى، ئاجىزلىقى.

كۈچ بەرسە تەڭرى تەقدىرى پاك،
چۇمۇلە يىلاننى قىلىدۇ ھالاك.

ھەر قانداق مۇراد گۈلى ئامانلىق گۈلزارىدا پەرۋەردىگار ئىنايىتىنىڭ مەيىن شامىلىدىن ئېچىلىدۇ ۋە باشقا نەرسىلەر ئارىسىدا شۇنچىكى بىر باھانە سەۋەبدۇر؛ ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئىستىلانامىسىغا يېزىلغان زەپەر ۋە نۇسرەت دەل «ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللا غالىبدۇر. (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» .[280] (دېگەن ئايەتنىڭ) قەلىمى تەستىقلىغان يېزىقتۇر ۋە لەشكەرنىڭ كۆپ-لۈكى ھەمــدە پۇتمەس - تۈگىمەس شانۇ - شەۋكەت بۇ دۇنيادا بىر ئەپسانىدۇر.

## (نەزم)

بۇ سېنىڭ بارلىقىڭ يوقلۇقتۇ، بارلىق باشقا،
بۇ سېنىڭ يوقلۇقۇڭ بارلىقتۇر، يوقلۇق باشقا.

بار، باشنى تەپەككۇر ياقىسىدىن چىقارغىن،
بۇ سېنىڭ قولۇڭ يەڭدۇر، (ئەسلىدە) قول باشقا[281]

دېمەك، كىمنىڭ ئەقىل كۆزى تەۋفىق* سۈرمىسىدىن رو-
شەنلىك تاپسا ۋە بۇ مەنىلەر نۇرلىرىنىڭ شولىسى ئۇنىڭ روشەن
قەلبىدىكى ماھىيەتنى كۆرسەتكۈچى ئەينەكتە ئەكس ئەتسە، ئۇ
دۇچ كەلگەن ھەر بىر ئىشتا ۋە مەيدانغا كەلگەن ئېتىبارغا ئىگە
ھەرقانداق مۇھىم نەرسىدە ھامىي ئىزدىگۈچى قولىنى تەۋەككۇل-
نىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىغا مەھكەملەيدۇ؛ جەزىم قىلىش
بايرىقىنى «مەن ئىشىمنى ئاللاغا تاپشۇرىمەن»[282] (دېگەن ئا-
يەت) قولىنىڭ كۈچى بىلەن كۆتۈرىدۇ.

(نەزم)

ئاللاغا تايىنار ياخشى - ياماندا،
ئۇنىڭدىن ئىستەر مەدەت ھەر بىر ئىشىدا[283].

شۇ چاغدا «كىمكى ئاللاغا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ»[284] (دېگەن ئايەتكە) مۇۋاپىق ھەر قانداق مۇراد ئىشىكىنىڭ ئارزۇ ھالقىسىنى قاقسا، شۇئان ئاچىدۇ، ئۇمىد يۈزىنى بۇرىغان تەرەپتە مەقسىتىنىڭ ئالدىغا چىققۇچىلىرى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالىدۇ.

(نەزم)

تاكى كىشى تەۋەككۇل ئېتىغا مىنمىدى،
دۆلەت ئۆۋى ئاڭا شىكار بولمىدى.

* تەۋفىق — دىنىي ئېتىقاد، ئىنساپ. — ت



www.uyghurkitap.com

بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتلىكى ۋە راستلىقى ئۈچۈن ئېنىق دەلىل ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغان ئەھۋالىدۇر.

(ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋاقتىنچە) توختىتىپ تۇرغان كارۋانغا كېتىشكە رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھىراتقا يول ئالغانىدى. ئۇلار يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ مۇبارەك مەنزىلىگە قايتىپ كېلىپ، تاكى كارۋان ئۇ يەردىن قەرشىگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان مۇددەت ئىچىدە سەۋر قىلىپ تۇردى. كېيىن دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقا جەزم قىلىپ، جان ـ جەھلى بىلەن كەمىرىنى مەردلىك بېلىگە باغلىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدا 243 ـ دىن ئارتۇق كىشى يوق ئىدى. «بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغىن»[285] (دېگەن ئايەتنىڭ) كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، تولۇق ئىخلاس ۋە ساداقەت بىلەن تەۋەككۇل نىيىتىنى نۇسرەت بەخش ئەتكۈچى پەرۋەردىگارغا قىلىپ، شۇ ئازغىنە لەشكەر بىلەن ئەتراپىدا 12 مىڭ ئاتلىق، قانچىلىغان ئەمىرلەر ۋە سەردارلار بىلەن دۈشمەنلىك پىستىرمىسىدا جەڭگە تەييار ھالدا تۇرغان قەرشىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ باتۇرلۇقتىن زىيادە شىجائەت بەلگىسى بولغان مىجەز ـ خۇلق ۋە باتۇرلۇقتىن ئۆتىدىغان تاغ يۈرەكلىك نىشانىسى بولغان تەدبىر ئىدى.

## (نەزم)

ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى كىشىلەر تەبىئىتىدە،
كىشى چۈشىنىپ بولماس ئاجايىپ ھاللار بار.

(ئەمىر ساھىبقىران) شەبگىر قىلىپ[286] ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شۇ كېچىدىلا شەخسەن ئۆزى

40 كىشى بىلەن دەرياغا ئات سېلىپ، ئۈزۈپ ئۆتتى ۋە بىرەر كىشى بىرەر يەرگە خەۋەر يەتكۈزمىسۇن دېگەن مەقسەتتە خەستار يېزىسىنى قورشىۋالدى. ئۇ يەردىن كېمىلەرنى ئېلىپ، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئەۋەتتى ۋە قوشۇنىنىڭ قالغان قىسمى كېمىدە ئۆتتۈۋېلىشتى. شۇ غەلىبىلىك يۈرۈشتە خاس باتۇرلاردىن سۈيۈر-غاتمىش ئوغلان، دوغلات ئايمىقىدىن ئەمىر داۋۇد (ئۇ ساھىبقى-ران ئالىيلىرىنىڭ ئاچىسى قۇتلۇق تۇركان ئاغىنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانىدى)، ئەمىر جاكو بارلاس، ئەمىر مۇئەيياد ئەرلات (ئۇ ھەزرەتنىڭ سىڭلىسى شىرىنبېك ئاغا ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىدى)، ئەمىر ساربۇغا جەلايىر، ھۇسەيىن باھادىر قىپچاق، ئاق بوغا باھادىر نايمان، مەھمۇدشاھ بۇخارىيلار مۇلازىملىقتا ھازىر ئىدى.

ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ، كېچىسى بوردالىققا يېتىپ كەل-دى. ئەمىر مۇسانىڭ ئەلچىلىرى شۇ يەردە ئىدى، ئۇلارنى قولغا ئالدى. شۇ كېچىسى بوردالىقنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋېلىپ شۇ يەردە تۈنىدى. ئەتىسى كېچىگە يېقىن غەيرەت ـ شىجائەت يۈزلى-رىنى يولغا قارىتىپ، كونا فەزد[287] مەھەللىسىگە كېلىپ چۈش-تى. ئۇنىڭ ئەتىسى يوللىرىنى توسۇپ پىستىرما قويىدى ۋە كىم-كى سۇ ئېلىش ئۇچۇن كەلسە تۇتۇۋېلىپ، توختىتىپ قويىدى. كېچىسى سائادەت بىلەن ئاتلىنىپ، شىركەنت[288] كە يېتىپ كەل-گەنىدى، ئۇ يەردە ئەمىرجاكو: «مەسلىھەت شۇكى، تەۋەككۇل قىلىپ ئەمىر مۇساغا شەبىخۇن[289] شەكلىدە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قولغا ئالساق، مۇراد مەيدانىنى بەختىيارلىق قەدىمىگە تاپشۇرغان بولىمىز» دېدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ساماۋىي تەسدىق ئىلھا-مىنىڭ تىلى بىلەن: «بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ناھايىتى ئاز، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئەگەر بىرەر كۆڭۈلسىز ئەھۋال يۈز بېرىپ قال-سا، يەنە توپلىنىشىمىز ناھايىتى مۇشكۇل بولىدۇ. سىلەر شۇ يەردە توختاپ تۇرۇڭلار. مەن قەرشىگە بېرىپ، (ئۇ يەردە)

كىرىش ۋە چىقىش ئورۇنلىرىنى بەلگىلەپ، ئىشنى قايسى شەكىل-
دە ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئويلاپ كېلەي» دېدى. ئۇ ھىممەت
قۇلىقى بىلەن دۆلەت پەرىشتىسىنىڭ:

(نەزم)

قۇياش مىسالى سەن قوشۇن سۇندۇرغۇچى بول،
ئۆزۈڭ ۋە دوستلىرىڭغا ياردەمگە سۇن قول.

دېگىنىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

شۇ ئاندا سائادەت ۋە ئىقبال بىلەن ئاتلىنىپ، مۇبەششىر بىلەن ئابدۇللاھنى ئۆزىگە مۇلازىم قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە قەرشىگە ئات سالدى. (ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن)، قەلئە خەندىكى[290] نىڭ ئالدىغا چۈشتى. خەندەكتە سۇ كۆپ ئىدى. ئاتلارنى مۇبەششىرغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى خەندەك ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭدىن قەلئەگە سۇ ئېقىپ كىرىدىغان ئېرىقنىڭ نورىدىن تىزغا كېلىدىغان سۇغا چۈشتى ۋە كىچىككىنە سۇدا خۇددى دېڭىزدەك ئۈزۈپ، خاكرېز[291] غا كۆتۈرۈلدى. ئابدۇللاھمۇ تېزلىكتە كەينىدىن يېتىپ بېرىپ، ئالەم يىگانىسىنىڭ ئىككىنچىسى بولدى. ئۇلار (قورغاننىڭ) خۇزار تەرەپتىكى دەرۋازىسىغىچە يېتىپ بارغاندا، بەختىيار ساھىبقىران قولىنى ئىشىككە تەككۈزگەندى. ئۇنىڭ كەينىگە توپا دۆۋىلىگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ يەردىن قايتىپ ئېھتىيات يۈزىسىدىن بارۇ[292] نى تەكشۈرۈپ، تېمى پەسرەك يەرنى ئېنىقلىدى ۋە ئابدۇللاھقا شوتا قويىدىغان يەر مانا مۇشۇ دەپ كۆرسىتىپ قويدى. ئاندىن ئۆزى كىرگەن نودىن قايتىپ چىقىپ تېزلىكتە قوشۇنىنىڭ يېنىغا بې-

ـرىشقا ئالدىرىدى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە شۇ كېچىدىلا يەنە قەرشىگە ئات سالدى. (ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ)، 43 كىشىنى ئاتلارنى قوغداپ تۇرۇشقا تەيىنلىدى. 100 لەشكەرنى بۇردالىقتىن ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن شوتا بىلەن ئۆزى مېڭىپ ئۆتكەن يولدىن قورغانغا ئەۋەتتى ۋە قالغان 100 لەشكەر بىلەن دۆلەتنىڭ زەپەر دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈپ تۇردى. ئېنىق رايىغا قارىغاندا قورغان خاكرېزىگە چىقىۋالغان باتۇرلار (ساھىبقىران) ئابدۇللاھغا كۆرسەتكەن يەرگە شوتىلارنى قويۇپ، ھەممىسى ئۇستىگە كۆتۈرۈلدى ۋە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگىنىدە مۇھاپىزەتچىلەرنى مەشۇقنىڭ كۆزىدەك مەست ۋە ئاشىقنىڭ قەلبىدەك خاراب ھالدا كۆرۈپ، ئۇلاردىن تىغنى ئايىمىدى ۋە بىرەرسىنى تىرىك قالدۇرمىدى. دەرۋىش بوككە پالتا بىلەن دەرۋازا قۇلۇپىنى چاقتى ۋە (شۇ چاغدا) ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن بۇرغا[293] چېلىندى.

(نەزم)

بۇيرىدى قەلبلەر غەزەپكە تولسۇن دەپ،
دەمنى مىس كاناي دېمىگە ئۇلسۇن دەپ.

شۇ ئاندىلا قوشۇن قەلئەگە ئېتىلىپ كىرىشتى ۋە خالايىق ۋارقىراپ - جارقىراپ قورغاننى لەرزىگە كەلتۈردى. كاناي - سوناي (ئاۋازى) دىن قەرشى ئاھالىسىنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، بېشىنى ھەيرەت تۈتۈنى قاپلىدى ۋە يۈرىتى ئىشغال قىلغۇچى ساھىبقىراننىڭ تەدبىر ئوقى زەپەر نىشانىغا تەگدى. غالىب قوشۇن قەلئەنى ئىگىلەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەمىر مۇسانىڭ

خوتۇنى، پەرزەنتى ۋە قول ئاستىدىكىلىرىنى قولغا ئېلىپ، ئەر-لەرنى زىندانغا تاشلىدى ۋە قاماققا ئالدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر مۇسانىڭ ئوغلى يېشى كىچىك مۇھەممەدبېككە كېيىنچە ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىق بەرپا بولۇش شاراپىتى تۇپەيلى، سەز-دۇرمەي قېچىشقا ئىمكان ياراتسۇن دەپ بۇيرىدى. ۋە: «ئاتىسى-نىڭ ئالدىغا بارسا، ئۇنىڭ قوشۇنى قورقۇش ۋەھىمىدىن توزۇپ كېتىدۇ» دېدى.

مۇھەممەدبېك شۇ كۈنلا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. بىراق ئۇلار بۇ خەۋەردىن ئۆزلىرىنى يېڭىلگەن ھېسابلىمىدى ۋە تارقاپ كەتمىدى. ئەمىر مۇسا تېزلىكتە مالىك باھادىرنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى ۋەقەدىن خەۋەردار قىلدى. ئۇلار بىرلىشىپ لەشكەر توپلىدى ۋە بىرلىكتە يولغا چىقىپ، يېرىم كۈندە 12 مىڭ ئاتلىق بىلەن قەرشى قورغىنىنى ئورىۋالغانىدى. تايجىۋۇت ئايمى-قىدىن بولغان ئەمىر مۇسا شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ تۇردى. مالىك بولسا قاراۋۇناسنىڭ قوشۇنى بىلەن خۇزار تەرەپ-تىكى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ چۈشتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى شەھەر دەرۋازىسىنى قوغداشقا شەخ-سەن ئۆزى باشچىلىق قىلدى. ئەمىر سارى بۇغا ئۇنىڭ مۇلازىمە-لىقىدا ئىدى؛ ئەمىر داۋۇد، ئەمىر مۇئەييار، ئەمىر سەيفىددىنى-لەرنى خۇزار دەرۋازىسىنى ئىگىلەشكە بۇيرىدى، سۇيۇرغاتمىش ئوغلان ئەمىر ئابباس، ھۇسەيىن باھادىر، ئاقبۇغا ۋە باشقا ئەمىر-لەرنى بارۇ ۋە بۇرج(294) لاردا قالدۇردى. ئەمىر مۇئەييار ئەرلات 30 كىشى بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ ئۇ قىساسچى لەشكەرلەرگە ئېتىلدى ۋە يالتىراپ تۇرىدىغان ئوت ياغدۇرغۇچى قىلىچ بىلەن مەردلىك نامايان قىلىپ، رۇستەم ۋە ئىسفەندىيار ئىشلىرىنىڭ داستانىنى زامان كۆزى ئالدىدا خار - زار قىلدى؛ ئۇلارنىڭ ئالتە ئېتىنى (ئولجا) قىلىپ قورغانغا ئېلىپ قايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

(نەزم)

ئۇلۇغلۇقى بىلەن چىقتى شاھ ۋە غالىب كەلدى،
ئاتلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاتلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

شۇ چاغدا دۇۋەررەكە باھادىر دۈشمەنلەردىن يۈز ئۆرۈپ، قەلئەگە كىرىپ، سائادەتلىك مۇلازىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى شۇ كۈنلا تاشقىرىغا چىقماقچى ھەمدە بەختىيار بىلىكىنىڭ كۈچى ۋە زەپەر قىلىچى زەربىسى بىلەن دۈشمەنلەرگە كۈندۈزى يۇلتۇزلارنى كۆرسەتمەكچى بولدى. ئەمىر سەيفىددىننىڭ ئىلمىي نۇجۇم ۋە پال ئېچىش سىرلىرىدىن خەۋەرى بار ئىدى. ئۇ بۈگۈن سەۋر قىلىش ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ۋە ئەتە چاشكا ۋاقتىدا ئىنتايىن بەختىيار ۋاقىت بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. (ساھىبقىران) ئۇ سۆزنى توغرا تېپىپ سىرتقا چىقىش نىيىتىدىن ياندى. دۈشمەن تەرەپتىن تىززەكچى باھادىر 200 كىشى بىلەن يېپىنچا (تاختا) ئىشىك ۋە قالغانلارنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېھتىيات يۈزىسىدىن كېچىچە شۇ يەردە بولدى.

تاڭ ئۆز بايرىقىنى ئۇپۇق پەستىرمىسىدىن كۆتۈرگەن چاغدا، ئەلچى بۇغا باھادىر بىلەن ئاق تۆمۈر باھادىر دەرۋازا كۆۋرۈكى[295] نى چۈشۈردى ۋە 50 كىشى بىلەن قەلئەدىن چىقىپ توساتتىن ياۋغا ئېتىلدى؛ ئۇلار كاللىنى ئۇچۇرىدىغان تىغ ۋە جاننى سۇغۇرىۋالىدىغان خەنجەر بىلەن جەڭ مەيدانىنى قانغا بويىدى.

(نەزم)

قىلىچلار جاراڭ ـ جۇرۇڭى گەدۇنغا يەتتى،
قەرشىدىن ئاققان قان جەيھۇنغا كەلدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئەلى شاھ ۋە دەرۋىشەك بۇرغۇچى 20 ئاتلىقنى ئېلىپ پىيادىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قورغاندىن ئاتلىنىپ چىقتى. ئۇلار ئىنتىقام ئوتىنى يالقۇنجاتتى ۋە روشەن زەپەر تۇغىنى تىكتى. قارشى چىققۇچىلاردىن بولغان تەغا بۇغا باھادىر قىلىچ يالىڭاچلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندى، ئاق تۆمۈر باھادىر ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، بىر زەربە بىلەن يىقىتتى. ئەمىر مۇسانىڭ قوشۇنىدا بىر ئۆزبېك يىگىتى بار ئىدى. داڭقى چىققان بۇ تاغ يۈرەك باتۇرنىڭ دىمىقىدا پالۋانلىق تەسەۋۋۇرى، كاللىسىدا ياشلىق غۇرۇرى بار ئىدى. ئۇ زەربىسىدىن ئېلبۇرس تېغى[296] تىترەيدىغان بىر توقماقنى كۆتۈرۈپ جەڭگە كىردى. قازان بۇغانىڭ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى، ئايغىنى ئورنىدىن قوزغىتالمىدى ۋە (شۇ چاغدا) باشقا بىر كىشى يېتىپ كېلىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ھالاك قىلدى.

(نەزم)

كىمكى مەردلىككە ئۆزىنى مەغرۇر قىلار،
مەغرۇرلۇقى بىر كۈن بېشىغا چىقار.

ئەمىر سارى بۇغا ۋە ئەلچى باھادىر قىساس ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ، دەرۋازا ئۈستىدە تۇرۇپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

(نەزم)

ئوقچىلارنىڭ باشمالتىقى قىزىدى ساز[297]،
ئوقيا ئۈچى قولاق بىلەن بولدى ھەمراز* [298].

غۇي - غۇي ئۈچار ھەرىلەرگە[299] ھاۋا تولدى،
تېنى — ئوق، نەشتىرى تۆمۈر ئىدى.

باتۇرلارنىڭ قورغان ئۈستىدىن تۇرۇپ ئاتقان ئوقلىرى دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەڭلىككە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەنلەرنىڭ جېنى پەيكان[300] ئويغان تۆشۈكتىن سىرتقا ئېتىلىپ، يۇقىرى ئالەمدىكى مەنزىلگە قاراپ ئىنتىلەتتى.

(نەزم)

ئوق توختىتىپ جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكىنى،
ئاسمان يولىنى توستى ئۆلگەنلەر تېنى.

دۈشمەن قوشۇنى قورققىنىدىن تۆرىلەرنى تاشلاپ، كەپەنەكلەرنى[301] باشلىرىغا ئارتىپ قېچىشىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى (ئالدىدىن) قېزىپ قويغان خەندەكلىرىگە يوشۇرۇندى. غالىب قوشۇن ئۇلارنى ئۇ يەردىنمۇ ھەيدەپ، چېدىرلىرىدىن نېرىغا ئۆتكۈزۈپ، شەھەر كوچىلىرىدا قوغلاپ يۈردى.

* ھەمراز — دوست، سىرداش.

(نەزم)

باتۇرلار زەربىسىدىن قاچتى ھەممىسى،
ۋەھشىي شىردىن قاچقاندەك ئاھۇ* پادىسى.

دۈشمەن قوشۇنىدىن يەنە 100 كىشى تۆكەل (باشچىلىقىدا) باشقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ۋە پىيادىلىرى چەبدەس قوللىرى بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ، غالىب قوشۇننى قايتۇردى. سائادەتلىك ساھىبقىران 15 ئاتلىق بىلەن قورغاندىن ئات چاپتۇ-رۇپ چىققانىدى، ئاسمان قورقۇنچتىن تىترەككە چۈشتى؛ دۆلەت-نىڭ ئۇلۇغۋارلىقى باتۇرلارغا ساپ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە يېڭى غەيرەت بەخش ئەتتى. ئەلچى بۇغا بىلەن بەھرام تەۋەككۈل قىلىپ تۆكەلگە قارىدى. ئۇ سىپىلنىڭ بىر چېتىدە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇر-غانىدى. ئەلچى بوغا سىپىل ئۈستىدىن ئۇنىڭغا قىلىچ چاپقاندا، ئۇ كالىلىسىنى ئېگىشتۇرۇپ قېچىپ كەتتى، شۇ چاغدا غالىب قوشۇن باتۇرلىرىدىن بىر خوراسانلىق بىلمەستىن قىلىچ چاپتى ۋە ئۇنىڭ قىلىچى كاساپىتىدىن بەھرام ھاياتىنىڭ كۈنى شامغا يېتىپ، ھالاك بولدى. (ئاللانىڭ قازاسىغا قارشى باش كۆتۈرۈپ بولمايدۇ.) (302)

(نەزم)

ئەجەل يەتمىسە جان دۈشمىنى پەرىشتە سۆپەت يار بولار،
قازا يەتسە دوست خۇددى دۈشمەندەك دوستىنى ئۆلتۈرەر.

---

* ئاھۇ — كېيىك. — ت

ئاخىرى، يەتتە مىڭ ئاتلىق بىلەن كەينى - كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، شامىلىدىن جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتىنى تۇتاشتۇرغان ئەمىر مۇسانىڭ ئابرۇيى تۆكۈلۈپ، شەرمەندىلىك تۇپرىقىنى ئۆز ھاياتىنىڭ (بېشى) غا تاسقىدى ۋە (ساھىبقىرانىنىڭ) كۈنسايىن ئارتىپ بېرىۋاتقان دۆلىتىنىڭ شەرىپى تۇپەيلى ئازغىنە كىشىدىن ئىبارەت پەلەكتەك غالىب لەشكەرلەردىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. (قوشۇنى) ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتتى، لېكىن مالىك باھادىر بەش مىڭ لەشكەردىن ئىبارەت قاراۋۇناس قوشۇنى بىلەن تېخىچە خۇزار دەرۋازىسىنىڭ سېپىلىدە تۇراتتى. جاھانگىرلىكنى تەستىقلىگۇچى ساھىبقىران ئالىيلىرى 60 كىشى بىلەن شىجائەت يۈزىنى ئۇلارغا بۇرىدى. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئىنتىقام ئالغىلى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مالىك جايىدا تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي، ئاجىزلىق قولى بىلەن قېچىش ئېتىكىنى تۇتۇپ، قىلىچ سوغۇرۇش ئورنىغا قالقانىنىمۇ تاشلىۋېتىپ، يۈرۈپ كەتتى ۋە گۇنبەدى لەۋلىيگە ئورۇنلاشقان ئۆز مەنزىلگاھى[303] غا ئاتلاندى. ساھىبقىران ئالىيلىرى دۆلەتنىڭ تىزگىنىنى ئۇ تەرەپكە بۇراپ، غەزەپلەنگەن شىردەك ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئۇلار (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ قوشۇنىنى يىراقتىن كۆرۈشى بىلەنلا ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي تارقىلىپ، قېچىشقا يۈز تۇتتى.

بۇ ئاللانىڭ چەكسىز ئىنايىتى ۋە پايانسىز مەرھەمىتى بولۇپ، بىر كىشىنى ئۆز ئىلتىپاتى بىلەن خۇرسەن قىلىپ، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر كۈچ - قۇدرەت ۋە شىجائەت ھەدىيە قىلىدىكى، ئۇ (كىشى) 243 لەشكەر بىلەن، مەجبۇرىي ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىختىيارىچە 12 مىڭ قانخور ۋە قىساسچى دۈشمەن ئاتلىقلىرىغا قارشى چىقىپ جەڭ قىلماقچى بولىدۇ؛ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككى كېچە - كۈندۈز ئىچىدە ئۇلاردىن قورغانىنى تارتىۋالىدۇ، ئەھلى ئايالىنى ئەسىر قىلىدۇ. مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلدۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوق ياغدۇرغۇچى ئوتكۈر شەمشەرنىڭ كۈچى بىلەن تارقىتىپ، تۇزىتىۋېتىدۇ؛ ئۆزى بولسا

ئات سېلىپ ئۇلارنى كۆزىتىدۇ، باتۇرلىرىنى يىقىتىپ ئەسىر ئالىدۇ. بۇ بىر ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىدۇر. ئۇنىڭ توغرىلىقى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈلگەن ۋە تەھرىر مەجلىسىدە[304] بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ياغلىمىچىلىق قىلماستىن تەستىقلىغان. (بۇ سۆزلەر) فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» سىدە بەزىبىر كىشىلەرگە نىسبەتەن شائىرانە مۇبالىغە ۋە نەپىس سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن لاپ ۋە يالغانلاردىن ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى بولغاي) قىسسىسىدە[305] (بۇ ئەھۋالنى) تەستىقلاپ ئىنساپ يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدۇ:

(نەزم)

ھەر خىل نەزملەر بىلەن بېزىدىم،
دەل نىمە ئىستىدى شۇنىلا دېدىم.

(گەرچە ئۇلاردىن راھەتتە بولدۇم،
لېكىن گۇناھنىڭ ئۇرۇقىن تەردىم.

تېرىغان ئۇرۇقدىن ئەپسۇسلىنىمەن،
تىل ۋە دىلىمنى تۇگۇن قىلىمەن.)[306]

يالغان ئۇ داستانلار يالغاندۇر بارچە،
ئىككى يۈزى بولالماس ئوچۇم تۇپراقچە.

ئاقىل كۆلسە مەندىن ئەرزىيدۇ بۇگۇن،
ئۇ قاچان، قەيەردە بولغانتى مەمنۇن؟

www.uyghurkitap.com

(ئاخىرمەن) يېرىم ئۆمرۈمنى سەرپ قىلىپ،
جاھاننى تولدۇردۇم رۇستەم نامىنى ئېلىپ.

ئوي - پىكرىنى بېزەپ كېچە - كۈندۈزلەر،
كىمگە كېرەك داستان قىلىنغان سۆزلەر.

دەر ھەقىقەت، ئۇ تەڭدىشى يوق نادىر نەزم ئىگىسى (تىلىدىن ئېيتىلغان) بۇ ئۆزرىخاھلىق ۋە راستچىللىق ئۇنىڭ يۈكسەك پەزىلەت ۋە كامالىتىدىن دەلىلدۇر.

(نەزم)

بولسۇن خاتىرجەم ھايات فىردەۋسىي،
ئۇندىكى[307] نامىدىن خۇشخەۋەر كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، قۇتلۇق پالغا ئىگە ئىقبال كۈچىدىن دۈشمەنلەرنىڭ جەبىر - زۇلۇم ۋە كىبىر چوققىسىغا كۆتۈرگەن شەۋكەت ۋە قۇدرەت بايرىقى غۇلاپ چۈشتى. رەقىبلەرنىڭ ياردەملەشكۈچىلەر ۋە تەرەپدارلارنىڭ كۆپلىكىگە ئارقىسىنى قىلىپ تەسەۋۋۇر ۋە پەرەز لەۋھەسىگە سىزىۋالغان غۇرۇر ۋە ئىپتىخار نەقىشلىرى ئوت ياغدۇرغۇچى قىلىچىنىڭ سۈيىدىن پۈتۈنلەي يۇيۇلۇپ كەتتى. دۈشمەن قوشۇنى پۈتۈنلەي كەينىنى قىلىپ يۈرۈپ كەتتى؛ ئەمىر ۋە نۆكەر، سەردار ۋە لەشكەرلەرنىڭ (ھەممىسى) ئامالسىزلىق يۈزىنى قېچىش تەرەپكە بۇرىدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىرجاكو ۋە ئەمىر سەيفىددىنگە تا چەكچەك جىراسىغىچە تەكامىشى[308] قىلىپ قاچقانلاردىن قولىدىن كەلگىنىچە (كۆپرەك ئولجا) ئۇندۇرسۇن دەپ بۇيرىدى.

ئۇلار بۇ ئىشنى بىر ئاز كەينىگە سۈرىگەندەك بولدى. ئامەتلىك ساھىبقىران لەشكەرسىز (ئۆزىنى) يۇلتۇزلار توپىغا ئۇرغان ئاپتاپتەك ۋە ئۆز پەنجىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئوۋنى يىقىتقان ئارسلاندەك، شۇ ھامان دۈشمەنلەرنىڭ كەينىدىن ئات چاپتى. ئەمىر داۋۇد خۇددى زەپەر قۇچقاندەك ئالدىدا ماڭاتتى. دۈشمەن تەرەپتىن ئۆز قوشۇنىنىڭ ئارقا (قىسمى) نى قوغداپ تۇرغان بىر نەچچە ئاتلىق باتۇرلار ئۇلارنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئىككى قوشۇن بولۇپ جەۋانغارى[309] ئەلچى بۇغانى قوغلاپ قايتۇردى. (دۈشمەن) بەرانغارى[310] بولسا بەختلىك ساھىبقىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ئادەم يەيدىغان لەھەڭ، يەنى ئوتلۇق شەمشەر ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قولى دېڭىزىدا باش سىلكىشكە باشلىدى ۋە ئۇلار سەرسەر شامىلى[311] ئالدىدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) پاشىلاردەك قېچىشتى. بۇرۇن باتۇرلۇق قىلىپ ئەلچى بۇغانى قوغلىغان دۈشمەن جەۋانغارىمۇ قورقۇشتىن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قوشۇمچە ئات ـ ئۇلاغلىرى غالىب لەشكەرلەر ئالغان ئولجىنى تولدۇردى.

## (نەزم)

قەيەرگە ساھىبقىران يۈزلەنسە ئەگەر،
ئاڭا بولۇپ تىزگىنداش چاپىدۇ زەپەر.

ئەمىر بايەزىد جەلايىرنىڭ قىزى، ئەمىر مۇسانىڭ خوتۇنى بولغان ئارزۇمۇلك ئاغا (شۇ چاغدا) مالىك باھادىر بىلەن بىرلىكتە قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئىقتىدارلىق ساھىبقىران ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە مالىككا ۋارقىراپ: «گەرچە قېنىڭنى تۆكۈش كېرەك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كەچتىم، ئايالنى ئۆزۈڭدىن ئاجرى-

تىۋەت» دېدى. مالىك جان ئامانلىقى خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇي-
رۇققا مۇۋاپىق ئىش كۆردى ۋە «ئۆز بېشىنى ساقلاپ قالغانلىقى
ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى»[312] دېگەن سۆزنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلار-
دىن ئايرىلىپ شامالدەك (ئات) چېپىپ كەتتى، ئايالالار ھامان
ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىقتىدارلىق ساھىبقىران يالغۇز
ئۆزى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشتەك ماڭاتتى. ئۇلار بىلەن ئاشىق
تاز ئىسىملىك بىر نۆكەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئوقيا بىلەن
ئوق بولۇپ، گەرچە بۇ ئىشتا ئانچە ماھارىتى بولمىسىمۇ، ساھىب-
قىران يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوقيانى ئوقلاپ تارتتى،
يىراق ئاتمىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى، ئەگەر ئۇ ماھىر مەر-
گەن بولۇپ، (ئوقىدىن) ماڭا بىرەر زەخمە يەتسە، تەنە ۋە
تەنبىھكە سەۋەب بولىدۇ. يەنى خوتۇن ۋە مال تەمەسىدە ئوق يېدى
(دېيىشىدۇ) دېگەن ئوي بىلەن، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئانچە كۆپ
يېقىنلاشمايتتى. كۈتۈلمىگەن يەردىن تەقدىر تەقەززاسى بىلەن
جاھان كەزگۈچى تۇلپارى ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا
دۆلەتشاھ باخشى يېتىپ كەلدى ۋە بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ ئايالالار-
نىڭ كەينىدىن ئات سالدى. ئوقيا تۇتۇپ تۇرغان كىشى بىر ئوق
ئېتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ ئىشتىكى نۇقسانى ئېچىلىپ قالدى.
(شۇنىڭدىن كېيىن) ئۇ جەڭ قىلىشتىن قولىنى تارتىپ، ئايالالار
بىلەن قېچىپ كەتتى. دۆلەتشاھ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەرقانچە
قوغلىسىمۇ، بەربىر يېتىشەلمىدى. شۇ چاغدا ئارزۇمۇلك ئاغا
(تۇغۇلغۇسى) تۇمەن ئاغاغا توققۇز ئايلىق ھامىلىدار ئىدى.
شۈبھىسىز، بۇ ئەزىز پەرزەنتىنىڭ بەختى ئىدىكى، كىمكى
ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بەختلىك بولسا، ئۇ (كېيىنمۇ) بەختلىك
بولىدۇ[313]. دېيىلگىنىدەك، قەست قىلغۇچىلارنىڭ ھۇجۇم قولى
يەتمىدى. چۈنكى تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىدە ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك
بانۇنىڭ چېدىرىدا ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن نىكاھلىنىشى
يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىن بېرىلىدۇ[314].

ئۇ ئالىيلىرى قىزىلقانىڭ يېنىدىكى ئاقۇبىيدىن قايتىپ كې-
لىپ، زەپەر قۇچقان لەشكەرگاھنى ئۆزىنىڭ بەختلىك قونۇشى
بىلەن كۆركەم قىلدى. ئەمىر جاكو ۋە ئەمىر سەيفىددىن ئورۇن-
داش كېرەك بولغان بۇ پەرماننى كەينىگە سۇرگەنلىكتىن خىجا-
لەت بولۇپ، پۇشايمان قىلدى ۋە كېچىكىپ بولسىمۇ بۇيرۇققا
ئەمەل قىلغاندەك بولۇپ، چەكدالىق دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدا
دۇشمەنلەرنى چەكچەك جىراسىغىچە كۆزىتىپ باردى. ئۇلار جەلا-
يىرنىڭ قوشۇنى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان يەنە بىر توپ (لەش-
كەر) نى قايتۇرۇپ كەلدى.

(نەزم)

قاياققا قارىساڭ قىلىدۇ زەپەر،
قاياقتىن تىڭشىساڭ شادلىق خەۋىرى كېلەر.

ساھىبقىران ئالىيلىرى شۇ قىش[315] سائادەت ۋە سالامەتلىك-
تە قەرشى (شەھىرى) نى قونالغۇ ۋە ياشاش ئورنى قىلدى ھەمدە
ئۆز مەرھىمىتى ۋە ئېھسانى سايىسىنى ئۇ ديار ئاھالىسى ۋە
ياشىغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن سالدى. پۇقرالارغا تەسكىن
بېرىپ، تېزلىكتە ۋىلايەتنىڭ ئىمارىتى ۋە زىرائىتىنى ياخشىلاشقا
بۇيرىدى. مەھمۇدشاھنى بۇخارانى باشقۇرۇش، ئۇ تەرەپنى ئىش-
غال قىلىپ مەمۇر قىلىش ۋە باج - خىراجنى خەزىنەئى ئامى-
رە[316] گە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. خۇراساندا پەرىشان ۋە
سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن نېكپەي شاھقا خەۋەر يوللاپ، ئۇنى
(ھۇزۇرىغا) تەكلىپ قىلدى ۋە ئاموياني تەۋەلىرى بىلەن[317]
بىللە ئۇنىڭغا بەردى؛ ئۇ (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ تەربىيىسى
بىلەن ئۆز ئورنىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئۇنى باشقۇرۇشقا باشلى-

www.uyghurkitap.com

دى. ياسەۋۇرىيلار بىلەن سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئەلى ياسەۋۇ-
رىي بۇخارادا كۆيئوغلى بولغان مەھمۇدشاھغا بېرىپ قوشۇلدى.
ساھىبقىران ئالىيلىرى بىر نەچچە قېتىم ئەلى ۋە ياسەۋۇرىيلارغا
ئېتىبارىنى قارىتىپ (ھۇزۇرىغا كېلىشىنى) تەلەپ قىلغانىدى،
لېكىن ئۇلار پەرمانغا بويسۇنۇش سائادىتىدىن بەختىيار بولالمى-
دى. ئەمىر مۇئەييار ئۆز ھەرىمى بولغان شېرىنبېك ئاغانى ماخان-
غا ئەۋەتتى ۋە تەرمىچى باخشىمۇ ئۆز كۆچىنى ئۇلارغا قوشۇپ
يولغا سالدى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ ئادىشىپ قېلىپ، نەتىجىدە
خېلى كۆپ ئات - ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. (كەينىدىن)
شۇ يولنى بىلىدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتتى ۋە ئۇ ھەممىسىنى
باشلاپ ماخاندىكى مۇقەددەس جايغا باردى.

## ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ساھىبقىران ئالىيلىرىغا قارشى قوشۇن تارتقانلىقى

ئەمىر مۇسا ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ باتۇرلىرىنىڭ زەربى-
سىدىن زەخىملەنگەندىن كېيىن، مەغلۇپ قوشۇنى بىلەن ئەمىر
ھۇسەيىننىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى تەلتۆكۈس سۆزلەپ
بەردى. ئەمىر ھۇسەيىن ئۇ سۆزلەردىن ھەيرەتكە چۈشتى ۋە
قورقۇپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ تېزلىكتە لەشكىرىنى يىغىپ سالى
سارايىدىن ئالىيلىرىنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئەمىر ئۇلجايتۇ ئەپەردى تايغۇنىڭ ئوغلى جاھانشان، پولات
بۇغانى ۋە 10 مىڭ قاراۋۇناس لەشكىرى بىلەن ئەمىر مۇسانى
ئالدىنراق ماڭدۇردى. ئۇلار قەھەلقەدىن ئۆتۈپ، تەنگە چەكچەك
يېنىغا چۈشۈپ جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كېچى-
سى باستۇرۇپ كىرىش نىيىتىدە ئۇلار تەرەپكە يۈرۈش قىلدى.

ئۇلار يالغۇز باغ يولى بىلەن ماڭدى؛ تاقىر دەشتتە ئۇنىڭ يالتىرلاپ تۇرغان ئويمان - دۆڭلىرىگە (نەزەر تاشلىسا) ، گويا جاھاننى قار قاپلىغاندەك كۆرۈنەتتى؛ بولقا تۇياقلىق ئاتلار تاقىسىنىڭ تۆمۈرى بىلەن قار كۇمۇشىنى يەر سەندىلىگە ئۇرۇپ چاققانلىق تەڭگىسىنى ياسىدى. دۈشمەنلەر ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش مەقسىتىدە، بىر نەچچە كىشىنى يۇقىرى يولدىن «تىل» ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار دۈشمەن تەرەپتىن 20 كىشى ئېلىپ كەلدى. قوشۇن ھەققىدە مەلۇمات ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كېچىدە تەڭگە چەكچەكتىن ئۆتۈپ چاقدالىققا كېلىپ چۈشكەنلىكى مەلۇم بولدى. بەختلىك ساھىبقىران ئېھتىيات يۈزىسىدىن يەنە بىر كىشىنى ئەۋەتىپ تەكشۈردى. شۇ چاغدا ئەمىر مۇسا ئۇلجايتۇ ۋە باشقا ئەمىرلەر مۇكەممەل 10 مىڭ ئاتلىقنى تەرتىپكە سېلىپ ئاققىيا[318] نىڭ ئۈستىدە سەپ تۈزۈپ تۇرغانلىقلىرى ئېنىق بولدى. شۇ چاغدا ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ مۇلازىملىقىدا 200 دىن ئارتۇق لەشكەر يوق ئىدى. غەيرەت - شجائەت بىلەن لەشكەرنى سەپكە تىزدى ۋە تەۋەككۈل يۈزىنى ئۇلار تەرەپكە قاراتتى. قوشۇنلار بىر - بىرىنى كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ (ئوتتۇرىغا ئۆز) ئاتلىقلىرىنى كىرگۈزدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى تەڭرىنىڭ ئىلھامى ۋە پەلەكنىڭ تەستىقى بىلەن (مۇنداق) پىكىرگە كەلدى:

(نەزم)

سىناقتىن كىشى تاپماس خەيرخاھلىق،
ئېگىزگە چىققاندىن كېيىن، كېلەر پەسلىك.

يەنى تاكى ئالەم ئاخىرلاشقىچە يۈكسەك ئىقتىدارلىق پادى-

شاھلار تارىخىنىڭ توغرىسى ۋە ھەر قانداق زاماندا جاھان ھۆكۈم-
دارلىرى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدىغان داڭقى
ئالەمگە پۇر كەتكەن شۇنداق بىر غەلىبىدىن كېيىن، ھازىرقىدەك
جەڭگە قەدەم قويۇش توغرا ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ دەسلەپكى
چاغلاردا شۇنداق ئىدى. چۈنكى ئەقلىنىڭ ئېنىق كۆرسىتىدىغان
ئەينىكى بولغان تەجرىبە روشەن ئىدى؛ يەنى غەلىبىلىرىنىڭ يېڭى
مۇستەھكەم كەشتىسى بىلەن زىننەت تاپىدىغان ۋە «شۆھرەتنامە»
سى داۋاملىشىش رەقىمى بىلەن قوغدىلىدىغان ھەر قانداق دۆلەت-
نىڭ يۈكسىلىش ۋاقتى ئۈچۈن خىلمۇخىل ھىيلە - نەيرەڭ
ئىشلىتىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بەدىر غەلىبىسى[319] نىڭ
ئالەمنى يورۇق قىلغۇچى تولۇن ئېيى كەينىدىن يۈرەكنى كۆيدۈر-
گۈچى ئوھۇد ۋەقەسى[320] نىڭ ھىلال ئېيى تاغدىن چىقىپ كەلدى.
سۇلايمان سەلتەنىتى[321] نىڭ جاھاننى تاۋلىغۇچى ئاپتىپىنى كى-
بىرلىك دېۋە توسۇپ قويدى.

## (نەزم)

دۆلەت ياخشىدۇر، ئۇنىڭدا يېقىلىش - تۇرۇش بولسا،
دۆلەت تېز قولدىن كېتەر، ئەگەر ئۇ تېزلا كەلسە.

شۇ چاغدا دۇشمەن قوشۇنلىرى ھوشيار بولۇپ، كېچىسى
ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋېلىش ئامالى قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئا-
لىيلىرى قايتىپ كېتىشنى ئەۋزەل بىلىپ، كوردۇڭ يولى[322]
ئارقىلىق يولغا راۋان بولدى. قارشى چىققۇچىلار خېلى كۆپ
بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز سانلىق ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىدى ۋە بىرەر كىشى
ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارمىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى قەرشىگە

قايتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردىن بۇخاراغا يول ئالدى. ئەلى ياسەۋۇ-رىي ۋە مەھمۇدشاھ كۇتۇۋېلىشنى ۋاجىپ دەپ بىلىپ، قۇللۇق قەدىمى بىلەن ئالدىغا چىقىپ، خىزمەتكارلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ھۇمايۇن مەۋكەب ساق - سالامەت سائادەت بىلەن بۇخارا شەھىرىگە كېلىپ چۈشتى.

ئەمىرجاكو بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەھمۇدشاھنى ئاتنىڭ قۇيرۇ-قىغا باغلاپ سۆرەتكەن ۋە ئالدى - كەينىگە ساۋاپ قاتتىق جازال-غانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشەنچ يوق ئىدى. ساداقەتلىك سىمۋولى سۈپىتىدە ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك خاتىرىگە سې-لىپ: «پۇرسەت خۇراسانغا بېرىشنى توغرا تاپىدۇ» دەيتتى. لېكىن قانچىلىك مۇبالىغە قىلمىسۇن، ئۇ ئالىيلىرى قوبۇل قىلمىدى. ئەمىر جاكو ئەمىر سەيفىددىن ۋە ئاببااس باھادىرلار ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئىجازەتسىز خۇراسانغا، ئېنىقراقى ماخانغا كەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ماڭلىيى بولغان ئەمىر مۇسا ۋە ئۇلجايتۇلار سان - ساناقسىز لەشكەر بىلەن بۇخاراغا يېقىنلاشقانلىقى خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەلى ياسەۋۇرىي ۋە مەھمۇدشاھقا، دۆلەت ۋە مەملىكەت مەنپەئىتى ھەمدە شىجائەت ۋە مەردلىك تەقەززاسى شۇكى،

(نەزم)

بىز قوشۇننى شەھەردىن ئېلىپ چىقايلى،<br>دۈشمەنلەرگە كېچىلەپ ھۇجۇم قىلايلى[323].

دەپ بۇيرىدى. ئۇلاردا ئۇ مۇھىم بۇيرۇقنى ئورۇنداش ئىقتىدارى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كۆرۈنمىدى. ھەمدە، «بىز بەندىلەر ئۆز ئورنىمىزنى ساقلاپ تۇرۇشنى ۋە دۈشمەن يېتىپ كەلگەندە

ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشنى توغرا تاپمىز» دېدى. ساھىب-قىران ئالىيلىرى (ئۇلارنىڭ سۆزىدىن) خەۋپ ۋە يامانلىق قىلىش بەلگىلىرىنى كۆزەتكەنلىكى، شۇنىڭدەك، ھەرىكەتلىرىدە ھېچقانداق سالماقلىق كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، خۇراسانغا يول ئالدى. ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگىنىدە، قۇتلۇق بىر تاساددىپىيلىق بىلەن يۇقىرىدىن ئون كېمە ئېقىپ كەلگەنىدى، كېمىلەرنى تۇتۇشقا بۇيرىدى ۋە سۇدىن ئۆتۈۋېلىپ، چۆلگە كىردى. مەرۋىدىن ئۆتۈپ، ماخاندا سائادەت ۋە ئىقبال بىلەن ھۇمايۇن ئۇغرۇقنى قوشۇلدى.

## ئەمىر ھۇسەيىننىڭ بۇخارانى قامال قىلغانلىقى

ئەمىر ھۇسەيىن قوشۇن بىلەن بۇخاراغا يېتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ئەلى بىلەن مەھمۇدشاھ ياردەم بېرىشكە رازىلىق بىلدۈر-گەن شەھەر ئاھالىسى بىلەن قورغاننى سىرتتىن قورشاپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى. شەھەر ئەھلى مەردلىك كۆرسىتىپ گۈلئاباد دەرۋازىسىدىن چىقىپ جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. ئەمىر ھۇسەيىن ھىيلە - مىكىر يولىنى تۇتۇپ (ئالدى بىلەن) قوشۇن-نى ئېلىپ، ئالەم شەيخى سەيفىددىن باخەرزىي[324] مازىرىغىچە (ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى يورۇق قىلغاي) قېچىپ بېرىپ، يەنە كەينىگە ياندى. تاجىكلار قوشۇن قېچىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلا-پ، قورال - ياراغ، پالتا ۋە پالاخمانلار* نى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن توختىماي قوغلىدى. قوشۇن كەينىگە قايتتى ۋە بىر ھۇجۇم بىلەن ھەممىنى دەرۋازا ئالدىغىچە قىستاپ نۇرغۇنىنى

* پالاخمان — قەدىمىي تاش ئېتىش قورالى. — ت

قەھر ـ غەزەپ قولى بىلەن يىقىتتى. قالغىنى ھەر تەرەپكە قېچىپ، تەسلىكتە جېنىنى ئۆلۈم خەتىرىدىن ساقلاپ قالدى؛ ئوق ۋە ئوقيانى تاشلاپ، كامارلار ۋە سامانخانىلارغا يوشۇرۇنۇپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۈن ـ تىن چىقارمىدى.

(نەزم)

ئورنىدا تۇرمايدىكەن يېنىك باشلار،
زامانە دەستىدىن يەيدىكەن جازا.

ئەلى بىلەن مەھمۇدشاھ يەنە بىر قېتىم خەلقنى يىغىپ شەھەرنى قوغدىماقچى بولدى. لېكىن بۇ جەھەتتە ھەرقانچە تىرىشىسمۇ ۋە كىشىلەرنى چاقىرسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ئۇلار ئامالسىز دەرۋازىنى ئېچىپ، سىرتقا ئات چاپتۇرۇپ ماخانغا كېتىشكە ئالدىرىدى. ئۇلار دۆلەت يېڭىنى پۇرسەت قولىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ئەمدى ئاجىزلىق ئېتىكىنى مەجبۇرلۇق چىشىغا ئېلىپ (ساھىبقىران) نىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈش كېرەك ئىدى.

(نەزم)

ئىقبال ئېتىكىنى قولدىن بەرگەن بەختى قارا،
كۆپ ئۆتمەي پۇشايماندىن يىرتار ياقا.

ئەمىر ھۈسەيىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن بەكاۋۇل[325] ئەۋەتىپ تاكى (جەيھۇن) دەرياسى بويىغىچە ئات چاپتۇرۇپ، نۆكەرلىرىنىڭ نۇرغۇننى ھالاك قىلىپ، پۈتۈن ماللىرى ۋە ئات ـ ئۇلاغ-

لىرىنى ئولجا ئالدى. ئەلى بىلەن مەھمۇدشاھ ئاتتا، قالغان بىر توپ نۆكەرلەر پىيادە ئاران جان ساقلاپ قالدى. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ، چۆلگە كىردى ۋە مەرۋە ئارقىلىق ماخانغا كېلىپ، سا-ھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئايىغىنى سۆيۈش سائادىتىگە مۇيەسسەر بول-دى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرىدىن شەرمەندە - رەسۋا ۋە ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى مەرھەمىتىدىن ئۈمىدۋار ئىدى. خىسراۋلارچە مەرھەمەتلەر ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا كەچۈرۈش رە-قىمىنى سالدى ۋە كۆپ مېھرىبانلىقلار كۆرسىتىپ، ئات ۋە تون بىلەن خۇرسەن قىلدى. (ساھىبقىران شۇ چاغدا) شىكارغا چىق-قىپ، ئۇلارغىمۇ ئۆز مۇلازىملىرى قاتارىدىن ئورۇن بەلگىلىدى.

ئەمىر ھۈسەيىن بۇخارانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر نەچچە كۈن شۇ يەردە بولدى؛ كېيىن ئەمىر خەلىلنى بىرقانچە ئەمىرلەر ۋە زور قوشۇن بىلەن بۇخارانى قوغداشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى سالى سارايغا قايتتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماخان توقايزار-لىرىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، يېڭى ئوت - چۆپ كۆكىرىپ چىققاندىن كېيىن ئاتلارنى ئوتلىتىپ سەمرىتىۋالدى.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئامو دەرياسىدىن ئۆتۈپ نىكپەيشاھنى ئەسىر قىلغانلىقى ۋە قاراۋۇناس قوشۇنىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغانلىقى

(ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئىلتىپاتى تۈپەيلى سەرگەردانلىق خار - زارلىقىدىن خالاس بولۇپ، ئۆز-ىنىڭ ئەسلىي جايى بولغان ئامويا ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدە ھاكىمىيەتكە ئېرىشكەن نىكپەيشاھ ھەققىدىكى خەۋەر ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئالىي

قولىقىغا يېتىپ (مەلۇم بولدىكى)، شۇ چاغلاردا ئۇ «ئىنسان ھەددىدىن ئاشىدۇ»[326] (دېگەن ئايەتنىڭ) ھۆكۈمىگە ئاساسەن، ئايىغىنى بويسۇنۇش يولىدىن چەتكە بېسىپ، ئىسيان ئۇچۇن باش كۆتۈرگەن، (ساھىبقىران) ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا بېرىش نىيىتى بىلەن ئېھرام[327] باغلىغانلارنى (ئۇ ئالىيلىرىنىڭ نۆكەرلىرى ۋە باشقىلارنى بىلىپ قالسا) تۇتۇۋېلىپ قاماپ قويىدىكەن ۋە ئۆتكۈزمەيدىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ غەزەپ ئوتى يالقۇنلىدى. ئۇ 600 كىشى بىلەن تۆتكۆل يولى[328] ئارقىلىق كېچىسى يۈرۈش قىلىپ جەيھۇن بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ سۇ تاشقىنى مەزگىلى بولۇپ (دەريا) تېشىپ ئاقاتتى.

(نەزم)

دولقۇن تاغدەك كۆتۈرۈلۈپ، دېڭىزدەك چۇشۇشى،
چوڭقۇرلۇقى چەرخى (پەلەك)، دەھشەتلىك شاۋقۇنلىشى.

تېزلىكى شامال كەبى خۇددى ئوتتەك قاينىشى،
بۆرۈلۈشى يىلاندەك، ئارسلان كەبى ھۆركىرىشى.

ئۇ ئالىيلىرى ئۆتىدىغان ئورۇن ئىزدەپ، ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىپ بورداللىغ ئېتىكىدىن ئۆتۈشنى خالىدى ۋە ئەمىرلەرگە 400 ئاتلىق بىلەن دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە مېڭىشنى بۇيرىدى. ئۆزى 200 كىشى بىلەن چاشكا ۋاقتىدا دەرياغا چۈشۈپ، كەچ پېشىندە ئۇ يەردىن ئۈزۈپ چىقتى. ئۇ يەردىن كېچىسى يۈرۈش قىلىپ، تاڭ ئېتىشقا يېقىن نېكپەيشاھ ئورۇنلاشقان ئامويانىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. ئۇ باتۇر، پالۋان، چەۋەنداز ۋە ئوقياسى

www.uyghurkitap.com

كۈچلۈك ماھىر مەرگەن ئىدى. مەردلىك قولىنى تىرىشچانلىق يېڭىدىن چىقاردى ئەمما نانكورلىقىنىڭ قەسىرى دۆلەت ئېتىكىنى تۇتقاچقا، بەخت كۈلۈپ باقمىدى. دەسلەپكى ئوقنى ئېتىشى بىلەن، ئوقياسىنىڭ كىرىچى ئۈزۈلدى ۋە ئوقى خىتاي باھادىر تەرەپكە ئۇچتى. دۇۋەررەكە بىلەن خىتاي باھادىر تېزلىك بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنى قولغا ئالدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، ئاللاتائالا ئوقيانىڭ كىرىچىنى گويا ئۇنىڭ ئۆز ئەھدى - پەيمانى يەپىدىن ئەشكەنىلىكى ئۈچۈن ئۇ بىردەمدە ئۈزۈلۈپ كەتتى. ھىيلە - مىكىر ئوقىنى ئۇنىڭ تەدبىرى نوتىسىدىن ياسىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خاتا قالقىنىغا بېرىپ تەگدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېمە ئەۋەتىلىپ، پەرمانغا بىنائەن سۇنىڭ نېرىقى يۈزىدە (كۈتۈپ) تۇرغان ئەمىرلەر 400 كىشى بىلەن بىرلىكتە كېمىلەر بىلەن (دەريادىن) ئۆتتى. شۇ چاغدا قاراۋۇناسنىڭ قوشۇنى بۇخارا ئەتراپىدا توپلىنىپ تۇرغانلىقى ساھىبقىران ئالىيلىرىغا مەلۇم بولدى - دە، ئالىي ھىممىتى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ توپ بولۇپ تۇرغان خامىنىنى سورۇۋېتىشنى تەقەززا قىلدى. قۇدرەتلىك قوشۇنلار بىلەن كېچىسى يۈرۈش قىلىپ، پىرمەس مەھەللىسىدە ئۇلارغا يېتىشتى.

(نەزم)

ئىككىلا قوشۇن جەڭگە كىرىشتى،
گويا تۆمۈردىن ئوت چاچاتتى.

كۆرسەڭ دەيتتىڭ لالە تېرىپتۇ ھاۋا،
ياقۇت ياغاتتى پولاتتىن گويا.

زەپەر قۇچقان قوشۇن ھۇجۇمىنىڭ شامىلى بەختسىزلىك تۈپرىقىنىڭ چېڭىدىن ئېلىپ رەقىبلەر شانۇ ـ شەۋكىتىنىڭ كۆزگە چاچتى؛ غەلىبە مەيىن شامىلى ئاللانىڭ ئىنايىتى ياغىدىغان تەرەپتىن زەپەر تۇغىغا قاراپ چىقتى. قاراۋۇناس قوشۇنىنىڭ باشلىقى بولغان ئەمىر خېلىل يېڭىلىپ مەغلۇپ بولدى ۋە بارلىق لەشكىرى تارقىلىپ، توزۇپ كەتتى.

## (نەزم)

دۆلىتى بۇنداق ئىشلارنى كۆپ قىلدى ۋە بار ئىكەن قىلىۋېرىدۇ،
بۇ ھالى جاھالى تېگىنىڭ نۇرىدىن بىر شولىدۇر خالاس.

زەپەر قۇچقان مۇقەددەس قوشۇن ۋە غالىب، مەرھەمەتلىك پادىشاھ تەڭرىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا ئۇ يەردىن سائادەت بىلەن قايتىپ، (جەيھۇن) دەرياسىدىن ئۆتۈپ قاراۋۇل گۆكە قۇدۇقىنىڭ بېشىغا كېلىپ بىر ئاي تۇردى ۋە ئۇ يەردىن ماخانغا يول ئالدى. نېكپەيشاھ بولسا نانكورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن قەھر ۋە ئىنتىقام دېۋانىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن جان روھىنى توپتوغرا ئەرۋاھ چاڭگىلىغا قوندۇردى.

«كىم نېمە قىلسا، ئۇنى شۇ (نەرسە) كۈتىدۇ».
قىسقىسى،

## (نەزم)

كىمكى ئۆز سېخىيلىقىدىن ئۆرۈيدىكەن يۈز،
بىر كۈن جازاسىنى تارتىپ قالار چارىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى

# شۆھرىتى پەلەككە يەتكەن ساھىبقىراننىڭ ئەمىر جاكۇنى مالىك ھۇسەيىننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىكى

ساھىبقىران ئالىيلىرى مەرۋىدىن ئۆتۈپ، ئادەتتىكىدەك مالىنى ئۆز مەنزىلگاھى قىلىپ، ئەمىر جاكۇنى ھىرات ۋالىيسى مالىك ھۇسەيىن ھۇزۇرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مالىك ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، بىرەر دەقىقىمۇ ئېتىبارسىز ۋە كۈتۈشسىز قالدۇرماي، ساھىبقىران ئالىيلىرىغا چىن يۈرەكتىن خەيرخاھلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش جەھەتتە ئۆز مەرھەمىتىنى كۆرسەتتى. (شۇنىڭدەك)، ئىلتىماس بىلەن: «مەن سەرەخسكە بارىمەن. ئەگەر ئۇلار (ئەمىر تۆمۈر) ئۇ تەرەپتىن قەدەم تەشرىپ قىلسا، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق ئاساسىي مۇستەھكەملەنگەن بولاتتى. ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ۋە ياردەملىشىش ئاساسى ئەھدى - پەيمان بىلەن قەتئىي ۋە مۇستەھكەم بولاتتى» دېدى. ئەمىر جاكۇ قايتىپ كېلىپ ئۇ سۆزلەرنى يەتكۈزدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى دوستى ھاجى بارلاس شۇ يەرگە بارغىنىدا، ئەسلىدە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولمىغىنىدىن[329] ۋە ئۇ خاندان ئەھلىنىڭ ھەر ۋاقىت توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزرىخاھلىق قىلىش ئادىتى بارلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. يەنى، غازانخان[330] سەلتەنىتى زامانىدا خۇراسان زېمىنلىرىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمدارى بولغان ئەمىر نەۋرۇز ئەرغۇن ئاغا ئوغلى[331] (ۋەقەسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ). مالىك ھۇسەيىننىڭ تاغىسى بولغان مالىك پەخرىد-

دىنىنى ئاتىسى مالىك شەمسىددىن كۇرت[332] غوردىكى خەستار قەلئەسى[333]گە قامىغان چاغدا، (ئەمىر نەۋرۇز) ئاتىسىدىن سوراپ، ئۇنى قەلئەدىن چىقىرىۋالغان ۋە مېھرىبانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۇرادىرى ئەمىرھاجىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ھەمدە ھىراتنىڭ ھاكىملىقىنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى. بۇ ئېتىباردىن ئۇنىڭ ئىشى راۋاج تاپقانىدى. (مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن) غەيۋەتخورلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى[334] ۋەجىدىن، ئەمىر نەۋرۇزغا قارىتا غازانخاننىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، ئەزەربەيجاندا ئۇنىڭ بۇرادىرى ھەمدە قېرىنداشلىرىنى قەتلى قىلغان ھەمدە ئەمىر قۇتلۇقشاھ ماڭقۇت[335] بىلەن باشقا ئەمىرلەرنى ئەمىر نەۋرۇزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خۇراسانغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ (ئەمىر نەۋرۇز) مالىك پەخرىددىنغا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۆزىگە قېرىنداش قىلىۋالغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، تۇسىدىن ھىراتقا پاناھ ئىزدەپ بارغاندا مالىك پەخرىددىن قەسەم قىلىپ (ئۇنىڭغا) ساداقەتلىكى ھەققىدە يەنە بىر قېتىم ۋەدە بەرگەنىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئەمىر قۇتلۇقشاھ ھىرات ئاستانىسىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، مالىك پەخرىددىن ئۆزرىخاھلىق قىلىپ، ئەمىر نەۋرۇزنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ۋە ئۇنى قەتلى قىلدى.

مالىك پەخرىددىنىنىڭ بۇرادىرى، يەنى مالىك ھۇسەيىنىنىڭ ئاتىسى بولغان مالىك غىياسىددىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد[336] زامانىدا، ئۇنىڭ ھامىيسى بولغان ئەمىر چوپان سۇلدۇز[337]نى شۇ يوسۇندا (دۇشمەن قولىغا) تاپشۇرغان، يەنى ئۇنى ۋە ئوغلى جىلاۋخاننى، سۇلتان ئەبۇ سەئىددىن قېچىپ ئۇنىڭ دەرگاھىدىن پاناھ ئىزدىگىنىدە ئۇلارغا (ساداقەتتىن) ۋەدە بېرىپ، شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرگەنىدى[338]. قىزىقى شۇكى، ئەمىر چوپان: «ئەمىر نەۋرۇز خائىن تائىپىدىن ياردەم ئىزدىدى، ئېتى ئۈچىنىڭ كەڭلىكىنى قورغاننىڭ تۆت تېمىنىڭ تارلىقى بىلەن ئالماشتۇردى» دەپ تەنە قىلىپ يۈرەتتى. ئۆزىمۇ ئاخىر شۇنداق، يەنى

ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىش تۇتتى ۋە ئۇ كۆرگەننى كۆردى. (ئەگەر قازا يەتسە كۆزى كور بولىدۇ)[339].

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## (نەزم)

قازا يەتكەچ پەلەكتىن قىقىپ قانات،
قارىغۇ ۋە گاس بولدى بارلىق ئاقىل زات.

بۇ ھېكايەت «مۇقەددىمە» دە تەپسىلىي يېزىلغان[340].
(ئەمىر جاكۇ يەتكۈزگەن سۆزلەر) نىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بۇ غەرەز ۋەجىدىن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ۋە ئىش بىلەرمەنلىكى ئۇنىڭ (ئەمىر جاكۇنىڭ) مالىك (ھۇسەيىن) بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە باغلىشىغا يول قويمىسىمۇ، (لېكىن) پادىشاھلارغا خاس سۈپەتلىرى ئۇنىڭ (مالىك ھۇسەيىننىڭ) سەممىيلىكى ۋە خەيرخاھلىقىنىڭ ئىلتىپاتسىزلىق ۋە پۇتۇنلەي رەت قىلىش بىلەن قارشى ئېلىنىشىنىمۇ ئەپ كۆرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئەزىز پەرزەنت، سەلتەنەت ۋە جاھاندارلىق كۆز قارىچۇقىنىڭ نۇرى، ئۇلۇغۋارلىق ۋە بەختىيارلىق بېغىنىڭ گۈلى ئەمىرزادە جاھانگىر بىلەن مۇبارەكشاھ سەنجەرىينى ئۇنىڭغا مۇلازىم قىلىپ، مالىك (ھۇسەيىن) نىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى؛ ئايەتتە: «سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)»[341] دېيىلگەنىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببەت ئەكس ئەتكەن سۆزلەرىگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا جاۋاب يوللىدى: «مالىكنىڭ دۇرۇس نىيەتلىكى ۋە ياخشىلىقلار قىلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل ۋە كۆ-

ﯘﻝ ﺗﻮﻕ؛ ﭘﻪﺭﺯﻩﻧﺘﯩﻤﻨﻰ ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﺎﻟﺪﯨﻐﺎ ﺋﻪﯞﻩﺗﺘﯩﻢ. ﺋﻪﮬﻠﻰ ﺋﺎﻳﺎﻟﺪﯨﻤﯩﺰﻧﻰ ﺑﻮﻟﺴﺎ ﺋﯘﻏﺮﯗﻕ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻣﯘﺷﯘ ﯞﯨﻼﻳﻪﺗﺘﻪ ﻗﺎﻟﺪﯗﺭﻏﺎﻳﻤﯩﺰ. ﻧﯩﻴﺪﯨﺘﯩﻤﯩﺰ ﺟﻪﺯﻡ ﺗﯩﺰﮔﯩﻨﯩﻨﻰ ﺋﻪﺳﻠﯩﻲ ﺩﯨﻴﺎﺭﻏﺎ ﺑﯘﺭﺍﺷﺘﯘﺭ. ﺷﻪﻙ ـ ﺷﯘﺑﮫﯩﺴﯩﺰ، ﺋﯘﻻﺭﻏﺎ ﺋﯧﺘﯩﺒﺎﺭ ﯞﻩ ﻳﺎﺭﺩﻩﻡ ﻗﯩﻠﯩﺶ ﺟﻪﮬﻪﺗﺘﻪ ﺋﯘﻧﯩﯔ ﭘﺎﺩﯨﺸﺎﮬﻠﯩﻖ ﺋﺎﻟﯩﻴﺠﺎﻧﺎﺑﻠﯩﻘﻰ ﻧﯧﻤﯩﻨﻰ ﺗﻪﻗﻪﺯﺯﺍ ﻗﯩﻠﺴﺎ ﺷﯘ ﺑﻮﻟﻐﯘﺳﻰ»، «ﺋﯘﻟﯘﻏﻼﺭﺩﯨﻦ ﺋﯘﻟﯘﻏﻠﯘﻗﺘﯩﻦ ﺋﯚﺯﮔﻪ ﻧﻪﺭﺳﻪ ﻗﺎﻳﺘﻤﺎﺱ»[342].

## ﮬﯘﻣﺎﻳﯘﻥ ﺳﺎﮬﯩﺒﻘﯩﺮﺍﻥ ﺋﺎﻟﯩﻴﻠﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﻣﺎﯞﻩﺭﺍﺋﯘﻧﻨﻪﮬﺮﮔﻪ ﻳﻮﻝ ﺋﺎﻟﻐﺎﻧﻠﯩﻘﻰ ﯞﻩ ﺋﻪﻣﯩﺮ ﮬﯘﺳﻪﻳﯩﻦ ﻗﻮﺷﯘﻧﯩﻨﻰ ﻣﻪﻏﻠﯘﭖ ﻗﯩﻠﻐﺎﻧﻠﯩﻘﻰ

ﺗﻪﯕﺮﻯ ﺋﯩﻨﺎﻳﯩﺘﻰ ﺳﺎﮬﯩﺒﻘﯩﺮﺍﻥ ﺳﺎﺋﺎﺩﯨﺘﻰ ﮬﻪﻗﻘﯩﺪﯨﻜﻰ ﭘﻪﺭﻣﺎﻧﻐﺎ «ﺳﯩﻠﻪﺭﻧﻰ ﻳﻪﺭ ﻳﯜﺯﯨﺪﯨﻜﻰ ﺧﻪﻟﻘﻠﻪﺭ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﻳﺎﺭﺍﺗﺘﯘﻕ» ﺩﯦﻴﯩﻠﮕﯩﻨﯩﮕﻪ ﺋﺎﺳﺎﺳﻪﻥ، ﺧﯘﺭﺳﻪﻧﻠﯩﻚ ﻛﯚﭘﻪﻳﺘﻜﯜﭼﻰ ﺑﻪﻟﮕﯩﺴﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯩﻤﺰﺍ ﻗﻮﻳﻐﺎﻧﻠﯩﻘﻰ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﺋﯘ ﺋﺎﻟﯩﻴﻠﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﻛﻪﯓ ﺩﻩﺭﮔﺎﮬﻠﯩﻖ ﺋﺎﻟﯩﻲ ﮬﯩﻤﻤﯩﺘﻰ ﺑﺎﺷﭙﺎﻧﺎ ﺗﯧﭙﯩﺶ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﭼﻪﻛﻠﯩﻨﯩﭗ، ﺩﯙﻟﻪﺕ ﯞﻩ ﺑﻪﺧﺘﯩﻴﺎﺭﻟﯩﻖ (ﺑﯩﺮﺋﺎﺯ) ﺗﻪﺭﺗﯩﭙﻜﻪ ﻛﯩﺮﯨﺸﻰ ﺑﯩﻠﻪﻧﻼ ﻗﺎﻧﺎﺋﻪﺕ ﮬﺎﺳﯩﻞ ﻗﯩﻠﻐﺎﻥ ﺋﯚﺯ ﺗﯩﻨﭽﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﻛﯚﺯﻟﯩﮕﯜﭼﯩﻠﻪﺭﺩﻩﻙ ﺋﯧﮫﺘﯩﻴﺎﺝ ﺑﻮﻳﯩﻨﯩﻨﻰ ﺋﻪﮔﻤﻪﻳﺘﺘﻰ. ﮬﻪﻣﺪﻩ ﺧﺎﺗﯩﺮﺟﻪﻣﻠﯩﻚ (ﺋﯩﺴﺘﯩﮕﯜﭼﻰ) ﺑﻪﻧﺪﯨﻠﻪﺭﺩﻩﻙ، ﺭﺍﮬﻪﺕ ـ ﭘﺎﺭﺍﻏﻪﺕ ﭘﯘﺭﺳﯩﺘﯩﻨﻰ ﻏﻪﻧﯩﻤﻪﺕ ﺑﯩﻠﯩﭗ ﺟﯩﺴﻤﺎﻧﯩﻲ ﻟﻪﺯﺯﻩﺕ ﺗﻪﻟﻪﭖ ﻗﯩﻠﯩﭗ، ﺋﯩﺸﺮﻩﺕ ﯞﻩ ﺧﯘﺭﺳﻪﻧﻠﯩﻚ ﺑﻪﺯﻣﯩﺴﯩﻨﻰ ﻗﯘﺭﻣﺎﻳﺘﺘﻰ.

(ﻧﻪﺯﻡ)

ﺑﯩﺰ ﺋﺎﺑﺮﯗﻱ ـ ﺋﯧﺘﯩﺒﺎﺭﻏﺎ ﺋﺎﺷﯩﻖ ﺑﻪﻧﺪﯨﻤﯩﺰ،
ﻳﺎﻗﺘﯘﺭﻣﺎﻳﻤﯩﺰ ﺋﻪﻳﺶ ﺩﯦﮕﻪﻧﻠﻪﺭﻧﻰ ﺋﻪﺳﻠﯩﻲ ﺑﯩﺰ[343].

شۇ چاغلاردا ماۋەرائۇننەھر دىيارى باشتىن ئاياغ قارشى چىققۇچىلار ۋە دۈشمەنلەر تەسىرى دائىرىسىدە بولغانلىقىدىن، ھەر يەردە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قانداقتۇر بىر چوڭ تويى ئورنى-شىۋېلىپ، ھەركىم ئۆز ئورنىنى بارلىق كۈچى بىلەن قوغدايد-تى. شۇنىڭغا قارىماي، پەلەكتەك قۇدرەتلىك ساھىبقىران ئۇ دىيارغا بېرىشقا جەزم قىلدى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتكەن ھالدا 600 كىشى بىلەن ئاتلىنىپ، كېچىلىك يۈرۈش قىلىپ، تەۋەككۇل يۈزنى يولغا قاراتتى. جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكىنىدىن كېيىن، كېچىدە يۈرۈش قىلىپ، تاڭغا يېقىن نەيسە-تانغا يېتىپ بېرىپ، شۇ كۈنى بىر چار باغدا يوشۇرۇنۇپ ئاتلىرى-نى يول ھاردۇقىدىن ئارام ئالدۇردى. (كېيىن) جۇيبارى مە-ھەللىسى[344] دىن كېچىسى ئۆتۈپ خۇزار تەرەپتىن يۈرۈش قى-لىپ، قەرشىنى قورشىۋالدى. ئەمىر مۇسانىڭ نۆكەرلىرىدىن بىر تويى شۇ يەردە ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاماققا ئالدى. قەيسەرنىڭ قېرىنداشلىرى ئەنانجەك، قۇداھ ۋە ئوردۇشاھلار ئۆز قەۋملىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. دۈۋەررەكە بىلەن شەيخ ئەلى باھادىر بولسا سودىگەرلەرنى دۈشمەن دەپ ئويلاپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلدى ۋە تۆت تاي كىمخاپ ئولجا ئېلىپ، ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىدى، ئۇ ئالىي-لىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەم - كۈتسىز ئىگىلىرىگە قايتۇردى.

قاراۋۇناس قوشۇنىدىن 5000 كىشى قوزىمۇنداق[345] مەھەللىسىدە تۇراتتى. ئەمىر سۇلايمان ياسەۋۇرىي ئۇلارغا بېرىپ قوشۇلدى؛ بارات خوجا[346] ۋە ھىندۇشاھمۇ ئۆز قوشۇنى بىلەن ئۇلارغا قېتىلدى. ئەنانجەك بىلەن قۇداھ خۇزارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق ئى-دى. ئۇ كۈن پېشىن ئالدىدا قەرشىدىن ئاتلىنىپ، يېرىم كېچىدە

نەۋقەت[347] كە يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە قاراۋۇناسىنىڭ قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا توپلانغان نۇرغۇن (قوشۇن) ھەققىدە خەۋەر تاپتى. ئۇ ئېھتىياتچانلىق شەرتىگە ئەمەل قىلغان ھالدا، شۇ ھامان قورۇ - جايلاردىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى ۋە شۇ كېچە نەۋقەتنىڭ سىرتىدىكى چۆلدە تۈنىدى.

### (نەزم)

جۇلالىق گۇمبەزنىڭ ئۆتكەن ھەر كۈنى،
نامايان قىلدۇ سېرىق ياقۇتىنى.

زەپەر قۇچقان (قوشۇن) سائادەت بىلەن يولغا راۋان بولدى. شۇ چاغدا ئەمىرجاكۇ ئاتتىن يىقىلىپ شۇنداق قاتتىق زەخمىلەندىكى مىجەزى ھاياتلىق يولىدىن چەتكە بۇرالدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى تولۇق قورالانغان 30 ئاتلىقنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ماخانغا ئەۋەتىپ، ئۆزى ھىممەت يۈزىنى قەتئىي رەۋىشتە قاراۋۇناس قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا قاراتتى؛ ئەمىرلەر ۋە باتۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇ نىيەتكە قوشۇلۇپ رازى بولۇشتى. پەقەت ئەلى ياسەۋۇرىيلا ئۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرمىدى ۋە توغرا تاپمىدى. قېرىنداشلىرى بۇ ھەقتە ساھىبقىران ئالىيلىرىغا ئەرز قىلغاندى، ئالىيلىرى ئۇنى زورلۇق بىلەن چاقىرتىپ ئاتلاندۇردى.

شەيخ ئەلى باھادىر بىلەن ئاقبۇغا باھادىرنى 60 لەشكەر بىلەن ماڭلاي قىلىپ ئەۋەتتى. دۈشمەنلەر تەرەپتىن ھىندۇشاھ 300 كىشى بىلەن قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭغانىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماڭلايلىرى ئۇچرىشىپ جەڭنى باشلاپ، ھۇجۇم بورىنى بىلەن ئۇرۇش ئوتىنى يالقۇنجاتتى. قىلىچ سۇيى بىلەن جەڭ مەيدانىنى قانغا بويىدى.

(نەزم)

بۇلۇت بىلەن ھاۋادەك ئارىلىشىپ شۇئان،
تەنلەردىن يامغۇردەك ئاقتى قىزىل قان.

باتۇرلار قېنى ۋە لەشكەر چېڭىدىن،
لەھەلرەڭ ئىدى يەر، ھاۋا قارايغان.

ساماۋىي قوللاش ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قوشۇنىغا (ئاز بولۇشىغا قارىماي) غەلىبىدىن بېشارەت بەردى ۋە دۈشمەن ماڭلاي قوشۇنىنى قوغلاپ، ئۇلارنىڭ قولىغىچە يەتكۈزدى.

بۇ غەلىبە قولغا كەلگەندىن كېيىن، ئالىيلىرى توختاپ، ئاتلارنى دەم ئالدۇردى. شۇ كۈنى چۈشتە سائادەت بىلەن يەنە ئاتلىنىپ، 600 لەشكەرنى يەتتە قوشۇنغا بۆلدى. زەپەر قۇچقان قوشۇن دۈشمەنلەردىن سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن (ساھىبقىران) جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ياخشى سۆز- لەرنى قىلدى؛ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىرىشىپ ۋە جەڭ قىلىشقا ئۈندەپ، گۆھەر چاچقۇچى سۆزلەر بىلەن، «بۈگۈن مەردلەر ئۈچۈن بەزمە ۋە كۆڭۈل ئېچىش (كۈنى)» دېدى.

(نەزم)

مەردلەر بەزمىسى — جەڭ مەيدانى، ئىشرەت بولسا ئۇر ۋە چاپ،
قەدەھلەر ئۆتكۈر تىغدۇر، دۈشمەن قېنى بىزگە شاراب.

(ساھىبقىران) ئەمىر داۋۇد، ئەمىر سارى بۇغا، ھۇسەيىن بارلاس، ئەمىر سەيفىددىن، ئابباس باھادىر، ئاقبۇغا باھادىر، ھىندۇشاھ، ئەلچى باھادىر، دۆۋەررەكە، شەيخ ئەلى باھادىر، ئەلى ياسەۋۇرىي، چوبىن ۋە مەھمۇدشاھلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قويۇپ چىقتى. ئۆزى بولسا قاراۋۇل شەكلىدە ئالغا يۈردى. ياۋ يېقىن كەلگەندە، قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانات ۋە سول قاناتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يارقىن شانۇ - شۆھرىتى بىلەن بېزىدى ۋە جەڭدە ئۈچ چوق[348] بولۇپ ھۇجۇم قىلسۇن دەپ بۇيرىدى. ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە ئېتىلغان چاغدا، مەۋلانە بەدرىددىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قاچتى؛ ئەلى ياسەۋۇرىمۇ ئىككى نۆكەر بىلەن قېچىشقا يۈزلەندى. ساھىبقىران ئالىيلىرى تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى.

## (نەزم)

ئۆزىنى شۇ جەڭدە ئۇردى ئۇ ھەريان،
گويا ئارسلان ئىدى، ئوۋ قىلار قۇلان.

قىلىچى قۇياشتەك نۇر چېچىپ كەتتى،
دۇشمەنلەر يۇلتۇزدەك چېچىلىپ كەتتى.

ئاز قوشۇن بىلەن غالىب جاھانگىر،
شۇنچە كۆپ قوشۇننى يەڭدى ئۇ ئاخىر.

كىمنى تەڭرى قوللايدىكەن بەس،
قوشۇن ياردىمىگە ئېھتىياج ئەمەس.

مانا شۇنداق كۆپ سانلىق ۋە شانۇ - شەۋكەتلىك قوشۇن

بىر سائەتمۇ بەرداشلىق بېرىپ جەڭ قىلالمىدى ۋە جاھانگىر ساھىبقىراننىڭ بىر ھۇجۇمىدىن كېيىنىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا يۈزلەندى. غالىب قوشۇن كەينىدىن قوغلاپ تاكى چەكدالىققىچە باردى ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم باشلىقلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، نۇرغۇن ئات - ئۇلاغ، جىبا[349] ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئولجا ئالدى.

(نەزم)

دۈشمەنلەر ھەممىسى كەتتى قېچىپ،
لەشكەرلەر شاتلاندى ئولجا ئېلىپ.

جۈملىدىن ئىلگىرى ساھىبقىران ئالىيلىرىغا دوستلۇق ۋە ئىخلاسلىرى بولغان ئۆلجايتۇ تايخانىي ۋە پولاتلارمۇ بۇ دىياردا رەقىبلەر بىلەن ئىناقلىشىپ كەلگەنىدى. غالىب قوشۇنلار ئۇلارنى ئۈچ ئالغۇچى قىلىپتىن ئۆتكۈزدى ۋە كاللىسىنى چېپىپ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى؛ مەرھەمەت ۋە پەزىلەتىنىڭ كامىللىقىدىن، بۇ ھالنىڭ يۈز بەرگەنلىكى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كېيىش شەھىرىگە ئېلىپ بارسۇن ۋە ئۇ يەرنىڭ ئۆلىما ۋە مۆمىنلىرى ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ (دەپنە قىلسۇن) دەپ بۇيرۇدى. گەرچە ئۇلاردىن دۈشمەنلىك ۋە قارشىلىق سادىر بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىلگىرىكى دوستلۇق ھۆرمىتىگە ئىنتايىن رىئايە قىلىندى.

(نەزم)

ئېنىق بولدى ئۇنىڭ بەختىيار زامانىدا،
ياخشى خۇلقىنىڭ نىمىلىكى تولۇق مەنادا.

شۇ زور غەلىبىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالىي ھىممىتى (ئەمىر-لەر) دۈشمەنلەرگە تىنىم بەرمەستىن قوغلاپ، قەلئە جىلغىسىغا كەتكۈزۈۋەتسۇن ۋە ئۇ يەردىكى قوشۇننى يىغىپ ئەمىر ھۆسەيىن-نىڭ جېڭىگە يۈزلەنسۇن دېگەننى مەقسەت قىلغانىدى. بىراق ئۇ ئالىيلىرىنىڭ يۈكسەك تەلىپىگە ئەمىرلەر قەلبىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلىق قىلاتتى. بارلىق (ئەمىرلەر) تىز چۆكۈپ، «ياخشى-لىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئىلتىماسى ۋە دەرگاھ بەندىلىرىنىڭ پىك-رى شۇكى، مەزكۇر يۈرۈش توختىتىلسا ۋە قەتئىيلىك تىزگىنى سەمەرقەندگە بۇرالسا» دەپ ئەرز قىلدى. (ساھىبقىران) شاھانە خەيرخاھلىق (بىلدۈرۈپ)، ئۇلارنىڭ سۆزىنى رازىلىق قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سائادەت ۋە بەختىيارلىق بىلەن سەمەرقەندگە يول ئالغانلىقى

سائادەتلىك ساھىبقىران كېڭ ۋە ئۇنىڭ ناھىيلىرىنىڭ قوشۇننى توپلاپ سەمەرقەندگە يول ئالدى. تارماچۇق ئۇيغۇر ۋە تاغايشاھنى دۆلەت بايلىقىنى يىغىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇنى يۇقىرا-دىن توغرىلىق ئاساسىدا توپلاش ئۈچۈن كېڭ ۋىلايىتىدە قالدۇردى.

غالىب قوشۇنلار سەمەرقەندگە يېقىنلاشقاندا ئۇچقارا باھادىر ئەمىر مۇسانىڭ قوشۇنى بىلەن شەھەردىن چىقىپ ئابى رەھمەت دەرياسى[350] نىڭ ياقىسىنى ئىگىلەپ تۇردى. ساھىبقىران ئالىيلى-رى غالىب قوشۇننى سەپلەپ، ئوڭ ۋە سول قاناتنى توغرىلىدى. غالىب دۆلەتنىڭ قۇدرىتىدىن بىر ھۇجۇم بىلەن بارلىق (دۈشمەن-لەر) نى تۇزىتىۋەتتى. ئاقتۆمۈر باھادىر ئۇچقارانىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ ئۇنىڭغا قىلىچ چاپقانىدى، ھەممە ئوقلىرى قىرقىلىپ

كەتتى. ئۇچقارا باھادىر ئېگەر ئۈستىدە ئېسىلغان ھالدا ئاقتۇمۇر باھادىر ئېتىنىڭ بېشىغا شەمشەرنى ئايلاندۇرۇپ ئۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئېتى يىقىلىپ ئۆزى پىيادە قالدى. ئۇچقارا باھادىر شەھەرگە قېچىپ كەتتى. نۇسرەتلىك ساھىبقىران رەتەيىن مەھەللىسىگە كېلىپ چۈشتى.

ئۇچقارا 1500 لەشكەر توپلاپ، قوراللاندۇرۇپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىققانىدى، قۇدرەتلىك ساھىبقىراننىڭ زەپەر قۇچقان قوشۇنى ئوق ھەدىنى سىزىپ ئۇلارغا ھۆركىرىگەن ئارسلاندەك ئېتىلدى. ئۇلار ئىنتايىن قورقۇنچ ۋە دەھشەتكە چۈشكىنىدىن، ئۇرۇش باشلانماستىنلا قېچىپ كەتتى.

(نەزم)

سەپمۇ بولالماستىن ياۋ توختاپ قالدى،
چىرايىنى بىر كۆرسىتىپ كەينىگە يول ئالدى.

قوشۇن قېچىپ شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغىنىدا، (شەھەر ئاھالىسى) كىرىش ئېغىزلىرىنى تارايتىپ، كوچىلارنى ياغاچلار بىلەن توسۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتلىقلارنىڭ ئۇ يەردىن ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن قورقۇنچقا چۈشكەنلىكتىن ئالدىراپ - تېنەپ ئاتلىرىنى بۇرىدى. نەتىجىدە ئېگەرلىرى پۈتۈنلەي سۇنۇپ، پەرىشان ئەھۋالدا شەھەرگە كىرىپ كەلدى.

(نەزم)

كۆلپەت شاملى چىققاچقا ئۇلار تامان،
قېچىپ بۇلۇڭ - پۇچقاققا بولۇشتى پىنھان.

ساھىبقىران ئالىيلىرى سائادەت ۋە ئىقبال بىلەن بىر نەچچە كۈن جەننەتتەك سۇغدىنىڭ فەريانكەنت ۋە ساغارج[351] مەھەللىلىرىدە تۇردى. شۇ چاغدا ئۆلجايتۇ ۋە پولات بۇغانىڭ قاراۋۇناس قوشۇنى بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. كېشتىن تاغايشاھ قېچىپ كېلىپ، قانداقتۇ بىر توپنىڭ تارماچۇقنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، بەھرام قىساس[352] قوشۇنى بىلەن يام دەرياسى بويىغا بېرىپ چۈشتى. ئەھۋالنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەرغۇنشاھ بۇردالىغىي بىر كىشىنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇ كىشىدىن خەۋەر سورىغىنىدا، ئۇ تىز چۆكۈپ: «ئۆلجايتۇ بىلەن پولات بۇغا توم دەرياسى بويىدا، ئەمىر ھۈسەيىن زور قوشۇن بىلەن قەرشىگە يېتىپ كەلدى» دەپ جاۋاب بەردى. ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ (ئاللا) ياردىمىنىڭ زىننىتىدىن جۇلالانغان توغرا كۆرسەتكۈچى رايىنىڭ ئەينىكى ۋاقىت مەسلىھەتىنى شۇنداق ئەكس ئەتتۈردى، يەنى: «ھەر بىر ئىش نۆۋىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا بولىدۇ.»[353] دېيىلگىنىگە ئاساسەن، بىر نەچچە ۋاقىت مۇرەسسە قىلىپ تۇرۇلسا، شۇنداق بىر پەيت كېلىدۇكى، قىساس قىلىچىنىڭ تىغى بىلەن دۈشمەنلەر قوينىغا مۇناسىپ سوۋغات سېلىش مۇمكىن بولىدۇ ۋە خۇددى شۇ نەرسە ئاللا نەزىرىدە ئەزىزدۇر.

(نەزم)

ياقۇتنىڭ قىممىتى بولغاندۇر ئۈستۈن،
ھاياتتا تاش باغرىدىن چىققىنى ئۈچۈن.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن كېش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن توپلانغان

قوشۇنغا (ئۆز ئۆيلىرىگە) قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ، ئۆزى دەريانىڭ[354] نېرىقى تەرىپىدىن[355] كەلگەن ۋە يەنە غەلىبىلىك ئۆزەڭگە مۇلازىملىقىدا بولغان 600 ئاتلىق بىلەن سەمەرقەند دەرياسى[356]نىڭ ئېتىكىگە قاراپ يول ئالدى. ئەمىر ھۈسەيىن سەلئىلگىرى ساھىبقىراننىڭ يولىنى توسۇشنى ئەمىر مۇساغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەمىر مۇسا ۋە ئۇچقارا باھادىر قوشۇن بىلەن كۆكەلدەر ئوچۇقچىلىقىدا تۇرۇپ جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئالىيلىرى يېتىپ كەلگەندە قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئىتتىك شامال ئالدىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پاشىلاردەك قېچىشقا باشلىدى ۋە تەسلىكتە سەمەرقەندگە يېتىپ كېلىۋالدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ يەردىن كېچىلەپ ساغراجغا قاراپ ئات سۈردى ۋە تاڭ بىلەن تەڭ ئاتلارنى دەم ئالدۇرۇپ، كېيىن (يەنە يولغا) ئاتلاندى. كەچقۇرۇن قاراچۇق[357]قا كېلىپ چۈشۈپ، بىر مۇدەت دەم ئېلىپ تۇردى. (ئاندىن) ئۇ يەردىن كۆچۈپ، سەھەردە تۆگىبوينى مەھەللىسىگە كېلىپ چۈشتى. پېشىندىن كېيىن يولغا چىقىپ، بىر تۈن ئۆتكۈزۈپ قوقەنگە يېتىپ كەلدى ۋە خوجەند دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كېچىسى شۇ يەردە بولدى.

جەتە خانىنىڭ ئالدىغا كەتكەن كەيخۇسراۋ ۋە بەھرام جەلايىر ئۇ يەردىن كۆچۈپ تۈمۇر ۋە شىراۋۇلنى 7000 جەتە لەشكىرى بىلەن بىللە باشلاپ كەلگەن ۋە تاشكەنتكە ئورۇنلاشقانىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى شۇ تەرەپكە كەتتى. «ئۇ دىيارنىڭ قوشۇنلىرى ۋە خەلقى بەھرامنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسۇن» دېگەن مەزمۇندا خان پەرمانى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇ (بەھرام) شۇ ۋىلايەتتە يارلىقنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ھاكىم بولغانىدى. تاشكەنتنىڭ ھاۋاسى ھۇمايۇن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئاتلىقلىرىنىڭ چاڭ - توزانىدىن خۇشبۇي بولدى.

بەھرام جەلايىر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ساھىبقىران ئالىيلىرىغا نىسبەتەن ئىناقلىق ۋە ساداقەتتىن سۆز قىلىپ يۈرەتتى ۋە ئۇ

ئالىيلىرى بىلەن بىللە ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى قەسەم قىلغانىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئادەملىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ياردىمى ۋاستىسىدا ئۆز خەلقى ۋە يۇرتىغا ھاكىم بولغان ۋە رەقىبلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى. بۇ ۋىلايەتتە (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۇ (بەھرام جەلايىر) نى بۇ ياخشىلىقلار ھەققى ئۈچۈن ئۆز ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ، ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى جەڭلەرگە جان دىلى بىلەن قاتناشتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بىراق ئۇ بۇ خۇسۇستا ھېچ ئىغىز ئاچمىدى ۋە ساھىبقىران ئالىيلىرىغا نىسبەتەن ئەرزىگىدەك بىر ەر خىزمەتنى ئورۇندىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ئەتراپتا ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان جايلارنى، خانىنىڭ خەزىنىسى ئۈچۈن بايلىق توپلايمەن دېگەن باھانە بىلەن ئىگىلەپ تۇراتتى.

(نەزم)

دەيتتىم مەن لىۋىڭ قىلغاي خۇرسەن مىنى،<br>
ئەپسۇس، ئۆرۈم چېچىڭ قىرقىدى دىلنى.

شۇ ۋەجىدىن ساھىبقىران ئالىيلىرى تەنە ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى: «سەن بىلەن بولغان كېلىشىش سەۋەبىلىك، مەن خان ۋە ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى چىقتىم ۋە بۇنىڭدىن يۇرت ئەھۋالىدا قانچىلىك خارابلىقلار يۈز بەردى. سېنى دوست بىلىپ، ئۆزۈمگە مەلۇم (ناچار) ئەھۋالدىن ھاكىملىق دەرىجىسىگىچە ئېلىپ چىقتىم، رەقىبلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازاندۇردۇم. بۇگۈنكى كۈندە بىر ئاز كۈچ - قۇۋۋىتىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئەھدى - پەيمانىڭغا ئىشىنىپ بۇ يەرگە كەلسەم، سېنىڭ ئادىمىگەرچىلىك ۋە مەردلىكىڭ شۇ بولدىمۇ، كىشىنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىدىغان پەرۋەردىگارنىڭ مەرھەمىتىدىن ئۇ-

مىدىم بار. سېنى يەنە ئۆز ئىشكىمدە خار ۋە موھتاج ھالدا كۆرەرمەن» . ئۇزاق ئۆتمەي شۇنداق بولدى. «ئۇ ئۆزى قانداق مۇراد ئىدىكى، ئىزدەپ تاپالمىدى. » ئەمىر كەيخىسراۋ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدىن بېشى ئاسمانغا يېتىپ خۇرسەن بولدى. ئۇ ئالىيلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش يۈزىسىدىن لازىم بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايتتى. شۇ چاغلاردا ئەمىر كەيخۇسراۋ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قېشىغا بارغىنىدا خان ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىش شەرىپى بىلەن تەقدىرلەپ، تاغىسى يىسۇن تۆمۈرخان ئىبنى ئەبۇكەنىڭ قىزى تومەن قۇتلۇقنى ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇ مۇھتەرەم ئايالدىن رۇقىيە خانىكە (ئىسمىلىك) بىر قىز (تۇغۇلغان) بولۇپ، ساھىبقىران ئالىيلىرى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئەمىرزادە جاھانگىرغا سورىدى ۋە شاد ـ خۇراملىق بەزمىسى قۇرۇپ، بىر ئاينى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

## ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ساھىبقىران ئالىيلىرىغا قارشى قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىلىپ قايتىپ كەتكەنلىكى

شۇ چاغدا خان بىلەن ئەمىر ھۈسەيىن قاراۋۇناسلاردىن ئىبارەت ھەددى ـ ھېسابسىز قوشۇن بىلەن شەھرىسەبزدىن ئۆتۈپ سالار بۇلاق[358] قا چۈشكەنىدى. (ئۇ يەردىن چىقىپ) مۆتىۋەر ئەمىرلەر، جۈملىدىن ئەمىرمۇسا، بايان سۇلدۇزنىڭ ئوغلى شەيخ مۇھەممەد، ئۇلجايتۇ ئەپەردى[359] ۋە باشقا باھادىرلار (باشچىلىقىدا) 20 مىڭ ئاتلىقنى ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئالدىن ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار سەمەرقەنددىن ئۆتۈپ بۇلۇنغۇر دەرياسى[360] ياقىسىغا كېلىپ چۈشكەنىدى. ئەمىر مۇسا ۋە باشقا

ئەمىرلەر ۋە باھادىرلار بىر نەچچە قېتىم ساھىبقىران ئالىيلىرى-
نىڭ توساتتىن قىلغان ھۇجۇملىرىنى كۆرگەنلىكى ۋە غالىب
قوشۇن ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ئورناشقانلىقى ئۈ-
چۈن ئۈچ توپ لەشكەرنى ئالدىن ئەۋەتكەن بولۇپ، ھەربىر توپ
بىر يولنىڭ بېشىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، شۇ يولنى قوغدىشى كې-
رەك ئىدى. مالىك باھادىر 3000 لەشكەر بىلەن سوزەنگاران
مەھەللىسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، شۇ يولنى قوغدايتتى؛ جا-
ھانشاھ 1500 ئاتلىق بىلەن رەباتى مالىك[361] تە تۇراتتى؛ خەر-
مەن[362] 1000 كىشى بىلەن دىزاق[363] مەھەللىسىدە يەتتە قۇدۇق
يولى[364] نى قوغدايتتى.

قۇدرىتى پەلەككە يەتكەن ساھىبقىران پۈتۈنلەي پەرۋەردىگار-
نىڭ ياردىمىگە تايانغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكى-
نى ئويلاپمۇ قويمايتتى.

(نەزم)

پاك تەڭرى ئاڭا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنىكەن،
ياۋ لەشكىرىدىن نېمىگە قورقار ئىكەن.

بىر كىشىگە تەڭرى تائالا بەرسە ياردەم،
يۈز مىڭدىنمۇ تەپ تارتمىغاي ھەردەم.

شۇ چاغدا (ساھىبقىران) كەيخۇسراۋ بىلەن بىرلىكتە 2000
جەتە لەشكىرىنى قوشۇۋېلىپ، تەۋەككۇل يۈزىنى دۈشمەنلەرنى
يوقىتىشقا قاراتتى. ئۇ ئالىيلىرى 500 كىشى بىلەن ئاۋۋال يولغا
چىقىپ، خاۋەس مەھەللىسى[365] گە يېتىپ باردى ۋە خوجەند دەر-
ياسى[366] دىن ئۆتۈپ، كېچىسى يۈرۈش قىلدى ھەمدە جاھانشاھ
بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىغا كېچىسى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارقى-
تىپ توزۇتۇۋەتتى. يەنە شۇ كۈنىلا دىزاق مەھەللىسىگە ئات
سېلىپ ئۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرۇپ، ئاتلارنى دەم ئالدۇردى.

كېيىن 300 جەتە لەشكىرىنى قولغا كىرگۈزگەن ئۇلجىلار بىلەن ئۇ يەردە قالدۇرۇپ، تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن مەقسەت ئايىغىنى تەۋەككۇل ئۇزەڭگىسىگە قويىدى ۋە 200 كىشى بىلەن شاھانە ھىممەت يۈزىنى مالىك باھادىر تەرەپكە قاراتتى. تەجرىبىلىك، چەبدەس 30 كىشىنى ئاۋۋالراق ماڭدۇرۇپ، ئىككى كىشىنى سول تەرەپكە قاراۋۇللۇققا ئەۋەتتى. ئۆزى 166 ئاتلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

دۈشمەنلەر ھېلىقى قوراللانغان 30 كىشىنىڭ بىمالال كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئويلىنىپ قېلىشتى ۋە موغۇللار قوشۇنى باستۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ئاساسىي قىسمى كەينىدە بولسا كېرەك دېگەن خىيالغا كېلىشتى. مالىكنىڭ قوشۇنى قايغۇغا چۈشۈپ قېچىشقا يۈز تۇتتى. غالىب قوشۇنلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، كۆپىنچىسىنى شۇ چۆلدە قىرىپ تاشلىدى، قېچىپ كەتكەنلىرى ئەمىر مۇسا، شەيخ مۇھەممەد ۋە ئۇلجايتۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ساھىبقىران ئاليلىرىدىن قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈش ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغانىدى. «نەم تارتقان گىلگە سۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ». (دۈشمەنلەر) 20 مىڭ مۇكەممەل قوراللانغان لەشكەرگە ئىگە بولسىمۇ، قورقۇنچقا چۈشۈپ، شۇ تۇندىلا چېكىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدىكى ئەھۋالى ئۇچۇن «ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن... قاچىدۇ»[367] دېگەن ئايەتنىڭ سۆزلىرى ماس كېلىپ، ھەممىسى قورقۇنچتىن كەينى ـ كەينىدىن جېنىنى ئېلىپ قېچىشقانىدى، (شۇ ئەھۋالدا) ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى.

شۇ چاغدا ئەمىر كەيخۇسراۋ ساھىبقىران ئاليلىرىنىڭ كەينىدىن كىشى ئەۋەتىپ: «جەتە قوشۇنى مۇسۇلمانلارنى بۇلاپ ـ تالاپ، قول قىلىپ دىزەكتىن قايتىپتۇ، مەن 100 كىشى بىلەن رەباتى (مالىك) دا سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن» دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇبارەك ئالىيلىرىنىڭ ئېسىگە مالاللىق چاغلىرى قونۇپ، تېزلىكتە كەينىگە قايتتى ۋە ئەمىر كەيخۇسراۋ-

غا كېلىپ قوشۇلدى. ھەمدە: «مۇسۇلمانلارنى كۇففارلارنىڭ قولىدا ئەسىر قالدۇرۇشقا بولمايدۇ» دېدى ۋە مۇشكۇلنى ئاسان قىلغۇچى رايى بىلەن ئۇ ۋەقەنى چۈشىنىپ يەتكەچكە، سەرخىل ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان 60 كىشى ئەۋەتسۇن، ئۇلار تاغ تەرەپتىن ئۆزلىرىنى جەتە قوشۇنىغا كۆرسەتسۇن، شۇ چاغدا ياۋ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، شۇ ئاندىلا قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ۋە ئەسىرلەرنى ئاسانراق يول بىلەن كۇففارلارنىڭ ئەسىرلىكىدىن قۇتقۇزغان بولىمىز، دېگەن پىكىرنى ئېيتتى. ئۇ تەدبىر پەرۋەردىگار ئىنايىتىنىڭ قەلىمى سائادەتلىك (ھۆكۈمدار) نىڭ پېشانىسىگە يازغان تەقدىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىدى. ھېلىقى 60 كىشى يولغا چىقىپ تاغ تەرەپتىن ئۆز قارىسىنى كۆرسىتىشى بىلەنلا جەتە قوشۇنى ئەسىرلەرنى ۋە تالان - تاراج قىلغان ھەممە نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئات چاپتۇرۇپ قېچىپ كەتتى. غالىب قوشۇن ئەسىرلەرنى ئولجىلار بىلەن بىللە ھېچقانداق مالالسىز قولغا كەلتۈرۈپ قايتتى. شۇ ئاجايىپ تەدبىر نەتىجىسىدە مۇسۇلمان ئەسىرلەر كۇففارلارنىڭ باسقۇنچىلىق زۇلمىدىن خالاس بولدى.

(نەزم)

نە ئۇنىڭ رايى بېغىدا خاتا شامىلى چىقمىدى،
نە قارارى سەھىپىسىگە ھارغىنلىق چېڭى يۇقمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ سەيخۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇمرەك مەھەللىسى[368] گە بېرىپ چۈشتى.

ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئەمىرلىرى ۋە قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، پەرىشان ھالدا ئات چاپتۇرغانچە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ، مالامەت ۋە جەبىر - جاپا بايرىقىنى كۆتۈردى ھەمدە ئۇلارغا تازا كايىپ ئەيىبكە بۇيرىدى. ئۆزى ئۆچ ئالماقچى

بولۇپ، گويا شىردەك ھۆركىرەپ، خان بىلەن بىللە (ئالغا) ماڭدى. ئاقكۆتەل[369] گە يېتىپ كەلگىنىدە، پۈتۈن قوشۇنى ئىچىدىن باتۇرلۇق ۋە مەردلىكتە ئۆزىنى رۇستەم ۋە ئىسفەندىياردىن قالىسا ئۇچىنچى ئورۇندا دەپ بىلىدىغان 10 مىڭ ئاتاقلىق كىشىنى تاللىۋالدى ھەمدە ئۇلارنى جەڭگە ئالدىرىتىپ مۇنداق دېدى:

(نەزم)

جەڭگە - جېدەل قىلىڭلار بولۇپ مەرد مەيدان،
جاھان دېگۈچىگە تار بولسۇن جاھان.

ئۇلارنى ماڭلاي قىلىپ ئەۋەتىپ، تېزلىكتە خۇجەند دەرياسىدىن ئۆتۈڭلار ۋە ئىنتىقام ئوتىنى ھۇجۇم شامىلى بىلەن يالقۇنلىتىپ، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىڭلار دەپ تەكىتلىدى.

(نەزم)

ئۆچمەنلىك بىلەن تولدۇرۇڭلار قەلبىنى مۇتلەق،
ئۆچمەنلىك بىلەن تۈرۈڭلار قاش ۋە قاپاق.

## ئەمىر ھۈسەيىن قوشۇنىنىڭ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە ئەمىر ھۈسەيىننىڭ (ئۆز يۇرتىغا) قايتىپ كەتكەنلىكى

ئەمىر ھۈسەيىن قوشۇنىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرى-

سىدىكى خەۋەر ساھىبقىران ئالىيلىرىغا يېتىپ كەلگەندە ئاخشام ۋاقتى ئىدى. جاھان ئاپتاپ پىراقىدىن ۋە بۇلۇت قېلىنلىقىدىن شۇ دەرىجىدە قاراڭغۇ ئىدىكى، پەلەك ئاينى چىراغ قىلىپمۇ يولنى كۆرەلمەيتتى. بۇلۇت كۈندىن – كۈنگە ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان دۆلەت ھەسەتخورلىرىنىڭ كۆزىدىن ئاينى توسۇپ، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ھاۋا خۇددى دۈشمەنلىرىنىڭ نىيىتىدەك قاراموم[370] دىنمۇ قارا، بۇلۇت خۇددى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ دېڭىزدەك مەرھەمەت قولىدىن كۈمۈش ياغدۇراتتى.

(نەزم)

يەر ئاپئاق قار، بۇلۇتلۇق ھاۋا،
بىرەر ئېغىز سۆزمۇ يەتمەس قۇلاققا.

سۆلىتى پەلەككە يەتكەن (ساھىبقىران) ئالىيلىرى:

(نەزم)

شۇئان ئىرغىپ مىندى ئۆز ئېتىغا،
تاينىپ تەڭرى ياردىمىنىڭ قۇدرىتىگە.

ئەمىر كەيخۇسراۋ بۇ يۈرۈشتە خۇددى بەخت كەبى بىللە ئىدى. ئۇلار 500 كىشى بىلەن تەۋەككۈل يۈزلىرىنى يولغا قارىتىپ، يېرىم كېچىدە پارسىن كېچىكى[371] گە يېتىپ بېرىپ، كېچىكلەرنى توسۇۋالدى.

بۇيرۇقفا بىنائەن بۇرغا چېلىندى. ساماۋىي دۆلەت كۆچى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى دىللارغا سالغانلىقى ئۈچۈن

كۆپ سانلىق ۋە شەۋكەتلىك قوشۇن بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ياۋايى ھايۋان پادىسىدەك ساراسىمىگە چۈشۈپ، شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا دەريا بويىدىن كېچىلەپ قايتىپ، ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ يېنىغا كەتتى.

(نەزم)

خىجالەت ئىدى قوشۇن قوماندانىدىن،
قوماندان شەرمەندە ئۆز بەختىدىن.

شۇ چاغدا بەھرام جەلايىر ئامەتلىك ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ۋە كەيخۇسراۋنىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقىسىز جەتە قوشۇنى بىلەن تاشكەنتتىن چىقىپ، سايرام[372] تەرەپكە كەتتى. ساھىبقىران ۋە كەيخۇسراۋنىڭ ئۇغرۇقى بەھرام جەلايىرنىڭ ئالدىدا بولغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلار) ئۆز ئادەملىرىنىڭ كەينىدىن ئۇ تەرەپكە ماڭدى ۋە سايرامغا يېتىپ كەلگەندە ئۆز ئۇغرۇقلىرىنى چىمكەنت يېزىسى[373] دىن تاپتى. بەھرام ساھىبقىران ئالىيلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنراق ئۇ يەردىن كەتكەنىدى. ئۇ ئالىيلىرى سارى بۇغا بىلەن ئاقبۇغا باھادىرنى لەشكەر توپلاپ كېلىش ئۈچۈن جەتەگە شەمسىددىن ۋە ھاجىبېكنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇلار قىشلاش ئورنى[374] ھەققىدە پىكىرلىشىپ، مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، كەيخۇسراۋ ئوترارغە كەتتى؛ ساھىبقىران ئالىيلىرى بولسا 600 سەرخىل لەشكەر بىلەن قايتىپ، قىشنى سائادەت ۋە ئىقبال بىلەن تاشكەنتتە ئۆتكۆزدى. فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» سىدە بۇ شەھەرنى «كەكلىكلەر جەننىتى» دەپ ئاتىغان، ئۇنى چاچ ۋە شاش دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

بۇ ھەقتە خان ۋە ئەمىر ھۈسەيىن ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئىنتىلىش قوللىرى مۇراد ئېتىكىگە يەتمىدى؛ قارشى چىقىش

مەيداندا شانۇ ـ شاۋكەتنىڭ چوڭلۇقى ۋە لەشكەرنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ قانداق بايراق تىكلىمىسۇن، ئۇ ساھىبقىران ئالىيلىرى-نىڭ دۆلىتى سانچىغان تەدبىر نەيزىسى (زەربىسىدىن) يەر بىلەن يەكسان بولدى. سوغۇقنىڭ لەشكىرى ھۇجۇم قىلىپ، قارنىڭ ئاپئاق پالىسى ئالەم كەڭلىكىدە يېپىلغان چاغدا، ئۇلار قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. پولات بۇغانى بىر توپ باھادىرلار بىلەن سەمەرقەندنى ئىگىلەپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى خان بىلەن ئەرھەڭ ساراي[375]غا كەتتى ۋە قىش پەسلىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى.

## ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ياراشقانلىقى

قىش پەسلى ئاخىرلىشىپ، سابا ۋە شامال ئەلچىلىرى باھار لەشكىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى تارقاتتى. كەكلىك ۋە بۇلبۇل ۋەز ـ نەسىھەتچىلىرى گۈلنىڭ تىكەن بىلەن ئىناقلىشى-شى ھەققىدە داستانلار يازدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى جەتە تەرەپكە ئەۋەتكەن سارى بۇغا ۋە ئاقبۇغا باھادىرلار قايتىپ كېلىپ، جەتەدىن سان ـ ساناقسىز لەشكەر كېلىۋاتقانلىقى خەۋىرىنى يەتكۈزدى، ئۇ ئالىيلىرى ھەقى-قىي ساھىبقىران بولغانلىقى ۋە ئاللا تەرەپتىن قوللاپ ـ قۇۋۋەت-لەنگەنلىكى[376] ھەر دائىم ئازغىنە لەشكەر بىلەن زور قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى، ئازغىنە كىشى بىلەن چوڭ ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى ۋە بەخت ـ ئىقبالى (خاسىيىتىدىن) ئاجايىپ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەمىر ھۇسەيىن ھەر دائىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يارد-ىشىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. باھارنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە جەتە قوشۇنىنىڭ ئۇ ئالىيلىرىغا ياردەمگە كەلمەكچى ئىكەنلىكى خەۋ-

www.uyghurkitap.com

رىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزىچە: «ئەگەر ئۇنىڭ قوشۇنىغا جەتە تەرەپ-
تىن لەشكەر كېلىپ قوشۇلسا، ئۇ شامال يولىدىكى مۇستەھكەم
تاغدەك بولىدۇ ۋە بىزنى ئوت - خەسچىلىكمۇ بىلمەيدۇ؛ ئۇ چاغدا
پۈتۈنلەي دۇنيادىن قولنى يۇيۇپ، قەلبىدىن جاننى سۇغۇرۇۋېلىشقا
توغرا كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى.

(نەزم)

ئۇ لەشكەرسىز ئاستىن - ئۈستىن قىلدى جاھاننى،
گەر قوشۇن قوشۇلسا قويىدۇ دامنى.

ئۇ خوجەند ۋە تاشكەنتنىڭ ئالىملىرى شەيخلىرىدىن ياردەم
سوراپ، ئۇلارغا «ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن يېقىن بولۇپ،
دىن ۋە مۇسۇلمانچىلىق ئىشىكىدىن كىرسۇن ھەمدە ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى ئۇرۇش - جېدەلنى سۇلھى ۋە يارىشىش ھالىتىگە
كەلتۈرسۇن، ئىككى ئارىدا كۆتۈرۈلگەن غەزەپ چېڭىنى ۋە يال-
قۇنجىغان پىتنە ئوتىنى پەند - نەسىھەتنىڭ سۇزۇك (سۈيى)
بىلەن باسسۇن» دەپ ئىلتىماس قىلىشنى لايىق تاپتى. ساۋاق ۋە
پەتىۋا بەرگۈچىلەر، تەقۋادارلىق ئەربابلىرى (ئايەتتىكى) : «ئە-
گەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ
ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار»[377] دېگەن سۆزلەر زورۇرىيىتىدىن
يارىشىش تونىنى كىيىپ، سۇلھى قولىنى ساداقەت يېڭىدىن چىـ-
قاردى ۋە ئىخلاس ئايىغى بىلەن ئۇ يولباشچى ساھىبقىراننىڭ
يېنىغا كەلدى ھەمدە دۇئا ۋە ھەمدۇسانا قائىدىلىرىنى ئادا قىلغان-
دىن كېيىن: «بۇ بەندىلەرگە ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بىلىم،
دىندارلىق، ئىلتىپات، مەرھەمەت ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش
جەھەتتە كامىللىقى ئېنىق مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا ۋە

ئاخىرەت ساۋابلىقىدىن ئىبارەت بولغان بىر ھاجەتنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلماقتىمىز. ئەھۋال شۇنداقكى، سىز بىلەن ئەمىر ھۈسەيىن ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك ئەسلىدە مەملىكەتنىڭ خارابلىقى ۋە پۇقرانىڭ پەرىشانلىقىغا سەۋەب بولماقتا. جاڭجال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، سىز يات قوشۇننىڭ بۇ دىيارغا كېلىشىگە يول قويماقتىسىز ۋە كۇففارلارنىڭ ھۇجۇم قولى مۇسۇلمانلارنىڭ خۇنى ۋە بايلىقىغا سوزۇلماقتىدۇر. ئەگەر ئۇلار توساتتىن غالىب كېلىپ، (يۇرتنى) بېسىۋالسا، سىلەرنىمۇ ئاياپ قويمايدۇ.

## (نەزم)

سۆز ئاداۋەتنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغۇسى،
قەدىم خانىدانىنى خاراب قىلغۇسى.

ھەر دائىم سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا يولداش بولغان ۋە بولىدىغان پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدىمىز شۇ ئىدىكى، ئايەتتە، ‹كېلىشىش (ئۇزلىشىپ كېتىشتىن) ياخشى›[378] دېيىلگىنىگە ئاساسەن، دۆلەت ۋە مىللەت ئىشلىرى، قوشۇن، پۇقرانىڭ سالامەتلىك ۋە تىنچلىقىنىڭ كېلىنچەكلىرى ئۆز چىرايلىرىنى كۆز - كۆز قىلسۇن ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ساداقەت ۋە دوستلۇق ئەينىكىگە ئورنىغان گۇمان دېغى يارىشىش پەدەزچىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن جۇلا تاپقۇسى» دېگەن سۆزلەرنى بايان قىلدى.

قۇتلۇق تاسادىپىيلىق بىلەن يېقىن ئارىدا ساھىبقىران ئەلچىلىرى بىر چۇش كۆرگەنىدى. ئۇنىڭدا خوجەند دەرياسىغا كەلكۈن كېلىۋاتقان، ئۇ بولسا كەلكۈننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە

ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەجدە قىلىۋاتقان ۋە ئامالسىزلارنىڭ دادىنى ئاڭلىغۇچى (تەڭرى) دىن نىجاتلىق تىلەۋاتقاندى. ئۇ دەھشەتكە چۈشكەنلىكتىن ھوشىدىن كەتتى. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزىنى سەمەرقەند تەرەپتىكى دەريا بويىدا كۆردى. كەينىگە قاراپ چوڭ دەريانىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، مۇبارەك چۈشىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇ كۈچلۈك كەلكۈنگە لەشكەر دەپ تەبىر بەردى، سەمەرقەند تەرەپتە كۆرگەن نىجاتلىق ھالىتىنى بولسا، ھەر قانداق مەقسىتى شۇ تەرەپتىن ھاسىل بولىدۇ، دەپ بىلدى. (شۇنىڭدىن كېيىن) كۆڭلىدە جەتە تەرەپتىن ياردەم سوراش ۋە ئۈمىد قىلىش يۈزىنى پۈتۈنلەي ئۆردى.

شۇ چاغدا، ھېلىقى تاللانغان كىشىلەر كېلىپ، يارىشىشنى ئىلتىماس قىلىپ، بۇ ھەقتە ياخشى گەپلەرنى قىلدى. «بۇ ئىشقا ئالىيلىرىنىڭ توغرا (يولنى) كۆرسەتكۈچى رايى مەھكىمىسىدە، ئىككى ئادىل گۇۋاھلىق ۋاستىسىدا، ياخشى تەدبىر قوللىنىش ۋە يارىشىش ئەۋزەل بولىدۇر» دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. مۇبارەك خىيال شۇ ئاساستا تۆۋەندىكىچە مۇلاھىزە قىلدى: «تاكى بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئارىسىدا كېلىپ ـ كېتىپ مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بارغىچە بۇ مۇددەتتە ئىش كەينىگە سۈرۈلۈش ۋە كېچىكىش باش قېتىنچىلىقىدا قالىدۇ. (ياخشىسى) ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئالدىغا ئۆزۈم باراي؛ ھەرقانچە بەس مۇنازىرە بولسىمۇ يۈزمۇيۈز ئېيتىلسا ۋە ئاڭلانسا، كۆڭۈل غەشلىك غۇبارى تېزرەك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ».

(نەزم)

ئۇۋ چىغىدىكى ئارسلاندەك باتۇر ـ قەھرىمان،<br>
ئۆز سۆزىنى ئۆزلىرى يەتكۈزەر ھامان.

شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئويلىغانلىرىنى ئەمىر ھۇسەيىنگە ئۇقتۇ-
رۇش ئۈچۈن پەيشەنبە ئىسىملىك نۆكەرنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەت-
تى. بەختىيار (ساھىبقىراننىڭ) بارلىق ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئۇنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى ئىدى. (ھازىر-
مۇ) شەخسەن ئۆزى ساداقەت يۈزىنى سەفا كەئبىسى[379] گە قارات-
تى ۋە ئىككىلەنمەستىن تېزلىكتە يولغا ئاتلاندى ھەمدە سەيخۇن-
دىن ئۆتۈپ سەمەرقەندگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ،
مۇبارەك سەپىرىنىڭ ئاپتىپى لاۋۇلداپ، سەمەرقەند شەھىرىنى
نۇرغا چۆمدۈردى. قۇياش ئەمدىلا ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇ
شەھەرگە كىرمەكچى بولدى. شۇ چاغدا شەھەردىن بىر كىشى
يېتىپ كېلىپ: «ئەمىر ھۇسەيىن ۋاپات بوپتۇ» دېگەن يالغان
خەۋەرنى يەتكۈزدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ،
شەھەرگە كىرىشنى لايىق تاپمىدى ۋە سەپەر تىزگىنىنى شادمانغا
بۇرىدى. شادمانغا شاد ـ خۇرام يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەمىر
ھۇسەيىن تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر نەچچە قوشۇن بىلەن ئۇچرى-
شىپ قالدى. ئۇلار (ساھىبقىران) ئالىيلىرىغا ھۇجۇم قىلدى.
(ئۇ ئالىيلىرى) زەربىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن (تەڭرىنىڭ) قوللى-
شى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تىرىپى-
رەن قىلىۋەتتى.

ئۇ يەردىن يام دەرياسى بويىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ئاتلار تويۇپ
ئوتلىۋالغىچە مەلۇم ۋاقىت شۇ يەردە بولۇپ، كېيىن سائادەت
بىلەن يولغا ئاتلاندى. نىيازىي مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگىنىدە،
ئەمىر مۇسا ئۆزىگە قاراشلىق بولغان غانچى شەھەرچىسى[380] نى
سەپەرۋەر قىلىپ ۋە باشقا (ھەرخىل) لەشكەرلەرنى توپلاپ، لەش-
كەر بىلەن قارشى چىقتى. بۇ تەرەپنىڭ باتۇرلىرى ئۇنىڭغا سا-
ھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان كۆڭۈل غەشلىكى
سەممىيەت بىلەن ئالماشسۇن دېگەن مەقسەت ۋە نىيەتتە ئەمىر
ھۇسەيىن بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىل-

دى. ئەمىر مۇسا لەشكىرىنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ، ئۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىدى. جەڭدە لەشكەرنىڭ كۆپلىكى ئەمەس، بەلكى باشلىقىنىڭ مەردلىكى مۇھىملىقىنى چۈشەنمىدى. «كۆپ لەشكەرنىڭ تايانچى بىر ئاتلىقتۇر».

(ئەمىر مۇسا) ئۆزىنى بىر نەچچە قېتىم سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ، يەنە لەشكەر سەپلەپ ئۇرۇشماقچى بولدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر سەيفىددىن بىلەن ختاي باھادىرنى 50 كىشى بىلەن ئەۋەتتى ۋە ئۇلار دۈشمەننىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلدى. ئۆزى بولسا 70 كىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئەمىر مۇسانىڭ قوشۇنى ئالدى ۋە كەينىدىن لەشكەرلەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇنىڭدەك نەچچە قېتىم بۇ قوشۇننىڭ ھۇجۇمىنى كۆرگەنلىكى ۋە ئازابىنى تارتقانلىقى ئۈچۈن شۇئان قېچىپ، (قۇرئان ئايەتلىرىدە): «گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋا ئېشەكلەردۇر»[381] دېيىلگىنىدەك، تارقىلىپ كەتتى. غالىب قوشۇن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئات سېلىپ، كۆپىنچىسىنى قەھر - غەزەپ قىلىچىنىڭ تىغىدىن ئۆتكۈزدى. نۇرغۇنىنى ئاتتىن يىقىتىپ ھالاك قىلدى.

شۇ چاغدا ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەرغۇنشاھ بۇردالىقىنى ئەرزىگۈدەك سوۋغا - سالاملار بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ماخانغا ئەۋەتكەنىدى، شۇ ئەسنادا ئالدىدىن ئەمىر ھۇسەيىننىڭ قوشۇنى كەلدى دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى يېتىپ كېلىپ، بۇ 600 لەشكەرنى سەپكە تىزىپ، بىر تۆپىلىكنى ئىگىلەپ تۇردى. سەرخىل ئاتلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 قوشۇندىن ئىبارەت قاراۋۇناس قوشۇنى ئوڭ ۋە سول قاناتلىرىنى تۈزۈپ يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەپ تارتىپ تۇردى ۋە ھەر ئىككى تەرەپتىن شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى.

## (نەزم)

هەر ئىككى تەرەپتىن سۈرەن قوزغالدى،
قورقۇنچتىن گۆھەر ـ سەدەپ لەھەلرەڭ بولدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ باتۇرلارنى يول بېسىپ، مۇشەق-
قەت چېكىپ ئۆزلىرى مۆلچەرلەپ كەلگەن ئىشقا كىرىشسۇن ۋە
ھۇجۇم قىلسۇن دەپ زەپەر قۇچقان قوشۇن بىلەن مەلۇم ۋاقىت
سەۋر قىلىپ تۇردى. لېكىن بىرەر كىشىمۇ قالغان كۆتۈرمىدى
ۋە ئالدىغا قەدەم باسمىدى. ئۇ ئالىيلىرى ئۇلارنى (ئۆز ھالىغا)
قالدۇرۇپ، باتۇرلىرى بىلەن قايتتى ۋە كېچىلەپ يۈرۈش قىلىپ
كوھاك دەرياسى[382] دىن ئۆتۈپ سەھەردە قاينار شەقشارغا كېلىپ
چۈشۈپ، بۇنىڭدىن ئاۋۋال يارىشىش خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن
سالى سارايغا ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن پەيشەنبە ئى-
سىملىك نۆكەرنىڭ قايتىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

پەيشەنبە ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ-
نىڭ ئۈمىد قۇلىقى ئۇزلۇكسىز يولىغا قارىغان خەۋەرنى يەتكۈزگە-
نىدى. (ئەمىر ھۈسەيىن) ئۇ سۆزلەرنى جان دىلىدىن قوبۇل
قىلدى ھەمدە يارىششقا ماقۇل بولۇپ، دۈشمەنلىشىشتىن ۋاز
كېچىش ھەققىدە قەسەم ئىچىپ، ئەھدە قىلدى. ئەھدى ـ پەيمان
بۇ جەھەتتىنمۇ مۇستەھكەم بولسۇن ئۈچۈن پەيشەنبە بىلەن بىللە
تۇرانشاھنى ئەۋەتتى. (ئۇلار يېتىپ كېلىشى بىلەن) ساھىبقىران
ئالىيلىرى ئابباس باھادىرنى تۇرانشاھ بىلەن بىللە ئەۋەتتى. ئە-
مىر ھۈسەيىن ئابباس باھادىر ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئەھدە
قىلدى ۋە ئەھدى ـ پەيماننى ئىشەنچ بىلەن جەزملەشتۈردى. يەنى

www.uyghurkitap.com

ئەمىر مۇسا ۋە ئۇلجايتۇنى 10 مىڭ كىشى بىلەن ئەۋەتىپ ئۇلارغا ساھىبقىران ئالىيلىرىنى رازى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇلھى تۇزۇڭ؛ شۇنداق ھەرىكەت قىلىش كېرەككى، بىزنىڭ ئۇتتۇرىمىزدا ئەلۋەتتە ئۇچرىشىش بولسۇن دەپ ئۇقتۇردى.

ئۇلار قەھەلقە ۋە كېشدىن ئۆتۈپ، سەمەرقەند يولىدىكى كۆمۈشكەنت يېزىسىغا ئەلى ئاتنىڭ (ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي) تەۋەررۇك مازىرى بار يەرگە كېلىپ چۈشكىنىدە، ساھىبقىران ئالىيلىرى سۇغدنىڭ ئەلئاباد (مەھەللىسىگە) كېلىپ چۈشكەندى.

ئۇلار سۇلھى تۇزۇش ئۇچۇن ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ كىشى كوھاك دەرياسىدىن ئۆتۈپ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە يەرنى سۆيۈش شەرىپىدىن بەختىيارلىق تېپىپ، ئەمىرلەرنىڭ يارىشىش ھەققىدىكى ئارزۇلىرىنى بايان قىلدى. ئۇ ئالىيلىرى 100 كىشىنى ۋە ئەمىر مۇسا 100 كىشىنى ئېلىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشسۇن، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى ئىناۋەتكە ئېلىنىپ سۇلھى تۇزۇلگۇسى دېگەن قارارغا كېلىندى. بۇ تەكلىپ ئەمىرلەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال ئاتلىنىپ، 100 كىشى بىلەن يولغا چىقتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى 200 كىشى بىلەن ماڭدى. ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىنلاشقىنىدا، ئۇ ئالىيلىرىنىڭ مۇلازىملىرى: «ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ ئاتاقلىق ئەمىرلىرى ئۆز ئاياغلىرى بىلەن تۇزاققا كەپتۇ. ئەگەر ئۇلارنى قولغا ئالساق، ئۇ چاغدا باشقىلارنىڭ بىز بىلەن كۆچ ئېلىشىشقا مادارى قالمايدۇ ۋە پۈتۈنلەي خاراب ۋە ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. پەلەكنىڭ گەردىشى قۇلاي ۋەزىيەت يارىتىپتۇ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىش لازىم» دېيىشتى. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئالىي ھىممىتى ئۇ سۆزگە قۇلاق سالمىدى ۋە: «ئەھدىنى بۇزۇش مەردلىك ئەمەس» دېدى.

(نەزم)

گەر سۆزىگە ئەمەل قىلار ئىكەن مەرد،
گۇمانلاردىن ئۈستۈن تۇرار ئىكەن مەرد.

ئەمىر مۇسا بىلەن ئەمىر ئۇلجايتۇ ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ، سەممىيەت تىلى بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. ئىككىلا تەرەپتىن دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق ئەھدىنى يېڭىلىدى. ۋەھىمە ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر پۈتۈنلەي تۈگىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلى قانسۇن دەپ، ئەمىر مۇسانىڭ مەنزىلگاھىغا چۈشتى ۋە بۇرۇنقى ئادەت بويىچە خۇرسەنلىك ۋە ئىتتىپاقلىق داستىخىنى سېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار لەشكەرلەرگە ئىجازەت بېرىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۆزلىرىمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇ ئالىيلىرى كېچە تەرەپكە يول ئېلىپ، شۇ جەننەتتەك دىيارغا كېلىپ چۈشتى. ئۇ يەرنىڭ ئېسىلزادىلىرى ۋە (ئاددىي) خەلقى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئالدىراپ، مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتلار بىلەن قەدىرلەندى.

(نەزم)

ئىقبال بىلەن ئولتۇردى ساھىبقىران،
ئۇنىڭ جۇلاسىدىن پۈتۈن يۇرت شادىمان.

www.uyghurkitap.com

# ئەمىر ھۈسەيىننىڭ بەدەخشانغا لەشكەر تارتقانلىقى

شۇ چاغدا بەدەخشان شاھلىرى خان ۋە ئەمىر ھۈسەيىنگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندى. ئەمىر ھۈسەيىن لەشكەر تارتىپ ئۇلارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. (بەدەخشان) شاھلىرىمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى توپلاپ ئالغا يۈردى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى تىغمۇ - تىغ بولۇپ تۇرۇشتى. ھىرات ھاكىمى مالىك ھۈسەيىن بەدەخشان شاھلىرىنىڭ باش كۆتۈرگىنى ۋە ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئۇلار تەرەپكە يول ئالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بەلخ[383] تەرەپكە زور قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇ يەرنىڭ خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى بۇيرىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كېشىدىن غالىب قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. مالىكنىڭ قوشۇنىغا ئۇ ئالىيلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىپ، ئۇلار شىبىرغان[384]، بەلخ ۋە خۇلمغىچە بولغان يەرلەرنى بۇلاپ - تالاپ، ھارغىن ھالدا قايتىپ كېتىشتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى تېرمىز كېچىكى ئارقىلىق (دەريادىن) ئۆتتى ۋە خۇراسانلىقلار قايتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خان بىلەن ئەمىر ھۈسەيىننى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. ئەمىر ھۈسەيىنگە ئۇ ئالىيلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ بەدەخشان شاھلىرى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ قايتتى ۋە ئۇلار قۇندۇز[385] دا ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدى؛ بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ (كۆرۈشۈپ) ئىككى ئارىدىكى خەۋپسىرەش غېمى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىدى. بىر نەچچە كۈن ئۈزلۈكسىز بەزمە قۇرۇپ، ئويۇن - كۈلكە قىلىپ، شادىمانلىققا چۆمۈشتى. كېيىن ئۇ يەردىن يولغا

ئاتلىنىپ، ئىشكەمىش[386] يايلىقىغا باردى. ساھىبقىران ئالىيلە-
رى ماخانغا كىشى ئەۋەتىپ، ئەمىرزادە جاھانگىرنىڭ ئۇغرۇق بىلەن
بىللە كۆچۈللۈك كىش دىيارىغا كېلىشىنى بۇيرىدى.

(نەزم)

كېلىپ ساھىبقىران نامىدىن پەرمان،
يول ئالسۇن دېيىلدى ئۇغرۇق كىش تامان.

## ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ كابۇلىستانغا قوشۇن تارتقانلىقى

شۇ چاغلاردا پولات بىلەن ئاقبۇغا ياسەۋۇرىي كابۇل قورغى-
نىدىن پاناھ تېپىپ، ئاياغنى ئىتائەت يولىدىن چەتكە تارتقانىدى
ۋە باشنى بويسۇنۇش ھالقىسىدىن تارتىۋېلىپ، دۈشمەنلىكتىن
سۆز ئاچقانىدى. ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى
زور قوشۇن تۈزۈپ، ئۇ تەرەپكە بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئۇلار
ھىندۇقۇش داۋىنى[387] دىن ئۆتۈپ كابۇلغا يېتىپ بارغىنىدا، پولا-
ت بىلەن ئاقبۇغا قوغدىنىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلى-
نىپ، قورغانغا بېكىنىۋالدى. بۇ تەرەپنىڭ قوشۇنى قورغاننى
ھەممە تەرەپتىن ئورىۋېلىپ، جەڭ قىلىشقا كىرىشتى.

(نەزم)

جەڭ پەيتىدە ياغار تام تۆپىسىدىن،
باھار يامغۇرى — تاش، ئوق تىنماستىن.

www.uyghurkitap.com

گويا بۇلۇت ئىدى قورغان تاملىرى،
مۆلدۈرى تاش، ئوقدۇر يامغۇرى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئالىي ھىممىتىنىڭ يۈزىنى قەھر-
غەزەب بىلەن دۈشمەنگە قارىتىپ، ئۇلارنى ئامالسىز قالدۇردى.
نۇسرەتلىك باتۇرلىرى مەردلىك ۋە مەردانىلىقىنى نامايان قىلدى:
خىتاي باھادىر، دەرۋىشئەلى باھادىر ۋە يەنە بىر نەچچە باتۇرلار
شۇ جەڭدە يارىدار بولدى. ئۇ ئالىيلىرى جەڭگە شەخسەن ئۆزى
باشچىلىق قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلەر قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. غالىب قوشۇن زەربە بىلەن قورغان
(دەرۋازىسى)نى ئېگىلەپ، پولات بىلەن ئاقبۇغىنى ئەسىر قىلدى.

(نەزم)

قوشۇنغا تايانچ بولغاچ ساھىبقىران،
بەخت ئۈزۈكى ئىدى بارماقتا شۇئان.

ئېتىبارسىز، كالتا پەم دۈشمەن ئۈستىدىن،
خۇدا بەردى زەپەر ئۆز لۇتپىدىن*.

ئۇ ئالىيلىرى قورغاننى ئېگىلەپ، دۈشمەنلەرنى تارمار قى-
لىپ ئۇ دىيارنى ئىلىكىگە ئالغاندىن كېيىن، غالىب ۋە بەختىيار
ھالدا قايتتى. شۇ چاغدا ئەمىر ھۈسەيىن مەسلىھەت تەرىقىسىدە
ساھىبقىران ئالىيلىرىغا مۇنداق دېدى: «بەلخنى پايتەخت قىلماق-
چىمەن. (بىر چاغلاردا ئۇنىڭ) ھىندۇۋان قەلئەسى مەمۇرچىلىك
ۋاقتىدا ئۆگىزىسىنىڭ ئاتلىرى[388] پەلەك ھىندۇسى[389] بىلەن

* لۇتپى — ئىلتىماس.

سىرداش دوست ئىدى. خەندەك سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن يەرنىڭ سىيرى سۇ ئۇزۇشتە بېلىق بىلەن مۇسابىقىلىشەتتى.

(نەزم)

ئاسمان تۇپراقدەك كۆرۈنەتتى ئۇ خەندەكنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن،
تۇپراق ئاسماندەك كۆرۈنەتتى ئۇ قورغاننىڭ ئېگىزلىكىدىن.

(مەن ئۇنى) يەنمۇ ئاۋات قىلماقچىمەن» . ساھىبقىران ئالىيلىرى، «مەسلىھەت بەرگۈچى ئىشەنچكە سازاۋەر» (دېگەن سۆز) گە ئاساسەن، ئۇنى ئۆز رايىدىن قايتۇردى ۋە تاغىسى ئەمىر ئابدۇللانىڭ قىسسىسىنى ئەسلىتىپ: «(ئەمىر ئابدۇللا) ئەمىر قازاغان ۋەقەسىدىن كېيىن[390] سەمەرقەندنى ۋەتەن قىلماقچى بولغىنىدا، ئەمىرلەر ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا: ‹ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، ئۆزگىلەر يۇرتىنى ۋەتەن قىلىش ئەقىلدىن يىراق ئىشتۇر؛ ئەگەر بىرەر مۇشكۇللۇك تۇغۇلسا، بىگانە ئادەملەر ئەسقاتماس ۋە قوللىماس›، دېگىنىدە، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەتتە ئېيتقان نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. ئاقىۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇپ، كۆرگۈلۈكىنى كۆردى.

(نەزم)

كىمكى چوڭلار تەلىمىگە سالمىسا قۇلاق،
ئەپسۇس ۋە نادامەتتە چىشلىگەي بارماق.

سەن ئويلىغان نەرسە ئۇچۇن خۇلاسە شۇكى، ئاقىل كىشى شۇ تەجرىبىنى كۆرۈپ، بۇنداق پىكىرلەرنى خىيالىغا كەلتۇرمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

(نەزم)

(بۇ ئىشنى) ئەسلا قىلمىغىنكى پۇشايمان بولۇرسەن، نەپ بەرمەس.»

ئەمىر ھۇسەيىن نەسىھەتنىڭ ئاساسىدا ياخشى ئىستەك يېتىپتۇ دەپ ئۇ سۆزلەرنى توغرا تاپتى ۋە ماقۇل كۆردى، بىراق ئۇنى قوبۇل قىلىش ئەمەلگە ئاشمىدى.

(نەزم)

داراغا[391] تۇتتۇم شام يوپ - يورۇق شۇنچە،
پايدىسى بولمىدى، ئەپسۇس، زەررىچە.

(يۇقىرىدا) ئېيتىپ ئۆتۈلگەنلەر بولدى. (ئەمىر ھۇسەيىن) ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ۋە بەختسىزلىكى سەۋەبلىرىدىن بولغان، قىلىنىشى لازىم بولمىغان ئۇ ئىشقا كىرىشتى، يەنى بەلخكە يول ئالدى. كابولدىن قايتقاندىن كېيىن ساھىبقىران ئالىيلىرىغا ئۆز دۆلىتى تەختگاھىغا (كېتىشكە) رۇخسەت قىلىشقا قارار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئالىيلىرىدىن ھەمراھ بولۇشنى تەلەپ قىلىپ ئۆزى بىلەن بىللە بەلخكە ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەن ھىندۇۋان قورغىنىنى قۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ خەندىكىنى قېزىشقا باشلىدى. ئالۋاڭ سالغانىدى، پۈتۈن خەلق ۋە لەشكەر بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ئىشقا چۈشتى. بەلخ شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ۋە خەلقىنىڭ ھەممىسىنى قەلئەگە كۆچۈردى. شەھەر خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ۋەقە 779 (1367 - 1368) - يىلى چاشقان يىلى يۈز بەردى.

شۇ چاغدا، جەتە قوشۇنى يەنە بۇ تەرەپكە يول ئاپتۇ دەپ

خەۋەر كەلدى. ئەمىر ھۆسەيىن بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ باتۇرانە ۋە قەتئىيەتلىك ئىشلىرىنىڭ نۇرلىرى بىلەن روشەن بولۇشنى بىلەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھر تەرەپكە بېرىشنى زۆرۈر تاپتى ۋە مۇنداق دېدى:

(نەزم)

جەڭگە كىرمىگىچە سەن كەبى سەردار،
قىيامىغا يەتمىگەن بۇ كەبى ئىشلار.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتە قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا قوشۇن تارتقانلىقى

جەتە قوشۇنىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق بولغاندا، ساھىبقىران ئالىيلىرى ماۋەرائۇننەھر تەرەپكە يول ئالدى. ئەمىر مۇسا بىلەن بىللە جەيھۇندىن ئۆتۈپ، غەيرەت - شىجائەت يۈزىنى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا قاراتتى. جەتە قوشۇنى تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەنىدى. قىش كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار شۇ يەردە تۇردى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر مۇسا بىلەن سەمەرقەنددىن ئۆتۈپ قارە مەھەللىسىدە قىشلىدى. ئەمىر ھۆسەيىنمۇ قالغان لەشكەر بىلەن كەينىدىن يېتىپ كېلىپ كېڭ جىلغىسىغا ئورۇنلاشتى. (كۆتۈلمىگەندە) قۇتلۇق بىر تاسادىپىيلىق بىلەن جەتە ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. دوغلات ئايمىقى[392] دىن قەمەرىددىن، كېپەك تۆمۈر ۋە شىراۋۇل قوشۇنىنىڭ بەزىبىر (قىسىم) لىرى بىلەن ھاجىبېك ئەركەنۇت[393] قا قارشى بىرلەشتى. ھاجىبېك ئۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىش نىيىتىدە (ئېتىغا) مىندى. ئۇلارمۇ ئاتلىنىپ يې-

www.uyghurkitap.com

تىپ كېلىپ ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، يەنە قايتىپ كېتىشتى. قەمەرىددىن بىلەن كېپەك تۆمۈر ھىيلە ئىشلەتتى. يەنى ئۆز تەۋەلىرى بىلەن كەينىگە قاچتى. ھاجىبېك بولسا شىراۋۇلغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى قەتلى قىلدى. شۇ سەۋەبتىن جەتە قوشۇنى تارقىلىپ، قايتىپ كەتتى ۋە ئۇ جىددىي خەۋپ - خەتەر ساھىبقىران ئالىيلىرى دۆلىتىنىڭ بەختىگە بىرەر زەخمەت يەتكۈزمەي بىر تەرەپ بولدى.

(نەزم)

پىتنە پەيدا بولسا ياۋ لەشكەر سىپىدا،
قىلىچىڭنى قالدۇرغۇر ئۆز قىنىدا.

شۇنىڭدىن كېيىن، ساھىبقىران ئالىيلىرى ۋە ئەمىر مۇسا خان بىلەن ئەمىر ھۇسەيىننىڭ يېنىغا كىشى ئەۋەتتى ۋە جەتە قوشۇنى پەرىشان ھالدا ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتتى، مەسلىھەت شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشسەك، دەپ خەۋەر قىلدى. شۇ قىشتا بەدەخشان شاھلىرى توساتتىن ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە قۇندۇزنى تالان - تاراج قىلىپ كەتكەنلىكى ۋەجىدىن، ئەمىر ھۇسەيىن بەدەخشانغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىشنى ئەۋزەل بىلدى.

(نەزم)

ئۆز يۇرتىمىزدا بار ئىختىلاپ - ئاداۋەت،
ئۆزگە يۇرتقا بېرىشقا نىمە ھاجەت؟

## ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بەدەخشانغا يول ئالغانلىقى

دۆلەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆڭۈل جەتە قوشۇنىنىڭ تەشۋىشىدىن تىنچىغىنىدىن كېيىن، ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى يېڭىۋاشتىن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، بەدەخشانغا يول ئالدى. ئۇلار جەيھۇندىن ئۆتۈپ، ماڭلاي تەشكىللەپ، تايخان[394]، كىلا ۋە كاندىن ئۆتتى. بەدەخشانغا قاراشلىق كىشىم[395] ئۇلارنىڭ چېدىرىنىڭ مەنزىلگاھى بولدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۆزىگە خاس (ئادىتى) بويىچە ماڭلاي شەكلىدە ئالدىدا ماڭدى. ئەمىر ھۈسەيىن ئوغلى جاھانمۇلكنى ئۇ ئالىيلىرىغا ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتتى. ئۆزى خان بىلەن كىشىمدە قالدى. ئۇ تەرەپتىن بەدەخشانلىقلار كەرگەس داۋىنى[396] نى ئىگىلەپ، ئوق بۇركۈتىنى (ئۇچۇرۇپ) ئۇ يەردىن قۇشنىمۇ ئۆتكۈزمەيمىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى، بىراق، ساھىبقىران ئالىيلىرى قوشۇنىنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇلارنى قورقۇنچ بېسىپ قېچىشقا باشلىدى.

(نەزم)

غالىب قوشۇن غوبارىنى يىراقتىن كۆرۈپ،
فەغفۇر[397] بولسىمۇ ئۇ قاچار مەغلۇپ بولۇپ.

ئۇلار جۇرم داۋىنى[398] دا قايتىدىن باتۇرلۇق نامايان قىلىپ

تۇرغانىدى، لېكىن زەپەر تۇغى يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، قېچىشنى خالىدى ۋە جۇرم دەرياسى[399] دىن ئۆتۈپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپ، سۇ بويلىرىدا توپلىنىپ تۇرۇشتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى باشقا يەردىن ئۆتىدىغان جاي ئىزدەپ، ئۆز ئادەملىرىدىن بىر توپىنى يوشۇرۇنچە ئۆتكۈزدى. ئۇلار قوشۇنىنىڭ ئۆتكىنىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشقا پېتىنالماي بەدەخشانىنىڭ يۇقىرىسىغا قاچتى. بارلىق شاھلار ناھايىتى ئېگىز ۋە (تۈۋىدە) ئىككى چوڭ سۇ قوشۇلىدىغان ئارتۇج جىراسى[400] غا ئورۇنلىشىپ چېدىرلار بىلەن توسۇۋالدى. نۇرغۇن لەشكەرلەر شىجائەت يۈزلىرىنى ئۇ يەرگە قاراتقانىدى، ئۇلار ئۇ يەردىنمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشتى. كېيىن قۇڭغۇر ئۇلاڭ[401] تەرەپكە مېڭىپ، جەيھۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىش جايىدىن ئۆتۈپ يوللارنى توسۇۋالدى. غالىب قوشۇنىنىڭ ماڭلاي قىسمى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ يېتىپ بېرىپ، باتۇرلۇق پەنجىسىنى جەڭگە سوزدى ۋە گاڭگىراپ قالغانلارنى ئۇ يەردىنمۇ قوغلىدى. شاھ شەيخ ئەلى بەدەخشانىينى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلارنىڭ يىلقا ۋە قوي پادىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ھەممىسىنى تەلتۆكۈس ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ كەلدى.

بەدەخشانلىقلارنىڭ بىر توپى قېچىپ كېتىپ بىر جىراغا توپلىنىۋالغانىدى. ئۇ ئالىيلىرى جاھانمۇلكنى زور قوشۇن بىلەن ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلىپ، نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بولدى. قايتىش ۋاقتىدا بەدەخشانلىقلار بىر تار جىلغىدا ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ جەڭ قىلدى. قاتتىق جەڭ بولۇپ، جاھانمۇلك قېچىپ كەتتى ۋە دۈشمەنلەر غالىب كېلىپ، ئۇلار بۇلاپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. بەزىلىرىنى ھالاك قىلدى، 630 ئاتلىقنى (ئاتتىن) چۈشۈرۈپ، ھەممىسىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى تارتىۋالدى. ئەلچى دەرھال ئات چاپتۇرۇپ، بۇ ئەھۋال ھەققىدە ساھىبقىرانغا خەۋەر يەتكۈزگەندە،

ئۇنىڭ شاھانە غۇرۇر ئوتلىرى يالقۇنجاپ، شۇئان ئاتلىنىپ تاغقا چىقتى. بۇ مۇدھىش ۋەقە خەۋىرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن (ساھىبقىران) قوشۇنىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى قېچىپ كېتىپ، بۇ مۇھىم ئىشقا قاتنىشىشتىن باش تارتتى. سائادەتلىك ساھىبقىران 13 كىشى بىلەن بەدەخشانلىقلار ئۆتىدىغان تار جىرانىڭ ئاغزىنى توستى ۋە شىجائەت قولىنى ساماۋىي تەستىق يېڭىدىن چىقىرىپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىشقا چۆرگىلەيدىغان پەلەك ھەيران ئىدى ۋە قىلىچۋاز مىررىخ تەئەججۇپ بارمىقىنى چىشلىدى.

(نەزم)

بۇ جەڭنى چۇشىدە كۆرگەندە رۇستەم،
يېرىلىپ كېتەتتى ئۇنىڭ ئۆتى ھەم.

ھەركىمگە تەڭرى بەخش ئەتسە نىسار* ،
شۇنچە كۆپ بەردى دەپ ئويلىما زىنھار.

نۇرغۇن جەڭلەردىن كېيىن، ئۇ ئالىيلىرى زەپەر (تەسۋىرىنى) سىزغۇچى قىلىچىنىڭ تىغى بىلەن دۇشمەنلەر تۇتقۇنلۇقىنىڭ جەبىر ــ زۇلمىنى يوقىتىپ، (ئەسىرگە چۇشكەن) لەشكەرلەرنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ دۆلەت ئىلھامىنىڭ تەرجىمانى بولغان مۇبارەك تىلىدىن: «مەن قىلغان ھەممە جەڭلەردە ۋە يۈز بەرگەن بارلىق قىيىنچىلىقلاردا مەزكۇر جەڭدىكىدەك قاتتىق بولغىنىنى كۆرمىگەنىدىم» دېگىنىنى قەيت قىلىشتى. ئۇ تەرەپتىن 50 پىيادە قالقانلىرىنى باشلىرىغا كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇ

* نىسار — چاچقا، سەدىقە. — ت

ئالىيلىرىغا قاراپ يۈزلەندى ۋە (ئەسلىدە) دۈشمەنلىرىنىڭ جېنىغا يېغىشى كېرەك بولغان ئوق يامغۇرىنى ساھىبقىرانغا يوللىدى. ئۇلارنىڭ مەدىتىگە تايانغان ھالدا، كەينىدىن يەنە 200 كىشى كېلەتتى. ساھىبقىران بەختىنىڭ قۇۋۋىتى ئەلچى بۇغىغا كۈچ بېغىشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىيادە يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر نەچچە تاجىكنى غۇلاچلاپ كەينىدىن ئالدى ھەمدە ئۇلارغا قاراپ تەسىرلىك ۋە چېچەن تىل بىلەن: «سىلەر كۆرۈپ تۇرغان شەخس مۇشۇ كىشى يەنى ساھىبقىران (ئەمىر تۆمۈر) ئالىيلىرىدۇر. ئۇ سىلەرنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغان ئادەملىرىڭلارنى بوشىتىپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بەس، شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا بىھۇدە ئۇرۇشىسىلەر. بىلىپ قويۇڭلار، ئەگەر ھالاك بولساڭلار ياكى ئەسىرگە چۈشسەڭلەر گۇناھ ئۆز بويىنىڭلاردا بولىدۇ» دېدى. ئۇلار پادىشاھى ئالەمنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، جاسارەت بىلەن قولىنى ئۇرۇشتىن تارتتى ۋە پېقىرلىق بېشىنى ئېگىپ، ئەدەپ تىلىنى يەرنى سۆيۈش ئۈچۈن ھازىرلىدى؛ ئۇلاردىن ئىككى كىشى بىچارىلىق ئايىغى بىلەن ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ئامانلىق تىلىدى. (ئالىيلىرىدىن): «لەشكەرلەردىن ئالغان ئات - ئۇلاغىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئەتە ئەتىگەندە ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرۇڭلار، شۇ چاغدا سىلەردىن ئەسىر ئېلىنغانلارنى ئۆزۈڭلەرگە قايتۇرىمىز» دېگەن ئىشارەت بولدى. ئۇلار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، رازىلىق بارمىقىنى تەسلىم بولۇش كۆزىگە سۈردى ۋە

(نەزم)

بىز قۇللارمىز، ئادىل پەرمان بەرگۈچى سەن،
باش ئۈچۈن سۆز، جانغا ھۆكۈم قىلغۇچى سەن.

دەپ دۇئا ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇپ قايتىپ كېتىشتى. ئىقتىدارلىق،

غالىب ۋە بەختىيار، ئىقبال ۋە بەخت ئاگا يار، پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتى سايىسىدا بولغان ساھىبقىران شاھانە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇ يەردە قوندى. بەدەخشانلىقلار ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىن تارتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئات ـ ئۇلاغدىن ئىبارەت توق ـ قۇز ـ توققۇز(402) سوۋغاتلارنىمۇ ئىلىپ، ئەتىسى

(نەزم)

قورقۇنچتىن جىگەر باغرى قان، لېۋى ئۇمىددىن خەندان،*
يول ئىلىشتى ساھىبقىران ئالىيلىرى ھۇزۇرى تامان.

تازىم قىلىش قائىدىسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، (ئالغان) ئول-جىلىرىنى قايتۇردى ۋە يەنە تارتۇقلارنى بەردى. شاھانە مەرھەمەت ئۇلارنىڭ ئەسىرلىرىنى بوشىتىشنى پەرمان قىلدى. (ۋەھالەنكى)، ئۇ تەرەپنىڭ قوشۇنى بۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ياردىدار قىلىن-غانلاردىن باشقا 630 ئاتلىقنى ئەسىر قىلىپ، شەرمەندىلىك ئىلىگە تاپشۇرغانىدى. ئامەتلىك (ساھىبقىران) زەپەر تاپقان ۋە غەلىبە قازانغان دۈشمەنلەردىن 13 كىشى بىلەن ئۇلارنى قىلىچ ئارقىلىق قايتۇرۇۋالىدى ۋە (ئۇنىڭ ئۈستىگە) قانچىلىغان تارتۇقلارمۇ كەلدى.

(نەزم)

ماختاشتىن ئارتۇق ئۇ خىسراۋ ۋە ئۇنىڭ ئىشى،
ساناقتىن ئارتۇق ئۇنىڭ پۈتۈن كەچمىشى.

* خەندان — قاقاقلاپ كۈلۈش. — ت

ئىقبالنى يولغا باشلىغاندا سائادەت،
تىزگىنىنى تۇتۇپ بارار ئۇنىڭ ئىنايەت* .

لەشكەرگە باغلىق قىلمىدى ئۇ زەپەرنى،
باشقا بىر يەردىن ئاتا قىلدى ئۇنى.

ئاندىن ئۇ ئالىيلىرى سائادەت بىلەن ئۇ يەردىن قايتىپ، رەھىمدىل ۋە مېھرىبان تەڭرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن بەدەخشان شەھىرى[403] گە كېلىپ چۈشتى، تىزەكچى جەلايىر ۋە قىپچىپ كەتكەن يەنە بەزىلەر ئۇ يەرگە كېلىپ، پوپوزا ۋە تاپا ـ تەنىگە قالدى. ئەمىرلەر ھازىرچە سەۋر قىلىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى سوراق قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشتى. (ساھىبقىراننىڭ) شاھانە غەيرەت ـ شجائىتى كىچىككتۇرۇشكە كۆنمىدى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ يەردىكىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، گۇناھلىرىنى سوراپ چىققاندىن كېيىن، ئالدى ـ كەينىگە تاياق بىلەن ساۋاپ جازالىدى. «ئۇ گۇناھ ئۇچۇن بۇ جازا ھېچقانچە ئەمەس» ئىدى.
ساھىبقىران ئالىيلىرى بەدەخشاندا تۇرغان چاغدا، ئەمىر ھۇسەيىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتىپ: «شەيخ مۇھەممەد سۇلدۇز بىلەن كەيخۇسراۋ كەلدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلىرى ۋە تەرەپدارلىرىنى يىغىپ، دۇشمەنلىك بايرىقىنى كۆتۈردى. بۇ پىتنە ئوتىنى ئۆچۈرۈش

(نەزم)

ئۆتكۈر قىلىچنىڭ قىلار ئىشىدۇر،
ۋە بەخت ـ سائادەت مېۋىسى ئېرۇر.

* ئىنايەت — مەرھەمەت، ئىلتىپات. — ت

ئۇمىدىم شۇكى، بۇ ئىشتا سەن كەينىڭگە سۆرەشنى راۋا كۆرمىگەيسەن ۋە تېزلىكتە يېتىپ كەلگەيسەن» دېدى ـ دە، ئۆزى خان بىلەن بىللە سالى سارايغا قايتتى.

## ساھىبقىراننىڭ بەدەخشاندىن قايتىپ كەلگەنلىكى

شەيخ مۇھەممەد بايان سۇلدۇز بىلەن كەيخۇسراۋنىڭ جاسارىتى ۋە باش كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ساھىبقىران ئالىيلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، قايتىشقا قارار قىلىپ، بەدەخشاندىن ئاتلاندى ۋە ئىقبال بىلەن يولغا راۋان بولدى.

دۆلەت ئاساسىنىڭ مەركىزى ۋە غەلىبە نىشانلىق بايراقىنىڭ غەلىبىسى ساھىبقىران ئالىيلىرى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلەتتى. «ئۇ قايسى تەرەپتە بولسا، نۇسرەت شۇ تەرەپتە بولىدۇ». شۇ سەۋەبتىن، شەيخ مۇھەممەد بايان سۇلدۇز بىلەن كەيخۇسراۋمۇ ئۇمىد قولىنى ئۇنىڭ دۆلىتى ئېتىكىگە ئۇزىتىپ، ئۇ ئالىيلىرىغا بىر خەت يازغان ۋە ئۇنىڭدا ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ياردەم ۋە ئالىيلىرىدىن ئىتتىپاقلىق تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ مەكتۇپ يولدا ئەمىر ھۇسەيىننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ساھىبقىران ئالىيلىرىنى ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلدى: ئۇ ئەرھانغا يېتىپ بېرىپ، سۇ بويىدا ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ئۇچراشتى. ئەمىر ھۇسەيىن ئۇنى شاد ـ خۇراملىق بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئىززەت ـ ئىكرام قائىدىسىنى بىردەممۇ تەرك ئەتمىدى. لېكىن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدىن: «ساداقەت ۋە بىرلىك ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەھدى ـ پەيمان بىلەن جەزملەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمىر ھۇسەيىن ئۇ مەكتۇپنى كۆرسىتىشى ۋە كۆڭلىدە بارىنى يوشۇرماسلىقى كېرەك. چۈنكى كۆڭۈل ساپلىقى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ نىشانىسى قەلب سىرىنى ئېچىشتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن سۆزلەر ئۆتتى. دوستلۇق خۇددى سۇدەك، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ساپلىقى سۇزۇكلۇكى بىلەن، خىرەلىكى لايلىقى بىلەن (بەلگىلىنىدۇ).

(بېيىت)

دوست خۇددى سۇغا ئوخشايدۇ، سۇزۇك بولسا سىرىنى هامان —
روشەن كۆرسىتەر، لېيىغاندا تۇتىدۇ پىنهان.

ئەمىر هۇسەيىن ئۇ (مەكتۇپ) هەققىدە هېچنەرسە دېمىدى ۋە ئۇ هەقتە بىرەر ئېغىز سۆز قىلمىدى. بۇنىڭدىن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدە ئاداۋەت پەيدا بولدى. ئۇ ئۆز ئارامگاھىغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۈچ كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، بىر ئېغىزدىن: «ئەمىر هۇسەيىن قانداقتۇر بىر يامانلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆزلىرىنى تۇتقۇن قىلىشنى قەستلەۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. گەرچە بۇ سۆزلەر دۈشمەنلىكنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلەت ئاتىسىدا باتۇرلۇق غەيرىتى ۋە سالماقلىق كۈچى ناهايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۆزىدىكى ئۆز-گىرىشنى سەزدۈرمىدى ۋە ئۇ سۆزلەرنى راست دەپ بىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كىشى بىر خەت ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدا، هازىر خان بولغان ئادىل سۇلتان ساھىبقىرانغا: «ئەمىر هۇسەيىن ئەمىر مۇساغا پەيت كۈتۈپ، مۇمكىن بولغاندا سىزنى قولغا ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ» دەپ يازغانىدى. ساھىبقىران ئەمىر هۇسەيىننىڭ ئەهدىنى بۇزۇش ئىشلىرى ۋە دۈشمەنلىك بەلگىلىرىدىن قايغۇلۇق هالەتكە چۈشمىدى ۋە ئۇ مەكتۇپنى يېپىپ: «ئەگەر ئەمىر هۇسەيىننىڭ كۆڭلىدە بىرەر يامانلىق بولغاندا،

دەسلەپكى ئۇچرىشىشتىلا شەخسەن ئۆزى چارە كۆرگەن بولاتتى، ئەمىر مۇساغا ئوخشاشلارنىڭ مېنى تۇتۇشقا كۈچ - قۇدرىتى قانداق يەتسۇن» دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بەردى.

(بېيىت)

تۈلكىگە يول بولسۇن شىرنى ئوۋلاش،
ئورنى ئەمەس بۇ گەپتىن دىلنى يارىلاش.

شۇ ئوي - پىكىردىن كېيىن (ساھىبقىران ئالىيلىرى) ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن يولغا ئاتلاندى ۋە ئۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن يۈزمۇ - يۈز سۆزلىشىپ بىلمەكچى ھەمدە ھېچبىر پەردىسىز ئۇنىڭ مەزمۇنىنى سوراپ ئېنىقلاپ، خەۋپسىرەشنى يوقاتماقچى ئىدى. ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ (يېنىغا) يېتىپ بارغىنىدا، ئۇمۇ ئاتلىنىپ، جەيھۇن دەرياسى-نىڭ بويىدا تۇراتتى. ئۇ ئالىيلىرى ئۇچراشماقچى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سۇنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بىر قېيىق يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر كىشى ئالدىراپ چۈشتى ۋە ئەمىر ھۇسە-يىنگە قاراپ ئاستاغىنە: «دۈشمەن يېقىن كەپتۇ. قوشۇننى ھا-زىرلاش كېرەك» دەپ خەۋەر قىلدى. ئەمىر ھۇسەيىن ئۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ساھىبقىران ئالىيلىرىنى قايتۇرۇۋېتىشتىن باشقا بىرەر چارە تاپالمىدى. بۇ ئەھۋال ھەققىدە ئۇ ئالىيلىرى بىلەن كېڭە-شىپ: «بۇ ئەھۋالنىڭ تەدبىرى شۇكى، جانابلىرى دەرھال ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ دەريادىن ئۆتكەيلا ۋە ئالدىنقى سەپنى تۈ-زۈپ، دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا باشلىغايلا. چۈنكى بۇرۇنراق بار-غان زىندا ھاشىم ۋە باشقا سەردارلار بۇ ئىشنى تەلەپ قىلىنغاندەك ئورۇندىيالمايدۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(بېيىت)

كۆلاھنى قىيسىق كىيىپ ئولتۇرغان كىشى،
بىلىۋەرمەس كۆلاھدارلىق يولباشچىلىقنى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۆز قوشۇنى بىلەن دەريادىن ئۆتتى ۋە كۆڭلى خالىغان ئىش يۈز بەردى: زىندا ھاشىم ۋە ماڭلاي قىسمىغا يېتىپ بېرىش بىلەن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، سەپ-لەرنى راسلىدى ۋە ھىممەت يۈزىنى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا قاراتتى. ئۇلار (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ كەلگىنىدىن خە-ۋەر تاپقىنىدىن كېيىن، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى.

(بېيىت)

قانچىلىك باتۇر بولۇپ كۈيلىمىسۇن قۇلان
شىرنىڭ غەزەپلىك پەنجىسىدىن قىلغاي پىغان.

كەيخۇسراۋ قېچىپ، قەيىر تېگىن[404] يولى بىلەن قوشۇن تەرەپكە كەتتى. زىندا ھاشىم كەينىدىن قوغلاپ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ماڭدى. شەيخ مۇھەممەد بايان سۇلدۇز دەرزىي[405] يولى بىلەن خوجەند تەرەپكە قاچتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنى خو-جەندگىچە قوغلاپ باردى. ئۇ سەيخۇندىن ئۆتۈپ، تاشكەنت ۋە ئوترار تەرەپكە ئالدىرىدى.
ئۇ ئالىيلىرىنىڭ زەپەر تۇغى سائادەت بىلەن ئۇ يەردىن قايتىپ، غەلىبە بىلەن كىشگە كېلىپ چۈشتى ۋە ئاللانىڭ

ياردىمى بىلەن كۈنسايىن يۈكسىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ پايتەختىگە ئورۇنلاشتى.

(بېيىت)

ئۈمىد پاك، دۆلەت كۈچلۈك، بەخت نەۋقىران،
مۇراد ھاسىل ۋە دۈشمەن غېمى بولدى ساقلاش جان.

ئەمىر ھۈسەيىن ساھىبقىران ئالىيلىرى دۆلىتىنىڭ زەپەرلىرى ۋە بەخت - ئىقبالىنىڭ ياردىمى تۈپەيلى دۈشمەنلەر باسقۇنچىلىقى دەھشىتىدىن ئامانلىق تېپىپ، ئەرھاڭ[406] دىن بەلخكە (كۆچۈپ) كەلدى ۋە ھىندۇۋان قورغىنىنى ئۆز دۆلىتى تۇغىنىڭ مەركىزى قىلىپ ياشاشقا باشلىدى.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۈسەيىنگە ئىككىنچى قېتىم قارشى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى

ۋەھيى[407] كۆيلىگۈچى تونى، «ئاللا بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى»[408] (دېگەن ئايەتنى) مەخپىي ئېيتتى. ئۇ (مۇھەممەد) «پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»[409] دېگەن ئايەتتىن ئىلھاملىنىپ، ھىدايەت قىلغۇچى بۇ سۆزلەرنىڭ شۈكراھىنىسىنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئۈممىتىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى، «ئەگەر ئاللانىڭ ئىرادىسى بارلىق كېرەكلىك نەرسىنى ئۆزى تەييارلىسا» دېيىلگىنىگە ئاساسەن، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەد-

www.uyghurkitap.com

دەس ئىرادىسى ھەر بىر نەرسىنىڭ سادىر بولۇشىغا ۋە (ھەر قانداق) ھالەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تەئەللۇق تاپسا، ئۇنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ھازىرلاپ تەييار قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش تەييارلىقلىرىنى تەق قىلىپ قويىدۇ.

## (بېيىت)

ھەر بىر ئىشنىڭ ئەگەر كەلسە سائىتى،
تەييار بولار پۈتكۈل شەرت ـ شارائىتى.

يولدا بولسا ئەگەر قانداقتۇ توسۇق،
بىر ـ بىرلەپ ئېچىلار ھەممىسى تولۇق.

«. . . ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق»[410] (دېگەن ئايەت) «سەلتەنەت مەركىزىدە، ھەر بىر تىرىك نەرسە قەلەم (سىياھىنىڭ) قۇرۇغىنىدەكتۇر» (دېگەن سۆزلەرنىڭ) ئوخشىشى بولۇپ، «رەھمىتىمىزنى خالىغان بەندىلىرىمىزگە ئېرىشتۈرىمىز»[411] (دېگەن ئايەتنىڭ) خەۋەرچىسى ئارقىلىق يەر يۈزى خەلىپىلىكىنىڭ ئالىي پەرمانىنى سائادەتلىك ساھىبقىراننىڭ پادىشاھلىق نامىغا يازغانىدى. (شۇ ۋەجىدىن، ئۇ پەرمان)، «ئاللا رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىز توسۇپ قالالىغۇچى بولمايدۇ»[412] (دېگەن ئايەت) نىشانى بىلەن يېتىپ كېلىپ، «ئۇ ئەۋلادلار بىر ـ بىرى بىلەن قانداشتۇر. ئاللا (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[413] (دېگەن ئايەت) نىڭ مۇستەھكەم قانۇنى ئارقىلىق تەستىقلانغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئائىلىسىنىڭ سەلتەنەتى ۋە پادىشاھلىقى بەخت ـ سائادىتىدىن

جاھان ئەھلى ئادالىتى ۋە ئېھسانى سايىسىدا خاتىرجەم ۋە شاد ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەر غايىبىنىڭ پىستىرمىسىدىن شۇنداق بىر شەكىلدە سادىر بولاتتىكى، ئۇنىڭدا ئەقلىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى ھەيران ۋە ئالەم بىلىمدارلىرىنىڭ تەپەككۇرى ئۇنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىپ يېتىشتە سەرگەردان ئىدى.

(بېيىت)

ئەمەلگە ئاشاتتى ئىشى ئەجەپ خىل،
تۇرلۇك يوللار بىلەن مۇرادى ھاسىل.

ئەقىل چۈشىنىپ يەتمەي ھەيران قالاتتى،
چۈنكى نېمە ئىستىسە شۇ بولاتتى.

سۇلتان ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسىدۇر دەپ قەيت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ (سۇلتانلىقتىن ئىبارەت) ئالىي نامى ئاللا مەرتىۋىسىنىڭ سايىسىدۇر. (ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يېگانىدۇر). «ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر»[414]. بۇ مەزمۇن سىرىنىڭ تەلىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سەلتەنەتنى باشقۇرۇش ئىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى ئەسلا شېرىكچىلىككە تاقەت قىلالمايدۇ. جاھانغا ھاكىم بولۇشنىڭ ئۇلۇغ مەنسىپى ھەمكارلىق بىلەن بىللە سەيىر قىلمايدۇ.

(بېيىت)

ئىككى جەمشىد قاچان بىر يەردە بەزمە قىلغان،
ئىككى قىلىچ قاچان بىر قىندا تۇرغان.

بىر مەملىكەت ئىككى شاھغا بولۇر تار،
كىم ئېيتار بىر پەلەكتە ئىككى ئاي بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللانىڭ سۈننىتى بارلىققا كەلگەن. («بىز ئۇنىڭغا يەر يۈزىدە ماكان بەردۇق») دېگەن كالامىنىڭ سىرخىي مەرھەمىتى شانۇ ـ شەۋكەت ئىگىسى بولغان بىر كىشىنىڭ دۆلىتىنىڭ تۇغىنى شاھلىق چوققىسىغا قاداشنى، ئىنسان ياشايدىغان ئاۋات زېمىننى ئۇنىڭ پەرمانى تۇلپارىنىڭ جەۋلانگاھىغا ئايلاندۇرۇشنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئالدى بىلەن يولباشچىلىق سەۋداسى چۈشكەن، ماجالى بار ھەر قانداق باشنى ئۆلۈم تىغى بىلەن ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بويسۇنماسلىق ۋە يۇقىرىراق بولۇش پىكرى كۆڭلىدىن ئۆتكەن ھەر بىر كىشىنى تىرىك قالدۇرمايدۇ.

(بېيىت)

تەن ۋە يىلتىزدىن يېڭى شاخ ئۆسمەس،
كىمكى كۈنىسىنىڭ بويىنىنى ئۈزمەس*.

يەر باغرىدىن كۆز ئاچمىغاي بۇلاق،
يولىنى قىلمىساڭ گەر تازا مۇتلەق.

ئۇ ئەتراپتا ھاكىمىيەتكە ۋە باشچىلىق قىلىشقا دەۋاگەر بولغان بىردىنبىر كۈچلۈكرەك كىشى ئەمىر ھۈسەيىن ئىدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭمۇ دۆلىتىنىڭ زاۋال تېپىش شەرت ـ شارائىتى ھازىرلاندى ۋە بۇ ئىش ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ

* ئۈزمەس — «ئۈزمىسە» مەنىسىدە. — ت

(يامانلىقى) تۆپەيلىدىن بولدى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە مال ـ دۇنياغا بولغان خىرىس ۋە خەسىسلىك ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭغا يەنە يامان مىجەزلىك، قوپال سۆزلەش، مەغرۇر-لۇق، ئۆزىنىڭكىنى راست دېيىش، كۆرەڭلەش، تەكەببۇرلۇقتەك (يامان خىسلەت) لەرنىمۇ قوشتى.

(بېيىت)

ئىنسانىيلىق يولىنى ئۇ تۇتتى خار،
دىلىنى بەنت قىلدى بايلىق ۋە دىنار.

شۇ ۋەجىدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا نىسبەتەن پۇتۇن-لەي نەپرەتكە تولغان ۋە دىللار ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق ۋە دوستلۇق قىلىش يولىدىن يۈز ئۆرىگەنىدى.

(بېيىت)

خەسىسلىككە بەل باغلاپ، ئىززەر ئىكەن كىم* ،
ئالەمدە ھېچكىمدىن ئاڭلىماس ئاپىرىن.

(ئەمىر ھۇسەيىن) شانۇ ـ شەۋكىتىنىڭ ئاساسى ساھىبقى-ران ئالىيلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋاستىسىدا كۈچلۈك بولۇپ تۇر-غان چاغدا، كىشىلەردە ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا زۆرۈر-يەت بار ئىدى. چۈنكى ھەركىم ئۇنىڭغا دۇشمەنلىك ئىزھار قىلسا ۋە مەردلىك ئايغىنى ئالغا باسسا، ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئىنتىقام

* كىم — كىشى مەنىسىدە. — ت

www.uyghurkitap.com

قولىدىن بېشىنى ئېلىپ قېچىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا دۈچ كەلگەن ھەر قانداق ئىشتا ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈز بەرگەن ھەر قانداق ھالەتتىمۇ ئۇ ئالىيلىرى ئىتتىپاق بولۇش ۋە ياردەملىشىش يولىنى كۈچىنىڭ بارىچە مەردانىلىقىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇراتتى. بۇ شۇ دەرىجىدىكى، (بىر چاغلاردا) ئادىل سۇلتانخان ئەمىر ھۇسەيىندىن قورقۇپ قاچقىنىدا، ئۇنىڭ يولى كېيش ئارقىلىق ئۆتكەنىدى، ساھىبقىران ئالىيلىرى دەرھال ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئۇرۇشتى ۋە ئەسىرگە ئېلىپ ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ساداقەت ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتى يېقىنلىق ۋە قېرىنداشلىق ئالاقىسى بىلەن مۇستەھكەملەنگەنىدى. ئەمما ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ كۆڭلى ھىيلە ـ مىكىر ۋە خائىنلىق ئوي ـ خىيالىدىن خالىي بولمايتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق يۈز بەرگەنلىكىدىن ناھايىتى پۇشايمان قىلىپ ھەر خىل يوللار بىلەن يەنە يوشۇرۇۋالغان ئەھدى ـ پەيمانىنى ئىمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇستەھكەملىگەنىدى.

لېكىن ھازىر ئۆز مىجەزىنىڭ بىقارارلىقى تۈپەيلى، قېرىنداش بولغان پولات بۇغانىڭ ۋە ئەمىر خېلىلنىڭ پىتنە ـ پاساتىغا ئۇچۇپ كېتىپ، ئەھدە ۋە قەسەمنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھىيلە ـ مىكىر يولىغا ئۆتتى. ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئېلى خەلقىدىن كىمكى داغلىق بولسا، كېش ۋە شۇ ئەتراپتىن كۆچۈرۈپ بەلخكە ئەۋەتىلسۇن دېدى. (شۇنىڭدەك) ، ئەمىر مۇئەييىد ئەرلاتنىڭ شەراب بېشىدا جاۋۇرچىنىڭ ئوغلىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ خوتۇنى، يەنى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سىڭلىسى بولغان شىرىنبېك ئاغىنى بەلخكە ئېلىپ بارسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا قالدۇرغان ئەمىر زادە جاھانگىرنى قايتۇرۇۋەتتى. يەنە ئۇ ئالىيلىرىغا: «ئەمىر مۇسانى يۈك ـ تاقىسى بىلەن

بىزنىڭ ھۆزۈرىمىزغا ئەۋەت» دەپ خەۋەر يوللىدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭ دۇشمەنلىكى ھەققىدە بىۋاسى- تە (خەۋەرچىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن) ھەم يازما شەكىلدە يېتىپ كەلگەن (گەپلەردىن، شۇنىڭدەك)، كەيخۇسراۋنىڭ مەكتۇپىنى بېكىتكەنلىكى ۋە ئۇ سۆزنى شەيخ مۇھەممەد بايان سۇلدۇز تەستىق- لىغانلىقىغا ئوخشاشلاردىن مۇبارەك خاتىرىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىملىقىنى كەچۇرگەنىدى. بۇ ھەرىكەتلەر ئىلگىرى (بۇ ھەقتە) بىلگەن، ئېنىقلانغانلار بىلەن بىرلىشىپ، ئەمىر ھۇسەيىننىڭ مىجەزى ئۆزگەرگەنلىكى، (ساھىبقىراننىڭ) ئالىي رايى ئالدىدا روشەن ۋە ئېنىق بولدى. «ئۇ ياۋۇزلۇق ۋە ساتقىنلىق ئوي - پىكرىدە ئىدى» . ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق كۆڭۈلچەكلىك ۋە مۇرەسسە قىلىشنى ماقۇل كۆرمىدى.

(بېيىت)

بىخەۋەر مۇگدەش شۇنچە نەھاجەت،
باستۇرۇپ كەلگۇسى بىردىن سەل - ئاپەت.

تاغ يۇرەك بۇركۇت قالماس غەپلەتتە،
سۇ ئۇنى ئېقىتىپ كەتمەكچى بولغان بۇ پەيتتە.

ئەمىر مۇسا كېيىنچە قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاس ئەمەلدارلىرى ۋە دۆلەتنىڭ سادىق كىشىلىرىنى چاقىرىپ (ئۆز پىكرىنى) : «ئەمىر ھۇسەيىن يەنە ھىيلە - مىكىر ئىشلە- تىشكە ئۆتۈپتۇ ۋە ئاجايىپ پىلانلارنى تۈزمەكتە. ئۇنىڭدىن غاپىل بولۇش ئېھتىياتچانلىق تەلىپىگە توغرا كەلمەيدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر بولغانلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەمىر مۇسا (باش-

www.uyghurkitap.com

قا) ئەمىرلەر ۋە ئۇ ئالىيلىرىنىڭ دۆلەت ئەمەلدارلىرى بولغان ئەمىر داۋۇد، ئەمىر ساربۇغا، ئەمىرجاكۇ، ئەمىر مۇئەيياد، ھۇسەيىن باھادىر، ئەمىر سەيفىددىن، ئاbباس باھادىر، ئەمىر ئاقبۇغا، ئەلچى باھادىر، دۆلەتشاھ باخشى ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: «ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ئەھدىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ غەرەز ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئەسىرى بولغان. (خۇدا) كۆرسەتمىسۇن، ئەگەر پۇرسەت قولدىن بېرىلسە، ئۇنى ئەيۋاشقا كەلتۈرگىلى بولماي قالىدۇ. ئۇ چاغدا نادامەت قىلىشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. سۆزىمىز ئۇنىڭغا قارشى كۆرەشتە بىر جان ـ بىر تەن بولۇش لازىم. بارلىق ھەرىكەت ئۇنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىشقا قارىتىلىشى كېرەك» دېيىشتى.

(بېيىت)

سۆز بايانىنى بېزەپ دۇئا ۋە ھەمدۇسانا،
بىر ئېغىزدىن قىلىشتى شۇنداق نىدا:

ياۋۇزلۇق قوزغالسا ئۆچ ئالغۇچى جان،
يولىنى توسقاي گويا قۇرۇغان تىكەن،

ئىنتىقام ئوتلىرى كۆككە ئۆرلىسۇن،
ئۆچ ئېلىش ـ ئاداۋەت، يالقۇن كۆتەرسۇن.

دۇشمەنىنىڭ سىنىك بەكمۇ زالىمدۇر،
ئامالسىزلىقتىن خەلق باش تارتقۇسىدۇر.

جەبىر ـ زۇلۇم ئۈچۈن سۇرگىن سەن قەلەم،
يوقاتقىن خەلقتىن قايغۇ ۋە ئەلەم.

ئەمىر جاكو ۋە دۆلەتشاھ باخشى ئۇ مەزمۇندا ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى دىققەت ئېتىبار بىلەن ئاڭلىدى. ئەمىر مۇسا ئۇ ئالىيلىرىغا نىسبەتەن ساداقەت ۋە ئىتتىپاقلىق كۆرسىتىش ئەھدىنى تەكرارلىدى. ھەممەيلەن چىن كۆڭلىدىن ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى كۆرەشمەكچى بولدى. پۇرسەت تەقەززاسى بىلەن خىزىر ياسەۋۇرىينىڭ بۇرادىرى ئەلىنى ياساققا يەتكۈزدى. ئاللا تەقەززا قىلغان نەرسىدە ياخشىلىق باردۇر.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى قوشۇن تارتقانلىقى ۋە پەرۋەردىگار ئىنايىتىنىڭ قوللىشى بىلەن زەپەر قۇچقانلىقى

ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ ئۆز ئەھدى پەيمانىنى بۇزۇشنى ئويلاپ يەنە دۇشمەنلىك قەستىدە ئىختىلاپ سايىۋىنىنىڭ تېگىدە ھىيلىگەرلىك ناغرىسىنى چېلىۋاتقانلىقى ھەمدە پۇرسەت كۈتۈپ ئۆز مۇرادىغا ھىيلە بىلەن يېتىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكى تۇرلۇك دەلىل ۋە بەلگىلەردىن روشەن بولدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى شەرىئەت قانۇنى ئاساسىدا جارى قىلىنغان پىتنە قىلغۇچىنى يوقىتىش ۋاجىپلىقى ھۆكۈمىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشنى زۆرۈر تاپتى ۋە بۇ ئىشنى كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېرىشىشكە ئىمكان تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنراق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. بىراق ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتى ئىشنىڭ ئاساسىنى ئاجىزلىق ۋە ئىلاجىسىزلىقتىن ئىبارەت بولغان ھىيلە ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن باشلاشقا يول قويمايتتى. (شۇ سەۋەبتىن)، تەۋەك-

www.uyghurkitap.com

كۆلنىڭ ئارقىسىنى تەگرى ئىنايىتىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەھ-
كەملەپ، ھىممەت يۈزىنى ئەمىر ھۇسەيىننى يوقىتىشقا قاراتتى
ۋە مەردانىلەرچە جەڭ ئېلان قىلىپ، قوشۇن توپلاشقا پەرمان
بەردى ۋە ھىندۇ ـ قەرقەرە قىپچاقنى سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆ-
تۈپ، ئوترارغا قېچىپ كەتكەن شەيخ مۇھەممەد بايان سۇلدۇزنى
ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.
(ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ پاناھى بولغان قوشۇن بالا ـ
قازادەك كەسكىن پەرمانغا بىنائەن، پەلەك بىلەن تەڭلەشكۈچى
دەرگاھقا توپلاندى. ئۇ ئالىيلىرى تارماق ۋە ماڭلاي قىسمىنى
تەرتىپكە سېلىپ، ئەمىر مۇسانى تارماق قىسىملارنى باشقۇرۇشقا
تەيىنلىدى. ئۆزى سائادەتلىك ۋاقىت ـ سائەتتە ۋە ئەڭ قۇتلۇق
پەيتتە كېشدىن يولغا چىقىپ، بىر توپ باتۇرلار بىلەن ئالدىدا
ماڭدى.

(بېيىت)

زەپەر يېقىن، پەلەك بەندە، زېمىن دۇئادىدۇر،
ئۈمىد تازا، دۆلەت كۈچلۈك، بەخت نەۋقىراندۇر*

ئۇلۇغ تەرەپتە ئىشغال، سول تەرەپتە بەخت ـ سائادەت،
تەقدىر ئۆزەڭگىدە، زامانە تىزگىنىدىدۇر.

ئەمىر مۇسا خۇزارغا يېتىپ كەلگەندە ئۆزىگە خاس ئادەت
بويىچە، ئورۇنسىز ۋەھىمىگە چۈشتى ۋە ئەھدى ـ پەيماننى بۇ-
زۇپ، سەمەرقەندگە قېچىپ كەتتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇ-

* نەۋقىران — كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ياش. — ت

نىڭ قىلمىشىغا ئېتىبار بەرمىدى ۋە سۇيۇرغاتمىش ئوغلاننى ئە-
مىر مۇئەييەد، ھۇسەيىن بارلاس ۋە يەنە بىر قانچە باتۇرلار بىلەن
قوشۇپ ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتىنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلەپ، ئۆزى
ئىككى نەپەر شاھزادە ۋە بىر قىسىم ئەمىرلەرنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ
بەلخ تەرەپكە قاراپ يولغا راۋان بولدى.

ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تېرمىزگە يېتىپ بارغاندا،
ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ھىندۇشاھ بىلەن خېلىل باشلاپ كەلگەن
قوشۇنى ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا قېچىشقا باشلىدى ۋە ئامۇ
دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخكە يول ئالدى. ساماۋى تەستىققا ئىگە
بولغان ساھىبقىران ئالىيلىرى تېرمىزدىن ئۈچ پەرساخ نېرىدىكى
بۇيا مەھەللىسىگە كېلىپ چۈشتى.

مەككە مۇكەررەمىنىڭ بۈيۈك ئەزىزلىرىدىن بىرى ئۆز ئەسى-
رىدە يەر يۈزى سەيىدلىرىنىڭ پېشۋاسى، زاتى شەرىپى «تاھا»
ۋە «ياسىن» سۈرىلىرىنىڭ ۋاسىتىسى[415]،

## (بېيت)

تاڭ قۇياشى ۋە تۈن ھىلالى نە ئېرۇر،
ئەسىر گۆھىرى بىزنىڭ زەبەرجەدىمىزدۇر[416].

دېيىلگەن لەخمىچىلەر پېشۋاسى، مۇرتەزايى ئەزەمنىڭ* ئۇلۇغلۇ-
قى، سۇپەت ۋە ئۇنۋان[417]لىرىنى كەلتۈرۈش ھاجەتسىز ئالىيجا-
ناپ سەييىد بەرەكە[418] ھېچقانداق ۋەدە ۋە ئالدىن كېلىشىشسىز،
كۈتۈلمىگەندە ئۇ پادىشاھقا خاس مەنزىلدە ئالدىغا چىقتى ھەمدە
سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىق بەلگىلىرىنى ئۇقتۇرغۇچى ناغرا ۋە تۇغ

* ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەخەللۇسى. — ت

كەلتۈرۈپ، ساھىبقىران ئالىيلىرىغا سوۋغا قىلدى. (كېيىن ئاللا) نىڭ ياردىمىدىن ئىلھاملانغان ھالدا بەخت ـ سائادەت سۆزلىرىنى ئېيتىپ، بېشارەت قوشىقىنى كارامەت پەدىسىدە چېلىشقا باشلىدى.

(نەزم)

ئاللا ھىمايىسى ساڭىدۇر پاسبان،
ئۇ باشتىن ـ بۇ باشقىچە سېنىڭكى جاھان.

دۆلەت ناغرىسىنى چال مەيدان سېنىڭدۇر،
بۇ ئالەم تەخرىسىنىڭ ئىستىكىدۇر.

ئۇنىڭ مۇبارەك تىلى شۇدەم گويا پەرۋەردىگار (بەلگىلىگەن) قىسمەت ۋە ئۇنىڭ چەكسىز ئىنايىتىنىڭ تەرجىمانى ئىدى. چۈنكى ئۇ بېشارەت قىلىپ (ئېيتقان سۆزلەرنىڭ) نە مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش، نە ئەمەلگە ئېشىشىدا كېچىكىش بولمىدى.

(بېيىت)

بۇياغا تىككەچ چېدىر ساھىبقىران،
تەقدىر دۆلىتىنى چىللىدى شۇئان.

دۆلەت يېتىپ كېلىپ سالدى رەقەم[419]،
كى ئۇ ئاستانىدىن ئۈزمىگەي قەدەم.



www.uyghurkitap.com

شاھ چىھرىسىنى كۆرۈپ شاد دۆلەت،
ياشاردى، يېتىشىپ دۆلەتكە دۆلەت.

دۆلەتتىن ئالمىدى ئۇ شاھ بۈيۈكلۈك،
بەلكى دۆلەت تاپتى ئۇنىڭدىن يۈكسەكلىك.

گەر دۆلەت تۇگىسە بۇ خانىداندا،
دۆلەت ئەمەس بەلكى ئۇ يوق بۇ ماكاندا.

بۇ بەختىيار دۆلەت ئەجەب ياخشىدۇر،
ئەزەلدىن شۇ تاجۇ - تەخت ۋەخپىدۇر[420].

ساھىبقىران ئالىيلىرى كۈندىن - كۈنگە ئارتىپ بېرىۋاتقان دۆلىتىنىڭ باشلىنىشىدا يۈز بەرگەن بۇ كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش-تىن، ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئامانلىق ۋە ئىقبال ئۇچۇن، «پاتىھە (سۈرىسى) كىتاب (قۇرئان) نىڭ ئانىسىدۇر» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىشارىتىگە ئاساسەن قەتئىي ۋە ئېنىق (قارارغا) كەلدى. ئۇ دوستلۇق ۋە ياردەم ئىزدىگۈچى قولىنى «ئەي ئەھلى بەيت[421] ، ئاللا سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ»[422] دېگەن (ئايەت) دۆلىتىنىڭ تۇغلىرى ئېتىكىگە مۇستەھكەم قىلىپ، كاتتا نەبىيلىك* دەرىخى شېخىنىڭ قۇتلۇق قەدەم تەشرىپىنى ئۇلۇغلاش ۋە تەزىملەر بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ چىن نىيىتى ۋە پاك ئىستىكى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى پەيدا بول-دى. (شۇنىڭدىن كېيىن)، بەرىكەتلىك ئۇلۇغ زات پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىك خۇشخەۋىرىنى يەتكۈزگەن دۆلەت-

* نەبىيلىك — پەيغەمبەرلىك. — ت

www.uyghurkitap.com

تەك، (ساھىبجىران) ئالىيلىرىنىڭ سۆھبىتى ۋە مەجلىسىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىدى ۋە ئۇ ئىشنى ھېچقاچان تەرك ئەتمىدى. ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككىيلەن بىر گۇمبەز ئاستىدا ئارام تاپتى ۋە ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سەممىي يۈزى خۇددى شۇنداق ئۇنىڭ تەرىپىگە قارىغانىدى.

## (بېيىت)

سەھەردە ھەركىم بىر شاپائەت قىلغۇچىغا ئۇزارتقاندا قول،
بىزلەر مۇستاپا ئەۋلادى ئېتىكىگە ئۇزارتقايمىز قول.

مۇستاپانى، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى، ساھابىلىرىنى ۋە دوستلىرىنى ئاللا رەھــمەت قىلــغاي، (ئۇلارغا) ھۆرمــەت ۋە سالاملار بولغاي.

ساھىبقىران ئالىيلىرىدا بارلىق ئەھلى بەيتكە نىسبەتەن ھەقىقىي ئىشەنچ ۋە كامىل ئىخلاس بار ئىدى. (ئۇنىڭ) شۆھرەت قازىنىشى ۋە قوللاشقا ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدا بولۇپ، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. (توغرىسى)، ئۇنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولسۇنمۇ. ئۇ ئۇلۇغ خىسلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، ئۇنىڭ مۇكاپاتى خەلقنى گۇمراھلىق زۇلمەتلىرىدىن ئېلىپ چىقىش ۋە ھىدايەت يورۇقلۇقىغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. يەنى، ئەبەدىي جاھالەتتىن قۇتۇلۇش ۋە چەكسىز سائادەتكە يېتىش (يولىنى) ئەنە شۇ (خىسلەت) ئارقىلىق تېپىش مۇمكىن ۋە «مەن سىلەردىن ئۇلارغا (ئەھلى بەيت) گە نىسبەتەن قېرىنداشلىق مۇھەببىتىدىن ئۆزگە مۇكاپات سورىمايمەن دېگىن» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭدا تەلتۆكۈس ئەكس ئەتكەن.

ئاللاغا شۈكرانىلەر بولسۇنكى، بۇ ھالەت ئۇنىڭ ئۇلۇغ خاندانىدىمۇ ساقلانغان. بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ چەكسىز رەھمىتىدىن ئۈمىد شۇكى، دۆلەت دەرياسى ئېھسان دېڭىزى بولغان بۇ ئېرىقتا ئېقىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن سۇلار چىقىپ، تا ئالەم ئاخىرلاشقىچە داۋاملىق ئاققاي؛ دۆلەت ۋە دىنىنى ئالىمىش ۋە ئۆزگىرىشتىن ساقلىغاي ۋە ئۇلار ئۇزلۇكسىز ۋە ئەبەدىي بولغاي. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ خاھىشى بىلەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى (ئۇلارغا ئاللانىڭ سالىمى بولغاي) ھەققى - ھۆرمىتى بولغاي!

(بېيىت)

دۆلەتتە ئەگەر دىن مۇستەھكەم بولسا،
ئەرزىيدۇ ئۇ دىندەك مۇستەھكەم قالسا.

ئەلقىسسە، ساھىبقىران ئالىيلىرى بۇيادىن يولغا چىقىپ، چاغانرۇد[423] نىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئورۇنلاشقان چاغانا[424] تەرەپكە ماڭدى. چاغانادا سائادەت بىلەن قونۇپ، ئەمىرجاكۇنى ئەتراپ (ۋىلايەتلەر) دىن لەشكەر توپلاشقا بۇيرىدى. ئۇ پەرمانغا بويسۇنۇپ، تېزلىكتە يولغا ئاتلاندى ھەمدە سۇلدۇز ۋە باشقا (ئۇرۇغلاردىن) ئىبارەت ئۇ ئەتراپىنىڭ قوشۇنىنى توپلاپ پادىشاھ قوشۇنغا ئەۋەتتى. ئۆزى خەتلان تەرەپكە يول ئېلىپ ئۇ يەردىكى لەشكەر مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدى. نۇسرەتلىك تۇغ ئەۋباجە كېچىكى[425] گە يېتىپ كەلگىنىدە، شەيخ مۇھەممەد بايان ۋە ھىندۇ - قەرقەرەلەر پەرمانغا بويسۇنۇپ، ئۇ يەردە پادىشاھ قوشۇنغا قوشۇلدى ۋە مۇبارەك قول سۆيۈش شەرىپىگە ئېرىشتى.

ئۇلار جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇلم مەھەللىسى[426] گە

ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كېلىشكىنىدە، ئۇ يەرنىڭ مىڭ بېگى قوشۇنلارغا كېلىپ قوشۇلدى. ئەمىر ھۈسەيىن قۇندۇزدا قالدۇرغان ئەمىر ئولجايتۇ، ساھىبقىران ئالىيلىرى كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتقان بەدەخشان ۋالىيسى شاھ شەيخ مۇھەممەدلەر قوشۇن بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئۇ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن بەختىيار بولدى. ھەممەيلەننىڭ ئەمىر ھۈسەيىندىن كۆڭلى رەنجىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ دەستىدىن تىنچلىق بولمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن ئىدى. ئۇلار ئۇ خۇرسەنلىكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، قۇللۇقلار قىلىشتى.

(بېيىت)

يۇرت شىرغا ئايلاندى دۈشمىنىڭگە قارشى،
سەن چىقساڭ يىقىتىسەن توققۇز باتۇرنى.

سەن يېڭى كۆچەتدۇرسەن، دۈشمەن قېرى تال،
تالغا ياش كۆچەت بىلەن تەڭلىشىشكە يوق ئامال.

يېڭى دەۋر دۆلىتى كىمخابىنى ئالغىن،
جاھان كېلىنىگە چىمىلدىق قىلغىن.

ئەمىر كەيخۇسراۋ ئەمىر ھۈسەيىندىن قورقىنىدىن ئۆز ۋىلايىتى خەتلاننى تاشلاپ، ئالاي[427] تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال ھالدا غالىب قوشۇنغا كېلىپ قوشۇلدى. ئەمىر جاكۇمۇ خەتلان قوشۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى.

(بېيىت)

بۇيرۇدى دەرگاھقا ھەر بىر ئۆلكىدىن،
لەشكەرلەر يىغىلدى سەردارى بىلەن.

ئۇ دەشتتە جاي قالمىدى ئولتۇرۇشقا،
يەر تېپىلمايتتى ھەم ئات باغلاشقا.

چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ پۈتۈن ئەمىرلىرى ۋە سەردارلىرى ساھىبقىران ئالىيلىرىغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش كەمىرىنى جان بېلىگە باغلاپ، ساداقەت ۋە خىزمەتتە بولۇش قائىدىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىرلەشتى.

(بېيىت)

كېلىشتى مەغرۇر، مەرد، بەللىرىنى باغلاپ،
سائادەتلىك شاھ دەرگاھىنى ئىزدەپ - سوراپ.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بۇ باتۇرلارنى ماڭلاي قائىدىسى بىلەن ئالدىدا ماڭدۇردى. ئەمىر ھۈسەيىن تەرەپتىنمۇ بىر توپ (قوشۇن) ئالدىن يېتىپ كەلگەنىدى.

(بېيىت)

پىلنى كۆتۈرەر، نەيزىنىڭ ئۇچى بىلەن،
قىرىلار قوشۇن ھۇجۇمنىڭ كۈچى بىلەن.

شەيخ ئەلى باھادىر ئۇلارنى كۆرۈپ، ئىنتىقام ئېلىش قىلىن-
چىنى سۇغۇرۇپ، شىردەك ھۆركىرەپ ئېتىلدى.

(بېيىت)

شۇ قەدەر چوڭ بولدى جەڭ ۋە تالاش،
ئاسماندىن قاچقاندى ئاي ۋە قۇياش.

«ئۇرە - ئۇر»، «سۇرە - سۇر» قوزغالدى شۇئان،
دۇبۇلغا* دۇمىلاپ، باش ئۇچار ھەريان.

خىتاي باھادىر،

(بېيىت)

نەرە تارتار، ھۆركىرىگەن بىر شىر كەبى،
ئۇرۇشتا خۇددى ئۆتكۈر شەمشەر ئىدى.

باشقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار دۈشمەن قوشۇنىنى ئورنى-
دىن قوزغاپ، قوغلىدى. شەيخ ئەلى باھادىر (بۇ جەڭدە) چوپان
سەربەدارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى.
نۇسرەتلىك توغ ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، سان - ساناقسىز
لەشكەر توپ - توپ بولۇپ، شادىيان تېغى[428] ئېتەكىدىن
خۇشال - خۇرام ھالدا مەدھىيىلەر ئېيتىپ يولغا راۋان
بولدى.

---

* دۇبۇلغا — تۆمۈر قالپاق. — ت



www.uyghurkitap.com

(بېيت)

ساھىبقىران مېھرىدىن ھەممىنىڭ تولدى دىلى،
بەلدە (خىزمەت) كەمىرى، مەدھىيە ئېيتار تىلى.

ئۆلار دارايى گەز دەرياسى[429] بويىدىكى ئۆربۆز قەلئەسى[430] يېنىغا كېلىپ چۈشتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى سۆيۈرغاتمىش ئوغلاننى خان دەپ ئېلان قىلدى. كېيىن قوشۇننى تۈزەپ، سائادەت ۋە خۇرسەنلىك بىلەن بەلخ شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. مۇھەممەد خوجىنىڭ ئوغلى زىندا ھاشىم ئەپەردى قوشۇننى باشلاپ شىبىرغاندىن يېتىپ كېلىپ، غالىب قوشۇنغا قوشۇلدى، پەلەك سۈپەت لەشكەرلەر شەھەرنىڭ ھەر خىل تەرىپىدىن (يوپۇرۇلۇپ) كىرىشتى ۋە ھىندۇۋان نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بەلخ قەلئەسىنى قورشىۋېلىپ داقا - دۇمباق چېلىپ چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى.

(بېيت)

جاھانگىر ھەمدە گەردۇن ھەيۋەتلىك شاھ،
تۆپىدىن پەسكە باشلاپ كەلدى سىپاھ * .

چۇمۇلە، چېكەتكىدەك سانسىز ئىدى،
شەھەر ۋە قورغان تامان يامرىدى.

تۇران توپىدىن كۆتۈرۈلدى سۈرەن - چۇقان،
قورقۇنچتىن تىترەيتتى تاغۇ - دەشت شۇئان.

---

* سىپاھ — قوشۇن، لەشكەر، جەڭچى. — ت

(ئۆز نۆۋىتىدە) قەلئەدىنمۇ نۇرغۇن ئاتلىقلار، پىيادىلەر جەڭ قىلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىپ ئۇرۇش باشلىدى.

### (بېيىت)

ئاتلىقلار ئات چاپتۇرۇپ راسا، قىلدى جەڭ،
پىيادىلەر قۇچاقلاشتى بىر - بىرى بىلەن.

يەر تارايدى، قاراڭغۇ بولدى ھاجان،
قۇياش تىترىدى ۋە ئاي قورقتى شۇئان.

نەيزىلەر قىنىدىن يەرمۇ يېرىلار،
پىستىرما ئوقيادىن ئۆلۈممۇ تەييار.

قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۇرۇش تىنمىدى،
بىرەر كىشى جەڭدىن قولىن يىغمىدى.

شۇ كۈنى ئەمىرزادە ئۆمەر شەيخ ئاران 16 ياشتا ئىكەنلىكىگە قارىماي باتۇرلۇق تۇلپارىنى جەڭ مەيدانىدا چاپتۇرۇپ، شىجائەت ۋە جاسارەت كۆرسەتتى. (توساتتىن)، تەقدىر مەيدانىدا بىر ئوق كېلىپ، ئايىغىنىڭ كەينىگە تېگىپ، ئاستىدىن تېشىپ چىقتى. جەرراھلىق ھۈنىرىنىڭ ئۇستىلىرى بىر زىخنى قىزدۇرۇپ، ئۇ جاراھەتنى شۇنداق كۆيدۈردىكى، زىخ (ئاياغنىڭ) باشقا تەرىپىدىن چىقتى. ئۇ تاغ يۈرەك شاھزادە يېشى كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى زادى ئاشكارا قىلمىدى. «ھۈنەرۋەن (ئۇستازدىن) ھۈنەرسىز (شاگىرت) چىقماس». ئەتىسى سەييارىلار قوشۇنىنىڭ خىسراۋى[431] فىرۇزە قەلئەسىنى ئىگە-

لەش ئۇچۇن مەشرىق تەرەپتىن تاڭنىڭ غالىب تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ئۇ قورغان ئۇستىدە ئۆزلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ تۇرغان خالايىقنىڭ ھەممىسىنى بىردىنلا زاھىر بولۇش مەيدانىدىن يوق قىلدى.

(بېيىت)

فىرزۇرە تەختلىك خىسراۋ ئىگىلىدى ئۇنى ـ
زۇلمەتكە چۆككەن ھىندۇۋان قەلئەسىنى.

ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇش، يەنى ئىنتىقام ئېلىش كەمىرىنى مەھكەم باغلىدى.

غالىب قوشۇن ساھىبقىرانىنىڭ ئالدىدىن ئاللانىڭ ياردىمىنىڭ مەدىتىدە، ئېنىق غەلىبە جۇلاسى بىلەن كۆتۈرۈلدى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى زوھالنىڭ قۇلىقىنى گاس قىلدى ۋە جەڭ مەيدانى تۇلپارلىرى جەۋلانىنىڭ چاڭ ـ توزىڭى بەھرامنىڭ كۆزىنى خىرەلەشتۇردى.

(بېيىت)

ياڭرىدى ئارسلان تېرىسىدە (كېرىلگەن) ناغرا،
مىس كاناي ئاۋازى تارقالدى بۇلۇتلار ئارا.

چاڭ ـ توزاندىن پەلەك ئەجدىھاغا تولغان گويا،
باتۇرلار نەرىسىدىن چۆل شىرلارغا تولغان گويا.

www.uyghurkitap.com

ئەمىر ھۇسەيىننىڭ بىر توپ خاس جەڭچىلىرى مەردلىك نامايان قىلىپ، قەلئەدىن چىقتى. باتۇرلار ھۇجۇمىنىڭ شامىلىدىن جەڭ ۋە قىرغىن ئوتى يالقۇنلىدى.

(نەزم)

ئاياغسىز ۋە قولسىز يېتىپتۇ كىمنىڭدۇ تېنى،
كالتەكتىن يېرىلغان كىمنىڭدۇر بېشى.

بىر فەرسەڭ ئارلىقتا قاندىن ھېقىق تاشار،
قىسقۇچپاقا چاڭگىلىدىن[432] ئۇرۇش تامار.

ئەمىر ھۇسەيىن ئۇ دەھشەتلىك جەڭگە نەزەر سېلىپ، ئۆز ئىشىنى ناچار ئەھۋالدا ۋە كەلگۈسىنىڭ تەدبىرىنى كۈچ ـ قۇدرەت چېگرىسىدىن تاشقىرىدا كۆردى.

(بېيىت)

دۆلەت ۋە مۈلۈكتىن يۈيۈپ ئۇ قولىنى،
دەھشەتتىن يىپىۋالدى قەلئە قوۋۇقىنى.

ئەمىر ساھىبقىران ئۇنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتىپ: «ئەگەر ئۆز جېنىڭغا ئامانلىق تىلىسەڭ، بىردىنبىر يولى قەدەمنى تەسلىم بولۇش يولىغا قويۇپ (قەلئەدىن) تاشقىرىغا چىقىشىڭ كېرەك» دېدى. ئەمىر ھۇسەيىننىڭ باشقا ئامالى قالمىغانىدى. ئۇ رازى بولدى ۋە چوڭ ئوغلىنى خان بىلەن بىللە تاشقىرىغا ئەۋەتتى ۋە: «تاجى بولۇش يولىنى ئىتائەت كەمىرى بىلەن باغلايمەن. ئىلتى-

ماس شۇكى، مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيسەن» دېدى. ئۇنىڭ كەينىدىن باشقا بىر كىشى ئەۋەتىپ، ساھىبقىران ئالىيلىرىغا ئاجىزلىق ۋە چارىسىزلىق تىلى بىلەن: «دۆلەت مەندىن يۈز ئۆرىدى ۋە سېنىڭ دەۋرى - دەۋرانىڭغا يېقىن بولدى.

(بېيىت)

دۆلەتنى ساڭا نېسىپ قىپتۇ، بۇيرۇغۇچى سەن،
بەختسىزلىك تۇپەيلى چارىسىزلىق مېنىڭ نېسىۋەم.

دىلىمنى دۆلەت، بايلىق، ھەشەمەت ۋە ئىقبالدىن پۈتۈنلەي ئۈزدۈم ۋە كۆڭلۈمنى ئازاب، جاپا - مۇشەققەت ۋە بالا - قازاغا باغلىدىم. ئەمدى تەلىپىم شۇكى، ماڭا يول بەرسىڭىز، چىقىپ كەتسەم ۋە ئۇلۇغ كەئبە (زىيارىتى) گە يۈزلەشسەم» دەپ خەۋەر يوللىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئىناۋەتكە ئالدى ۋە بىرەر كىشى ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمىسۇن، خالىغان يېرىگە كېتىۋەرسۇن دەپ بۇيرىدى. ئەمىر ھۇسەيىن: «ئەتە چىقىپ كېتىمەن. مېنىڭ جېنىمغا قەست قىلماسلىقتا ۋەدە بېرىشىڭىزنى سورايمەن» دەپ يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس يوللىدى. ئەمىر ساھىبقىران ئۇنىڭ خالىغىنىدەك ۋەدە بەردى ۋە ئۇنى ئەتىسى (قەلئەدىن) چىقىپ، ساق - سالامەت كېتىۋېرىدۇ دېگەن قارارغا كەلدى.

ئەھدىنى بۇزۇش ئادىتى ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدە بار ئىدى. تەبىئىيكى ھەركىم ئۆزگىنى ئۆزىدەك بىلىدۇ. ئۇ (ساھىبقىراننىڭ) سۆزىگە ئىشەنمەي كېچىسى ئىككى نۆكەر بىلەن قەلئەدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىيسى
www.uyghurkitap.com

(بېيىت)

نە رايى توغرا ئەمەس ۋە نە قىلمىشى،
كۆڭلى خۇدۇكقا تولغان، يۈزە ئويلىشى.

لېكىن ناھايىتى قورقۇش ۋە ساراسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. (شۇ ئەھۋالدا) ئۇ كونا شەھەرگە بېرىپ قالدى. تاڭ يورۇقلۇقى جىلۋە قىلىشقا باشلىغاندا جېنىنى قولىغا ئېلىپ مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارىغا چىقىۋالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا مەۋلانە جالالىددىن رۇمىي[433] (ئاللا ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇق قىلغاي) يازغان نەزمىنىڭ مەزمۇنى ماس كېلەتتى:

(بېيىت)

مۇنار تۆپىسىگە چىقىپ تۆگە جار سالار:
مەن بۇ يەرگە يوشۇرۇندۇم قىلماڭلار ئاشكار.

دەۋاگەر ئەجەلنىڭ ھۆججىتى قازا مەھكىمىسىدىن «... (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ)»[434] (دېگەن ئايەتنىڭ) مۆھۈرى بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇرۇنۇشلارنىڭ پايدىسى بولمىدى.

بۇنى قاراڭكى، شۇ چاغدا بىر كىشىنىڭ ئېتى يوقالغان بولۇپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتى ۋە زادى

تاپالمايتتى. مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئەتراپنى كۆزەتمەكچى بولدى ۋە يوقاتقان نەرسىسى تېپىلىپ قالسىكەن دېگەن پىكىرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇنارىغا چىققىنىدا ئەمىر ھۈسەيىننى كۆردى ۋە تونىدى. تىنچلىق ـ ئىتتىپاقلىق چاغلىرىدا قۇش ئۇۋۇلىغۇچىغا بىرەر دىنار ۋە بىرەر پالۋانغا بىر نانمۇ بەرمىگەن ئەمىر ھۈسەيىن جان خەۋپىدە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بىر سىقىم مەرۋايىت قويدى ۋە ئۇ خەۋپ ـ خەتەردىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلسا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى يەتكۈچە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. يوشۇرۇنغان جايىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقى ۋە سىرنى ساقلىشى توغرىسىدا يېلىنىپ ئىلتىماس قىلدى ۋە قەسەم ئىچ-كۈزدى. ئۇ كىشى ئۇنى ئەھدى ـ پەيمان بىلەن ئىشەندۈردى ۋە دەرھال مۇناردىن چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ئۇ بولغان ۋەقەنى ھەمدە ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئىلتىماسىنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈپ: «كەمىنەنىڭ بۇ نەرسىنى سىر قىلىپ ساقلاشقا زادى يۈرىكىم چىدىمىغانلىقتىن كېلىپ ئېيتىشقا مۇيەسسەر بولدۇم» دېدى.

ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، ئاتلىق ۋە پىيادە مەسچىت تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. ئەمىر ھۈسەيىن مۇنارە ئۈستىدە تۇرۇپ ئادەملەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈمىد قولىنى شېرىن جېنىدىن يۇيۇپ، دەھشەت ئايىغى بىلەن ئۇ يەردىن چۈشۈپ، قورققىنىدىن مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى بىر كامارغا يوشۇرۇندى ۋە بەختىنى يۈز ئۆرىدى. «تاشقىرىدا قالدى تونىنىڭ پېشى.» ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەنلەر بارلىق ئېھتىيات شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئۇنى تېپىۋالدى ۋە قولىنى باغلاپ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى.

(ساھىبقىران) مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانا قائىدىسى بىلەن ئې-غىز ئېچىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تاربىسى

(بېيىت)

ئەمرىڭدىن باش تارتقان كىشىنى گەردۇن،
ئاستانەڭگە سۆرەپ كەلتۈردى بۇگۈن.

(ئۇنىڭ) ئىقبالى دۆلا قائىدىسى بىلەن مۇنداق نىدا قىلدى:

(بېيىت)

سەندىن ئۆزىنى تارتقان باش قىرقىلسۇن چاچتەك.
سەندىن ۋاز كەچكەن كۆڭۈل قارايسۇن خالدەك.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئەھدىنى بۇزۇشقا يول قويمىدى ۋە ئەمىرلەرگە قاراپ: «مەن ئۇنىڭ قېنىدىن كەچكەنىدىم ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش تارىخىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنىدىم.» دېدى. ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشكىنىدىن كېيىن، ئەمىر كەيخۇسراۋ خەتلانىي ھەققەت سوراپ: «ئەمىر ھۇسەيىن مېنىڭ بۇرادىرىم كەيقۇبارنى ئۆلتەرگەن، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلۇڭ، ئۇنىڭدىن شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە قىساس ئالاي» دەپ ئەرز قىلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى كەيخۇسراۋغا تەسەللىي بېرىپ: «سەن بۇ دەۋادىن ۋاز كەچكىن، بۇرادىرىڭنىڭ قېنىمۇ ئۇنى تىنچ قويمايدۇ» دېدى.

## ( بېيىت )

تاپشۇر تەقدىرگە كىم يامانلىق قىلاركەن ساڭا،
تەقدىر ئۆچۈڭنى ئېلىپ بەرگىلى ياخشى چاكار.

ھەق - ھوقۇق ئۈستىدە گەپ بولۇۋاتقان ئەنە شۇ چاغدا، ئىلگىرىكى ئۆچرىششلار، سۆھبەتلەر، مېھىر - مۇھەببەتلەر ۋە مەھدى ئۇليا، ئۇلجاي تۇركانلار ۋاستىسى ئارقىلىق ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن ئەمىر ھۈسەيىن ئوتتۇرىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن يېقىنلىق ( ئەسكە چۈشۈپ ) غەم - ئەندىشە ئۆچقۇنى قەلبى ئوچىـ قىدا شۇنداق يالقۇنجىدىكى، «جىگەر باغرىم كۆيگەندە، كۆزلىرىم يىغلار» دېيىلگىنىدەك، ئۇ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك كۆزىدىن قايـ غۇ ياشلىرى تامچىلاشقا باشلىدى. كۆپنى كۆرگەن، ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىغان ياشانغان ئەمىر ئۇلجايتۇ ئۇ ھالەتنى كۆزىتىپ: «ساھىبقىران ئالىيلىرى ھازىر شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانـ كى، ئەمىر ھۈسەيىننىڭ ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ھېچگەپ ئەمەس ۋە پۇرسەت قولدىن كەتسە، بىر كۈنى كېلىپ، ئەپسۇس بارمىقىنى چىشلەشكە توغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى.

## ( بېيىت )

قولدا تاش ۋە تاش ئۈستىدە تۇرغاندا يىلان،
ئەقىلدىن ئەمەس قولدىن بېرىش ئىمكان.

ئۇ يوشۇرۇنچە ئەمىر كەيخۇسراۋ ۋە ئەمىر مۇئەييادغا ئىشارە

قىلدى ۋە ئۇلار ئۇ مەجلىستىن چىقىپ، ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ رازىلىقىنى سورىماي ئات چاپتۇرۇپ كەتتى ھەمدە ئەمىر ھۇسەيىننى قەتلە قىلىپ، بېشىنى ئۇنىڭ تېنىدىن جۇدا ۋە ئۆز جانلىرىنى ئۇنىڭ جەبىر - زۇلمى، ئوي - خىيالىدىن ئۇزۇل - كېسىل خالاس قىلدى. ئۇ قىساس شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلەنگەنلىكى سەۋەبلىك، ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قوغدىشىنىڭ پايدىسى بولمىدى. بۇ ھادىسىدە ئۇ ئالىيلىرى ئەھۋالىنىڭ بايانى ئۈچۈن مەزكۇر بېيىت توقۇلدى:

(بېيىت)

ھېچ خالىماس ئىدىم بۇ بىۋاپا،
لەشكىرىم ۋەھىمىدىن چەكمەكنى جاپا.

كىمكى مەندىن يۈز ئۆرىگەن ھامان،
ئەرزىيدۇ باغرىنى تەقدىر قىلسا قان.

ئەمىر ھۇسەيىننى خوجا ئۇكاشە[435] نىڭ گۈمبىزىگە دەپنە قىلدى. غالىب قوشۇن ئىشغال قىلىش ۋە بېسىۋېلىش يۈزىنى ھىندۇۋان قەلئەسىگە قارىتىپ، ئۇنى قولغا كىرگۈزدى. ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ئىككى ئوغلى خان سەئىد ۋە نورۇز سۇلتان ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئوتىدىن كۆيۈپ، ھاياتلىرىنىڭ سۈيىنى ھالاك بولۇش تۇپرىقىغا تۆكتى ۋە ۋۇجۇدلىرىنىڭ تۇپرىقى پانىي ئېلىگە سورۇلدى. ئۇنىڭ باشقا ئىككى ئوغلى — جاھانمۇلك ۋە خېلىل سۇلتان ھىندىستانغا قېچىپ كېتىپ شۇ يەردە يوقىلىپ كەتتى. ئەمىر ھۇسەيىن كۆتۈرگەن خان[436] نىڭ قېنىنى قىلىچى بىلەن تۆكتى. «ئوت يالقۇنلاپ، كۆيدۈردى ھۆل ۋە قۇرۇقنى.» ئەمىر

ھۇسەيىننىڭ خوتۇنلىرىنى، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئادەملەرنى، بارلىق يېقىنلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇ خىرىس ۋە قىزغىنىش قولى بىلەن يىغقان ۋە زاپاس قىلغان ھەممە خەزىنە، كۆمۈلگەن بايلىقلىرىنى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى.

(بېيىت)

نېمىكى دېگىز ۋە كان جىنسىغا تەۋە ئىدى،
ئۇنىڭ خەزىنىچىسىنىڭ مۆھرى بىلەن بەلگىلەندى.

كىمكى ئىنسى ـ جىن[437] زاتىدىن كەلدى دۇنىياغا،
بوي سۇنماق ئاڭا يار تۇغۇلغان چاغدا.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەمىر ھۇسەيىننىڭ خوتۇنلىرىدىن قازان سۇلتان خاننىڭ قىزى سارايمۇلك خانىمنى، بايان سۇلدۇزنىڭ قىزى ئۇلۇس ئاغىنى، خىزىر ياسەۋۇرىينىڭ قىزى ئىسلام ئاغىنى ۋە تەغاي تۇركان خاتۇننى ئۆزىگە تەن قىلدى؛ تەرمە شېرىنخاننىڭ قىزى سۆيۈنچ قۇتلۇغ ئاغا ئەمىر ھۇسەيىننىڭ چوڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇنى بەھرام جەلايىرغا بەردى؛ دىلشاد ئاغىنى زىندا ھاشىمغا، كەيقۇباد خەتلانىينىڭ قىزى ئادىل مۇلكنى ئەمىر جاكۇغا ۋە قالغان كېنىزەكلەرنىڭ ھەر قايسىنى كىملەرگىدۇ بەلگىلەپ بەردى. قىزىنى بولسا تابان باھادىرنىڭ بۇرادىرى ئەلچى بۇغاغا بەردى.

ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن قەلئەدە بولغان شەھەر ئاھالىسى قايتىپ كونا شەھەرگە بارسۇن، ئۇ يەرنى ئاۋات قىلىپ ياشىسۇن دېگەن ئالەمشۇمۇل پەرمان بولدى. قەلئەنى تالان ـ تاراج سۇپۇرگىسى بىلەن پاكىز سۇپۇرۇپ، بۇزۇۋەتتى. ئەمىر ھۇسەيىننىڭ

ئۆيلىرىنى ئۇنىڭ ئىقبالىنىڭ كۆچتىدەك توپ ـ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى.

(بېيىت)

دەرۋازا، مۇنار ۋە بارۇدىن نىشان قالمىدى،
ئۇ دەردىنىڭ داۋاسىغا ئىمكان قالمىدى.

بۇ شۇنداق بىر ساراي ئىدى ئامانەت ناباب،
بىر يېقى تەلتۆكۈس، بىر يېقى خاراب.

بىرى قۇرۇلغان ئېگىزگە، بىرى ئىدى پەستە،
بىرى ھەشەمەتلىك، بىرى ۋەيرانە.

كەلگىن بۇ ئەرزىمەس توندىن ۋاز كېچەيلى،
ئىلىم ياردىمىدە بىر جاھان ئىگىلەيلى.

چۈنكى ئۇنىڭ شادلىقى ئەبەدىيلىكتۇر،
بۇ ئاۋات غەمدەك ئەمەس، ئۇ پانىيلىقتۇر.

ئەي ئاللا، ئۆز مۇھەببىتىڭ ۋە رازىلىقىڭنى بىزگە نېسىپ قىلغىن،
بىزنى سۆيىدۇڭ، ئەمما ئىنكار قىلدۇق، شۇڭا بىزگە غەزەپلەندىڭ.

(پۈتۈن ئالەملەرنىڭ ئىگىسىگە ھەمدۇسانالار (بولغاي)[438].

# ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغانلىقى ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشى

مەرھەمەتلىك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى: «(ئاللانىڭ يارد ىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاغا مەنسۇپتۇر. (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاغا قايتىدۇ)»[439] دېگەن. ئۇ ئۇلۇغۋار بارگاھدىن (ئۇنىڭ بارگاھى بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ بولغاي) ئىبارەت پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھىدۇر ۋە «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللا! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن»[440] (دېگەن ئايەت) ھۆكۈمىنىڭ قەلبى ئۇنىڭ ئىلتىپاتى ۋە قەھرى - غەزىپىنىڭ بۇيرۇقىدۇر. ئۇ مەملىكەت ۋە دىننى ھېكمەت يولدىشى ئىچىدە قوشكېزەك ۋە قۇدرەت بۆشۈكى ئىچىدە ئېمىلدەش قىلغان. مەملىكەت چىمەنزارلىقىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىنى دىنىنىڭ بەخت - سائادىتى بولالىقلىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ ۋە دىن بولاقلىرىنىڭ سۈزۈك ھۆكۈملىرى مەملىكەت ۋالىيلىرىنىڭ سىياسەت غىلاپلىرىنىڭ قىلىچىسىز ئاقمايدۇ.

(بېيىت)

مەملىكەت بېغىدا سائادەت كۆچىتىنىڭ ئۆسۈشىنى،<br>
ئۈمىد قىلما سۈزۈك شەرىئەت بولاقلىرىسىز.

دىن بۇلىقىنىڭ سۈزۈك (سۈيى) ئاقىقانمۇ،
بەختىيار شاھلار سىياسىتىنىڭ سايىبانىسىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق بىر دۆلەت ئاتىسى سەلتەنەت، جاھاننى ئىدارە قىلىش تەختىگە مۇناسىپ پەرمان بېرىش ۋە بەختىيارلىق تاجىغا سازاۋەر بولالايدۇكى، ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچ - غەيرىتى مۇستەھكەم دىنغا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە يارقىن قەلبىنىڭ نىگاھى* پەيغەمبەرلەر سەيىدى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ (ئۇنىڭغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتى بولغاي) شەرىئىتىگە مەددەت بولغان بولۇشى كېرەك. بىرەر سائادەتمەن كىشى بەختىنىڭ دەرىخى سەلتەنەت گۈلشەنىدە بوي سوزىدىكەن، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى مېۋىسى ئەمرىمەرۇپ[441] قائىدىسى ۋە نەھيي مۇنكەر[442] زۆرۈرىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىش دەپ بىلسۇن. ئىقبال كۆچىتى ھۆكۈمرانلىق ۋە پەرمان قىلىش ئېرىقىنىڭ (سۈيى) دىن ياپيېشىل ۋە باراقسان بولۇپ ئۆسكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىرىنچى مېۋىسى ياخشىلىق ۋە پايدا كەلتۈرۈش ھەمدە يامانلىق ۋە زىياننى يوق قىلىشتۇر، دەپ ھېسابلىسۇن؛ دۆلەتنىڭ ئەينىكى، ئاللانىڭ ياردىمىنىڭ جۇلاسىدىن يالتىرىغىنىدا، خەيرلىك ئىستەك ۋە ياخشى ئىشلار ئەكسىدىن باشقا نەرسىنى كۆرسەتمىسۇن؛ جامالىنىڭ شامى پەرۋەردىگار ئىنايىتىنىڭ يالتىرىشىدىن تولغىنىدا، نۇرلىرىنىڭ شولىسى توغرا شەرىئەتنىڭ يولىدا يول باشلىغۇچى بولسۇن؛ ھەمدە شامىلىدىن جەڭ ئوتى زۇلۇم ۋە ئازاب يىلتىزىنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يالقۇنلىسۇن؛ ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن جەڭ مەيدانىغا ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقتىن پىتنە - پاسات كۆتۈرۈلۈشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن قان تۆكسۇن، ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى قوغداشقا ئىشلىتىمەن دەپ بىل-

* نىگاھ — كۆز قاراش، نەزەر. — ت

سۇن؛ ئۇستۇن بولۇشنى كەمبەغەللەرگە غەمخورلۇق قىلىش ئۇ.
چۇن تىلىسۇن؛ ئۇلۇغۋارلىقنى ھالىدىن كېتىپ يىقىلغاندا يەر.
دىن قولىنى سوزۇشتا دەپ چۈشەنسۇن؛ يولباشچىلىق تەلىپىدە
قەدەمنى ئىمكانىيىتىنىڭ قولىدىن سەرسانلار ھاجىتىنى چىقى.
رىش مەقسىتىدە قويسۇن؛ بەختىيارلىق كۆچىتىنى كۆچلۈكلۈك
ئېرىقى (بويىغا)، ئۇ ئادالەت باھارى چېغىدا ساخاۋەت گۈلى
ئېچىلسۇن دېگەن مەقسەتتە قويسۇن؛ پادىشاھلىق گۈلزارىنى قى.
لىچ بىلەن سۇغىرىپ مەرھەمەتلىك قولى بىلەن مەزلۇملار ئايىغى.
دىن ئادالەتسىزلىك تىكىنىنى سۇغۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ياپىپېشىل
ساقلىسۇن.

(بېيىت)

شاھلىق ۋە ئۇستۇنلۇكتىن ئۇنىڭ مەقسىتى،
خەلقنى ئەزىزلەش ۋە ئۇلۇغلاش دىنى.

ئېھسان بىلەن خەلق كۆڭلىنى قىلغاي ئۇ شاد،
ھال سوراپ بار جاھاننى ساقلىغاي ئاۋات.

ئەلقىسسە، بەلخنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئۇلۇسى.
نىڭ ئۇ يەرگە يىغىلغان بارلىق ئەمىرلىرى ۋە سەردارلىرى،
جۈملىدىن، ئەمىر شەيخ مۇھەممەد سۇلدۇز، ئەمىر كەيخۇسراۋ
خەتلانىي، ئەمىر ئۇلجايتۇ ئەپەردى، ئەمىر داۋۇد دوغلات، ئەمىر
سار بۇغاي قىپچاق(443)، ئەمىر جاكۇ بارلاس، ئەمىر مۇئەييىد
ئەرلات، بەدەخشان ۋالىيسى شاھ شەيخ مۇھەممەد، ھۇسەيىن
باھادىر ۋە باشقا ئەمىر ـ سەردارلار، شۇنىڭدەك، زامان سەيدلى.
رىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىرى ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش زۆرۈر.
لۈكى ھەققىدە، «شۇبھىسىز سىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك ئاللانىڭ

كىتابى ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم بىلەن دوستلىشىش زۆرۈر»[444] دەپ
خەۋەر بېرىلگەن، سەيىد بەرەكە، تېرمىز خانزادىلىرى خانزادە
ئەبۇل مەئالىي ۋە ئۇنىڭ بۇرادىرى خانزادە ئەلى ئەكبەرلەر ھەم-
مىسى بىر دىلدىن ۋە بىر ئېغىزدىن دىننى مۇستەھكەملەش ۋە
مۇسۇلمانچىلىقنى يولغا قويۇشتا ئەمىر سۇلتانلىرىدىن ئالىي دە-
رىجىلىك ھېسابلانغان ساھىبقىران ئالىيلىرىنى پادىشاھلىقتا ۋە
دۆلەتنى باشقۇرۇشقا لايىق بىلىپ، بويسۇنۇش باشلىرىنى (ئۇ-
نىڭ) پەرمانى سىزىقىغا قويدى ۋە بىرلىشىپ ئۇ ئالىيلىرىغا يېڭ-
دىن قەسەمياد قىلىشىپ، بەلنى خىزمەتكارلىققا باغلىدى ۋە تىل-
نى سۆزلەشكە چاغلىدى:

(بېيىت)

بەختىيار ئۇلۇغۋارلىق ساڭا يارىشار،
تەخت - كۇلاھ ئۇدۇمى ساڭا يارىشار.

قەلبىمىز پۈتۈنلەي پەرمانىڭدىدۇر،
جېنىمىز پۈتۈنلەي پەيمانىڭدىدۇر.

ئالەم شاھلىرى ئىچىدە نامدارى سەن،
باتۇرلار، شىرلار ئىچىدە داڭدارى سەن.

سەن تازىلىدىڭ ھىندى قىلىچ بىلەن يەرنى،
بىمالال ئىگىلە (تەخت) ۋە مەنزىل يولىنى.

جاھان قەھرىتان قىش ئىلكىدىن خالاس بولۇپ، ئاسماندىن
ئورۇن ئالغان سۇلتان ئاپتاپ شەرەپ تەختىگە كۆتۈرۈلگەن[445]

ۋە باغۇ ـ بوستانلار پادىشاھلىقلىرىدا گۈل ـ رەيھانلار شاھى بولغان ئەتىرگۈل شىخىنىڭ فەرۋزە تۈسلۈك تەختىنى تەنتەنە بىلەن بېزىگەن چاغدا، زەپەر خىزمەتكارى سائادەت بىلەن پادىشاھ (تەختىنى) ئورنىتىش رەسمىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى: ئۇ ئالەم يۈزىنى دەھشەت ۋە غەم ـ ئەندىشە غۇبارىدىن تازىلاپ ئۇنىڭ سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق چېدىرىنى ئادىمىزات ياشايدىغان زېمىنىنىڭ پۈتۈن ئەتراپىنى چۆرىدەپ تىكتى؛ بۈيۈكلۈك ۋە شانۇ ـ شۆھرەت بارگاھىنىڭ گۈمبىزىنى بولسا ئاسمان سايىۋەنىدىنمۇ (ئېگىزگە) ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق ۋە ئامانلىق گىلىمىنى سالدى، سەلتەنەت ئاساسىنى تۆت ئاساسى (داۋامىيلىق، مۇقىملىق، ھەشەمەت ۋە ئىپتىخار) بىلەن ئورنىتىپ مۇستەھكەملىدى؛ شاھلىق تاجىنى ئىززەت ـ شەۋكەت جاۋاھىرلىرى ۋە ھەشەمەت ـ ئۇلۇغۋارلىق ياقۇتلىرىنى قاداپ ياساتتى.

(بېيىت)

ئامەت يار بولغىنىدا (كىشىگە) بىر كۈن،
دۆلەتنىڭ قارىسى كۆرۈندى پۈتۈن.

شۇ كۈن ھاياتتا ئىدى كۆپ ئۇلۇغ،
باھار پەسلىدىكى بايرامدەك قۇتلۇق.

ساماۋىي تەستىق مۇھەندىسى سائادەتمەنلىك دەرىجىسىنى ئىنايەت زىجى[446] جەدۋەللىرىدىن ھېسابلاپ چىقىپ، ئىستلا ۋە نۇسرەت ئۇستۇرلابى[447] بىلەن ئاخىر بەختلىك ئىقبال يۇلتۇزىنىڭ ئېگىزلىكىنى تاپتى.

www.uyghurkitap.com

**(بېيت)**

ئۈنىڭدىن كېيىن، سائادەتلىك تەلىيى بولغاندا ئۈستۈن،
تۆھپە بەخش يۈلتۈزلار بولمىسا تۇسقۇن.

ساھىبقىران كۆتۈردى تىللا تاجنى،
شاراقلاتتى شاھلىقنىڭ زۈلپىقارىنى.

شاھىنشاھلىق شەرىپى بىلەن باغلىدى كەمەر،
پۈتۈن جاھان ئاڭا بولدى خىزمەتكار.

يامانلارنىڭ قىسقا قىلدى قولىنى،
ھاياتىنىڭ يورۇقلۇقىغا ئاچتى يولىنى.

سەردارلار ۋە ئەمىرلەر ئۇلاردا ئادەت تۇسىگە كىرگەن سۇلتانلارنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش قائىدىسىنى ئورۇنداپ، ھەممەيلەن تېز چۆكتى ھەمدە ئېغىزنى قۇتلۇق بولسۇن (دېيىش) ۋە قولنى چاچقۇ (چېچىش) ئۈچۈن ئاچتى.

**(بېيت)**

بېشىغا چېچىپ زەر - گۆھەر ھامان،
ئۇنى ئاتاشتى شاھ ساھىبقىران.

شۇ چاغدا ئۇ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك يېشى شەمسىيە يىل

(ھېسابىدا) 34كە تولغانىدى. بۇ بەختلىك مۇراسىم 771 ـ يىلى، يەنى ئىت يىلى قۇرئان نازىل بولغان رامىزان ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى چارشەنبە (1370 ـ يىل 9 ـ ئاپرېل) كۈنى بولغانىدى. زوق ـ شوق نەزمىچىسى ئىلھاملىنىپ، خىيال سۇ- رۇشنى دەۋر ـ دەۋراننىڭ بوينى ۋە قۇلىقىغا زىبۇ ـ زىننەت بېزىكى قىلدى.

## (بېيىت)

يەتتە يۈزدىن يەتمىش يىل ئۆتكەندى،
تەقدىر شاھغا، پادشاھلىق ساگا[448]، دېدى.

خارابلىق توسقى توسقاندا جاھان،
شەرقدىن بولدى قۇياش ئېگىز نامايان.

ئۇ ئاينىڭ يورۇقى كېشىدىن كۆرۈندى،
پەلەك يۈكسەك قىلدى، ئۇ قۇياش ئىدى[449].

«تەمۇر[450] يەنى «ھەدىد»[451] ئاگا بولدى ئات،
ئۈستۈنلۈكى ئۇنىڭ كۈچلۈك نەچچە قات.

تۆمۈر تاراغاي ئارسلان كەبى سۇلتان،
ئالەمنى كېزىپ چىققان شاھى جاھان.

شۇندىن كېيىن شەرقىي نەسەب بۇ ھۆكۈمران،
جاھاننى ئادالەت بىلەن قىلدى نەۋقىران.

تەقدىر ياققان چاغدا ئىقبال شامىنى،
ئاتارۇت ياندۇردى جەۋزا بەلۋىغىنى[452].

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مۇشتەرىي بولغاندا بەختىگە نىسىپ
زۆھرە* مەشىق قىلاتتى ناخشا ئېيتىپ[453].

دىمى مەسىھ[454] بىلەن بولغاچ ھەمخانە،
ئاڭا قۇياش شامى بولدى پەرۋانە.

پارلىغان شامدەك چىقىپ تۇماندىن[455]،
قۇياشتىن تاجنى ئالدى، قىلىچ مىررىختىن.

سائادەت قىرانلىق[456]، خۇددى بىرجىسىدەك[457]،
ئېگىزدە ماكانى، مىسلى ئىدرىسدەك[458].

يەر يۈزىنى زۇلۇمدىن باشتىن ـ ئاياغ،
قىلىچىنىڭ سۈيى يۇيغانىدى مۇتلەق.

شەمشىرى زەرەرسىز، جاھان بىغىدىن،
ئاپەت يىلتىزىنى قۇماردى تۈپتىن.

قوشۇنىنىڭ جەڭ گۈرزىسى يەتتى پەلەككە،
ئېلىبۇرس تىغىدىن چاك كۆتەردى كۆككە.

تىز ئېيتقاندا «قاف» نىڭ نامى «قاف» بولدى[459]،
تىل ئۇچىدىن تىشىشكە مۇيەسسەر بولدى.

قىنى ئۇ قىزىق قان، كۆرەلمەس رەقىب،
ئۇنىڭدىن تەخت ئاساسى بولغانىدى ئېگىز.

* زۆھرە — ۋېنېرا (چولپان) يۇلتۇزى. — ت

هەر بىر نوتا باغ ئىچىدە بىخ چىقاردى،
قىلىچ بىلەن بېشىن چېپىپ، قىرقىدى يىلتىزىنى.

(لېكىن) ئاۋۋال بەلخكە بۇرىدى ئېتىنى،
غەمدان قىلىپ ئاچچىق ياۋ ھاياتىنى.

دۈشمەننىڭ بېشى، ئايىغى، سارىيى، جايىنى،
ئالتۇنى، كۆمۈشى، بالا - چاقىسىنى.

ئەزدى، باغلىدى، قوماردى، كۆيدۈردى،
ئالدى، بۆلۈپ بەردى، سېتىۋالدى، ساتتى.

نادىر بەلگىلەر ۋە ھەقىقىي بېشارەتلەردىن بىرى شۇكى، بۇ پادىشاھنىڭ (تەختكە) ئولتۇرۇش تارىخىنىڭ ئاساسى قەدىمىي كىتاب (قۇرئان) ھەرپلىرىدىن تەشكىل تاپقان تۆت چوڭ تايانچىغا قۇرۇلغان بولۇپ[460]، ئەڭ بىلىمدان پادىشاھ (ئاللا) نىڭ كالامىنىڭ گۆمبىزى — «بەقەرە» سۈرىسى[461] نىڭ روھى ئەنە شۇ (تايانچلار) بىلەن زىننەت تاپقان. ھېچقانداق تەكەللۇپسىز ۋە ماختاشسىز (ئېيتىش مۇمكىنكى)، بۇ قۇتلۇق ۋەقەدىن ئالەم ۋە ئالەم ئەھلىنىڭ مەزكۇر دۆلەت كۈنلىرىنىڭ داۋاملىقلىقىغا ۋە بۇ سەلتەنەتنىڭ مۇستەھكەملىكىگە، باشقا دەۋر ۋە زامانغا قارىغاندا، ئۈمىدى ناھايىتى زوردۇر. شۇنداقكى: «مۆتىۋەر ئائىلە[462] نىڭ ھىمايىسى يەر يۈزىنىڭ ۋە زاماننىڭ باشقا ديار ۋە ماكانىغا نىسبەتەن تىنچلىق ۋە ئامانلىق زىلچىسى بىلەن بېزەلگەن؛ ئاھالە ۋە شەھەرلەر ئەھۋالىنىڭ باغلىرى بۈزغۇنچى ۋە بەخۋاش كىشىلەرنىڭ باسقۇنچىلىقى ۋە ئالدىشى تىكىنىدىن تازىلانغان؛ خالايىقنىڭ ئۈمىد كۆچىتى ئادالەت ۋە ئېھسان تامچىلىرىدىن مەقسەت مېۋىسى بەرگەن ۋە تىنچلىق - خاتىرجەملىك كۆلەڭگىسىنى چۈ-

شۇرگەن؛ چوڭ ـ كىچىكنىڭ تىنچلىق ۋە ئامانلىق ئېكىنزارىدا ئىنئام بۇلۇتىدىن (تامغان) قەترىلەردىن ئارزۇ شاخچىسىدا مۇراد مېۋىسى ئۆسكەن؛ گۈزەللەرنىڭ قاش ۋە ماڭلاي چىچىدىن باشقا يەردە ئەگدىللىق ۋە ناتوغرىلىقتىن ئەسەر قالغىنى يوق؛ پىتنە ۋە چېگىچلىك ھەققىدە ئاي يۈزلىكلەر جىلۋىسى ۋە چېچىنىڭ ئۇچىدىن باشقا بىرەر يەردىن خەۋەر كەلمىدى.

(بېيىت)

تەقدىر يېشىپ تاشلىدى كەمەرنى قىلىچ بېلىدىن،
زامان چىقىرىۋالدى كىرىچنى يانىڭ بوينىدىن.

ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تەڭرى پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنى پەلەك ئايلىنىپ، يەر تىنچ تۇرغانغا قەدەر[463] بۇ مەشھۇر خانىدانىنىڭ ئادالىتى ۋە مەرھەمىتىدىن راھەت ۋە پاراغەتتە تۇتقاي؛ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس خانىدانى ھەققى ـ ھۆرمە-تى بولغاي!

ساھىبقىران ئالىيلىرى سەلتەنەت ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش تەختىگە شاھانە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن نۇر چېچىپ زىننەت بېغىشلى-غانلىقى ۋە

(بېيىت)

غازىي خىسراۋنىڭ بېشىغا سايە سېلىپ،
شاھلىق تەختى تۇرار ئەمدى پەخىرلىنىپ.

(دېگەن) بېيىت مەزمۇنىنىڭ بېشارىتىنى زامانە قۇلىقى تەقدىر تىلىدىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن

( بېيىت )

ساھىبقىران ئاچتى گەنج* نىڭ ئاغزىنى،
ئېلىپ بولماس ئىدى ئۇنىڭ سانىنى.

ھۆكۈمدار تەقسىملەر، سوۋغا بېپەرۋا،
تۆھپىدىن ئاچكۆزمۇ تويغانىدى ھەتتا.

چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرىدىن ئىبارەت بارلىق ئۇلۇغلىرى ۋە سەردارلىرى ھەر تەرەپلىمە ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىپ، قەدىر ـ قىممەت ئاساسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئەمىر ھۇسەيىننىڭ پۈتۈن زاپاس دۇنيالىرى ۋە قىممەت باھا بۇيۇملىرىنى بېھىساب (بۆلۈشكەن) سوۋغىلارغا ۋە ئارمانسىز (قىلىنغان) تۆھپىلەرگە قوشۇمچە قىلدى. (شۇنىڭدىن كېيىن) ھەممىگە ئۆز جايىغا قايتىشقا ۋە ئىنساپ ـ ئادالەت بوركۈتىنى ئۇ دىيارنىڭ ھاۋاسىدا ئۇچۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى.

## ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ بەلخدىن قايتقانلىقى ھەمدە سەمەرقەند (شەھىرى) نىڭ قەلئە ۋە قورغىنىنى قۇرۇشنى بۇيرۇغانلىقى

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئالەمنى بېزىگۈچى رايى جوغام بارلاسىنىڭ ئوغلى مۇرادنى بەلخ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنى

* گەنج — خەزىنە، بايلىق. — ت

www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. (ئۆزى بولسا) قايتىشقا قارار قىلىپ، ئالالنىڭ پاناھىدا، «كۆڭلى روشەن، ئادالەت ئورنىتىپ ۋە شاد» كېشكە قاراپ يول ئالدى. بەلخدىن سەككىز پەرساخ مۇساپىدىكى جەيھۇن دەرياسى بويىغا (يېتىپ بېرىپ) كېمىلەردىن كۆۋرۈك باغلاپ سائادەت بىلەن (دەريادىن) ئۆتتى. (ئۇ يەردىن مېڭىپ)، كۆڭۈللۈك كېش جىلغىسىدا خۇشكا دەرياسى[464] ساھىلىدىكى خۇشمىش بوستانىغا قونۇش چېدىرىنى تىكتى. دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ كۆزىدە شاد - خۇراملىق نۇرى كۆپەيدى، مەملىكەت دۇشمەنلىرىنىڭ يۈرىكىنى غەم - ئەندىشە ۋە ئۆلۈم ئوت يالقۇنى ھالدىن كەتكۈزدى. ئالەم پاناھى شاھ

**(بېيىت)**

ئىززەت ۋە راھەتتە ئۇ جەننەتتەك جايدا،
گويا ياشناپ تۇرغان جەننەت سارىيىدا.

ئىككى ئاي تۇردى. ئەيش - ئىشرەت زىلچىسى ئېھسان - ساخاۋەتكە تولغان داستىخاندەك تەكشى سېلىنغان بولۇپ، ئۈمىد دېڭىزىگە سىغقان ھەر قانداق مۇراد گۆھىرىنى، ئارزۇ قىلغاندەك چوڭلۇقتا، پەرۋىشلەپ بېرەتتى.

**(بېيىت)**

قۇتلۇق سائەتتە بەختلىك ياش سۇلتان،
ئۆز دارۇلمۈلكى[465] دە بولدى ھۆكۈمران.

ياردەملەشتى جاھان ئاۋاتلىقىغا،
ئۆلكىنىڭ پىتىنىدىن خالىيلىقىغا.

ئەينى ۋاقىتتا، ئەنە شۇ ئۆتكەن ۋاقىت ئىچىدە خىزمەت قىلىش ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش ۋەزىپىلىرىدە (ھازىر) بولغان يىقىنلار، مۇلازىملار ۋە خەيرخاھلارنىڭ (ئۇلارنىڭ ناملىرى يۇ-قىرىدا قايتا - قايتا تىلغا ئېلىندى) ھەممىسىنى شاھانە ھۆرمەت ۋە مەرھەمەتلەرگە سازاۋەر قىلدى: (ئۇلارغا) تۇتقان مەۋقەلىرى مەنپەئەتلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ ئالىي مەرتىۋىلەر ۋە مەنسەپلەر بەلگىلىدى.

(بېيت)

قەلبى دىيار كەبى ئۇلۇغۋار شاھ،
ئۇ گۇرۇھغا بولدى كۆپ خەيرخاھ.

لەشكەر سەردارىغا قىلغاچقا رەنج* ،
بەردى قانچىلىغان دىنار بىلەن گەنج.

ئۇلارنى باي قىلدى چېچىپ ئالتۇنلار،
تەكرار بېرىپ يېڭى لىباس ۋە تونلار.

ھەركىمگە مەۋقەسىنى ھېسابقا ئېلىپ ئۆلكە ۋە ۋىلايەتلەرنى بەلگىلىدى، قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ، قەدىر - قىممىتىگە يارىشا مەنسەپ تونىنى پىچتى. جۈملىدىن: ئەمىر داۋۇدغا

* رەنج — دەرد، ئەلەم. — ت

www.uyghurkitap.com

ئەمىرلىك ۋە ئوردىدىكى مەنسىپىگە قوشۇمچە سەمەرقەندنى باشقۇ-
رۇپ تۇرۇشنى، شەھەر باشلىقلىقىنى تاپشۇرۇپ، يەنە باشقا ئىل-
تىپاتلارنىمۇ كۆرسەتتى، ئەمىر جاكۇ، ئەمىر سەيفىددىن، ئەمىر
ئاببىاس، ئىسكەندەر، ئالەم شەيخ، ئەلقە قەۋچىن، ئەردەشىر
قەۋچىن، تەمۇكە قەۋچىنىنىڭ بۇرادىرى قىمارى ئىيناقلارغا تۇر-
كىي (قەبىلە) لەردە سەلتەنەتتىكى مەنسەپنىڭ ئادەتتىكىسى ھې-
سابلانغان لەشكەر ئەمىرلىكى ۋە مۇلازىملىقنى تاپشۇردى؛ ئەمىر
سارى بۇغا، ھۈسەيىن بارلاس، ئەمىر ئاقبۇغا، ھاجى مەھمۇد-
شاھ، ئەلچى باھادىر، دۆلەتشاھ باخشىلارنى دىۋان ئەمىرى قىلىپ
تەيىنلىدى، خىتاي باھادىر، شەيخ ئەلى باھادىر، ئاقتۆمۈر باھا-
دىر، تابان باھادىر، دۆكەنە، باخشى شاھ، قاراھىندۇ، تەكە-
نەك، ئەپاچى كەلتە، قىران بۇغا ئارسلان، شەيخ ئەلى ۋە ئاقتۆ-
مۈرلەرنى باتۇرلارنىڭ سەردارى قىلدى. شۇ يوسۇندا ھەر بىر
كىشى دەرىجىسىگە ۋە قۇدرىتىگە قاراپ بىرەر لايىق ئىشقا ۋە
مۇناسىپ يۇنىلىشكە تەيىنلەندى.

(بېيىت)

ئىلاھىي تەستىقتىن ئاتا ياردەم ئەتتى،
ئالەمنى ئىگىلىدى ۋە مەقسىتىگە يەتتى.

ئۇنىڭ ئۆزەڭگىسىدە بىرەر كۆن يۈرگەن كىشى،
سەردارلىق ئېتىغا مىندى ۋە دەۋرانغا يەتتى.

شۇ ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ سائادەت ۋە ئىقبال بىلەن شانۇ-
شەۋكەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق، سەلتەنەت ۋە ئىستىقلال يۈزىنى قۇد-

لۇق پالغا ئىگە پىردەۋىسكە ئوخشاش سەمەرقەند ۋىلايىتىگە قارات-
تى. باغلىرىنىڭ گۈزەللىكى، ئىمارەتلىرىنىڭ ئالىيلىقى ۋە سۇ-
لىرىنىڭ راۋانلىقى شۆھرىتىدىن باشقا دىيارلارنى خىجىل قىلىدى-
غان ۋە ھەر خىل شەھەر - ئۆلكىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى كەل-
تۈرىدىغان ئۇ مۇبارەك شەھەرنى دۆلەت تۇغىنىڭ مەركىزىگە
ئايلاندۇرۇپ، پايتەخت قىلدى. ئۇ (شەھەر) قورغىنىنىڭ قەلئە-
سىنى قۇرۇشقا، ئالىي ئىمارەتلەر ۋە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن
قەسىرلەر بىنا قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئىشلارنى ئېلىپ بې-
رىشنى ئەمىرلەرگە تاپشۇرۇپ، ئەمىر ئاقبۇغىنى ئۇ ئىشنى ئاخى-
رىغىچە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتلەر ئۈستىدىن نازا-
رەتچى قىلىپ تەيىنلىدى.

ئىشلارنىڭ ئورۇندىلىشى بىر خىل كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن
ئۇ ئالىيلىرىنىڭ زۇھالدەك يۈكسەك ھىممىتى، ئىلگىرى ھايات
ھادىسىلىرىنىڭ قارشى چىقىشى تۈپەيلى ئۇ دىيارنىڭ ئەھۋالىدا
يۈز بەرگەن پېشكەللىكلەرگە ئۆز ئېتىبارىنى قاراتتى. مەرھەمەت
ۋە رەھىمدىللىك مەيىن شامىلى ھەقىقەت ۋە ئادالەت شامىلى
چىقىدىغان تەرەپتىن چىقىشقا باشلىدى. ئىنئامىنىڭ بۇلۇتى ئادەت-
تىكى بۇلۇتنىڭ ئىنئامىدەك بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنىڭ ئۈمىد
ئېكىنزارىغا يامغۇر ياغدۇرۇشقا باشلىدى. (نەتىجىدە) تېز ئارىدا
سەمەرقەند ئۇ دىنپەرۋەر جاھان ھاكىمىنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ۋە
ئادالىتى بەختىگە، ناھايىتى ئاۋاتلىقىدىن ئاھالە ۋە ياشىغۇچىلار-
نىڭ كۆپلىكىدىن، دۇنيانىڭ ئەتراپ ۋە چەتلىرىدىن كېلىپ - كەتكۈچى-
لەرنىڭ قاتىلاڭچىلىقىدىن شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇنىڭ داڭقىدىن
شۆھرىتى مىسىر[466]نى ئارقىدا قالدۇردى. چۈنكى سىلەر (ئۇنى) سو-
رىماي قويىدۇڭلار[467]، دېيىلگىنىدەك، مىسىر ھەسەت لىباسىنى
نىل (دەرياسىغا) ئاتتى؛ باغدادنى جەننەتنىڭ نامى بىلەن «دا-
رۇسسالام» دەپ ئاتىسىمۇ، ھەسەت ۋە قىزغىنىش (بىلەن تۆك-
كەن) كۆز يېشىدىن چىرايىدا ئۈزلۈكسىز سەل ئاقاتتى[468].

ئۇيغۇر كىتاب تورىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

(بېيىت)

سەمەرقەند (ھۆسنىگە) ھەسەت قىلغاچقا،
باغدادنىڭ كۆز يېشى بولدى دىجلە.

(مەلۇمكى)، ساھىبقىران ئالىيلىرى بەلخكە كېتىۋاتقىنىدا، ئەمىر مۇسا يولدا قەبىلەرچە ھۇمايۇن مەۋكەبدىن (پادىشاھقا خاس قوشۇندىن) باش تارتىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى ئاڭلاپ، قېچىپ تۈركىستان[469] تەرەپكە كەتكەنىدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى جەڭگى قەۋچىنىنى ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ يېتىپ بارغاندا جاڭجال ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. ئەمىر مۇسا يېڭىلىپ قېچىپ يەنگى[470] ئارقىلىق يۇقىرىغا كېتىپ يايلاق ۋە تاغلىقلاردا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنىدى. ئىككىنچى قېتىم ئەمىر ھۇسەيىننىڭ بۇرادىرى ئەمىر قىزىلغاچ قەتئىي پەرمانغا بىنائەن بىر گۇرۇھ بىلەن يولغا چىقتى. ئەمىر مۇسا ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان يەنە قېچىپ كەتتى. ئەمىر قىزىلغاچ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، بىراق يېتىشەلمىدى. ئەمىر مۇسا ئۆزىنىڭ ئىككى ھەرىمى[471] بىلەن جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ شىبىرغانغا زىندا ھاشىمنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى. (ئۇ يەردە) پىتنە ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش يولىغا ئۆتتى، بۇ ئىشتا شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، زىندا ھاشىم گوياكى ھايات ئەمەس ئىدى ۋە بارلىق قول ئاستىدىكىلىرى باشقىلارنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

(بېيىت)

يامان سۆھبەتتىن يامانغا ھەمسۆھبەت بولغان يامانىراق،
بۇ سۆز مەزمۇنىنى چۈشەنگەي كىمكى بولسا داناراق.

# ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئىقبال ۋە بەختىيار چېغىدا قۇرۇلتاي (چاقىرغانلىقى)

شۇ يىلىنىڭ[472] تىر ئېيى[473]دا جاھانگىر ساھىبقىران ئالىيلىرى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن ئۆلكىلەر ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى يىغىلسۇن دەپ بۇيرىدى. پەرمانغا بىنائەن ھەممەيلەن ئىقبال ۋە دۆلەت، زەپەر ۋە نۇسرەتكە ئوخشاش ئالەم پاناھىنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ توپلاندى.

## (نەزم)

ئەتراپتىن شاھلار ۋە كاتتىباشلار،
كېلىشتى ساھىبقىران ھۇزۇرىغا.

پەقەت مۇھەممەد خوجا ئەپەردىنىڭ ئوغلى زىندا ھاشىم كەلمىدى. ئۇنىڭ دۆلىتى كەينىگە قايتقانلىقى ئۇچۇن بەختتىن يۈز ئۆرىگەندى. ئۇ ئالىيلىرى (ئۇنىڭغا) ئىسيان كۆتۈرۈش گۇناھكارى (بولۇپ قالدىغانلىقىنى ئېيتىپ) قورقۇتسۇن ۋە قۇرۇلتايغا ئېلىپ كەلسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ: «ئەگەر ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش تەرەپتە بولساڭ، تېزلىك بىلەن سەلتەنەت پاناھگاھىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشكە ئالدىرىشىڭ كېرەك» دەپ تايىنلانغان سۆزلەرنى يەتكۈزدى. زىندا ھاشىم خۇشامەتچىلىك تىلىنى سوزۇپ دېدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(نەزم)

مەن پەرمان قۇلىدۇرمەن، خاھ چىللىسۇن، خاھ قوغلىسۇن،
قىلىچ، كېپەن ئالقىنىمدا، گەر خالىسا ئۆلتۈرسۇن.

ئۇ ئەلچىنى ھۆرمەت ـ ئىززەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۆزى كەينىدىن يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتۇردى. بىراق ۋەدىگە ۋاپا قىلمىدى. ئۇ يەردىن بىر كىشى كېلىپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاساسىدا زىندا ھاشىمنىڭ ئېنىق بويسۇنۇشىنىڭ چوڭ يولدىن قايتقانلىقىنى يەتكۈزدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇنراق، ئەمىر ھۇسەيىنگە قارشى باش كۆتۈرگەن ئەمىر پىرىمشاھ ئەرلات ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تىلانچى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ غەلىبىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ شاد ـ خۇرام بولۇپ، خۇراسان تەرەپتىن ئىتائەت ۋە ساداقەت يۈزىنى سەلتەنەت پاناھگاھىغا قاراتتى. بۇنى بىلىپ قالغان زىندا ھاشىم ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، بەزمە ۋە ئىشرەت تەييارلىقلىرى (سوۋغاتلار، شاراب ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر) نى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، دەلبە يايلاق مەھەللىسىدە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. شاراب تازا كەيپ قىلغاندا، ئاتا ـ بالىنى تۇتۇپ، ئاياغلىرىنى كىشەنلىدى ۋە ئۆز بۇرادىرى پىرمۇھەممەدگە تاپشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا قاراپ: «ئۇلارنى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سارىيىغا ئېلىپ بارغىن» دېدى. (لېكىن) يوشۇرۇنچە ئۇلارنى يوق قىلىش ھەققىدە بۇرادىرى بىلەن كېلىشىپ قويغانىدى. پىرمۇھەممەد ئىككىلىسىنى يېرىم كۈنلۈك يولغا ئېلىپ بېرىپ، كېچىسى ئۆلتۈرۈپ، شۇ كېچىلا بۇرادىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ رايى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندا ئەمىر ئۇلجايتۇغا: «ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۆز قېرىندىشىڭغا

كايىپ نەسھەت قىلغىن ۋە (بۇ يەرگە) ئېلىپ كەل. ھايات كۆچىتى قەھر ـ غەزەپىنىڭ ئازغۇن (شاملى) نىڭ تەۋرىتىشى نەتىجىسىدە يىلتىزىدىن ئۆرۈلمىسۇن» دېدى. كۆپنى كۆرگەن بوۋاي ئۆز قېرىندىشىنى ياخشى بىلەتتى. (شۇڭا) ئۆزۈر تىلى بىلەن: «مەن قورقىمەنكى، ئۇنىڭغا نەسھەتنىڭ پايدىسى يوق ۋە مەن ئىككى ئارىدا ئۇياتتا قالىمەن. ئەگەر ئالىي رايى رازىلىق بەرسە، ئوغلۇم خوجا يۆسۈپ بۇ ئىشنى ئورۇنداشقا خىزمەت كەمىرىنى باغلىغاي» دېدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭ ئۆز- رىسىنى ماقۇل كۆرۈپ، زىندا ھاشىمنى توغرا يولغا باشلاپ ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن تابان باھادىر ۋە خوجا يۆسۈپنى ئەۋەتتى. ئۇلار شىبىرغانغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ ئاقىۋەتنى ئويلىمايدىغان ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ قاماپ قويدى.

## ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ شىبىرغانغا قوشۇن تارتقانلىقى

ساھىبقىران ئالىيلىرى زىندا ھاشىمنىڭ جۈرئەت قىلىپ شۇنداق ئىشنى قىلغىنىدىن ۋە ھېيىقمىغىنىدىن خەۋەر تېپىپ، غەزەپ ئوتى ئۇنىڭ غۇرۇر ئوچىقىدىن پادىشاھلارغا خاس شەكىلدە يالقۇنلاشقا باشلىدى ۋە پۈتۈن لەشكىرى بىلەن كېشدىن ئۇنىڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. پادىشاھلىق تۇغىنى تەڭرى مەدىتىنىڭ مەششاتىسى[474] ياسىتىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئارتىپ بارىدىغان دۆلەت قولىنى ساماۋىي تەستىق تۇمارى بىلەن بېزىگەنىدى. ئۇ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شىبىرغان تۈپرىقى غالىب قوشۇن- نىڭ ئۈچقۇر ئاتلىرى (ئايىغى) نىڭ تاقىسىنى سۆيۈش شەرىپىگە (مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن) بېشى ئاسمانغا يەتتى. زىندا ھاشىم شۇ يەردىكى قەلئەگە، يەنى «شاھنامە» دە سەفىددىز دەپ ئەسلى- تىلگەن يەرگە قامىلىۋالدى. ئۇ خاتا رايىنىڭ يۈزىنى توغرا

يولدىن بۇراپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىسىنى شۇ مۇستەھكەم قورغانغا تىرىدى.

(بېيىت)

بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئۇچلىرى،
ئېگىزلىكى خىجالەت قىلار يۇلتۇزنى.

سەيناسى تۇرغۇن يۇلتۇز[475] قورغىنى كەبى،
پەلەك گۇمبىزىگە يېتىدۇ ئۇنىڭكى تېمى.

پەلەكتەك شانۇ - شۆھرەتلىك لەشكەرلەر چۇقان سېلىشىپ بۇنداق قورغاننىڭ قەلئە (سېپىلىگە) تەرەپ - تەرەپتىن (يوپۇرىلىپ)، گۇمبۇرلىتىپ دۇمباق چېلىشقا باشلىدى. ناغرا - سۇناي شاۋقۇنىدىن ۋە جەڭگىۋار باتۇرلارنىڭ نەرىسى بىلەن چۇقان - سۈرەندىن ئاسمان - زېمىن خۇددى بوراندا تەۋرىنىۋاتقان دەرەخلەردەك لەرزىگە كەلدى. زىندا ھاشىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرەت تۇتۇنى مېڭىسىگە ئۇردى. چىدام ۋە بەرداشلىق خامىنىغا قورقۇنچ ۋە ساراسىملىق ئوتى چۈشتى ۋە بىردىنبىر چارە ئامالسىزلىق ۋە مىسكىنلىك قولى بىلەن يېلىنىپ يالۋۇرۇش ئېتەكىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئەمىر ئۇلجايتۇدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا تايانماقچى بولدى. دەرھەقىقەت،

(بېيىت)

خاتا قىلغان ئۆزرە ئېيتىشى بەرقارار،
توۋا قىلىپ ئادەم ئاتا تاپتى ئېتىبار[476].

ئەمىر ئۇلجايتۇ قىسمەت سەلتەنىتى قۇبۇلخانىسىدا يىغلاپ - يالۋۇرۇپ: «زىندا ھاشىم ئايرىلغانلىق گۇناھى ئۈچۈن ئەپسۇس -

نادامەت دائىرىسىگە قەدەم قويغانلىقى، نادانلىقى ۋە جىنايەتكارلىقىدىن پۇشايمان ئىكەنلىكى سەۋەبلىك (ئۇنىڭغا نىسبەتەن) كەچۈرۈش ۋە گۇناھىدىن ئۆتۈش ئىمزاسى قويۇلسا، ھەمدە غالىب قوشۇن سائادەت بىلەن قايتىۋەرسە، مەۋجۇت ۋەھىمە ۋە دەھشەت بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇ خىزمەتكارلىق ۋە بويسۇنۇش ئۈچۈن قىلىچ ۋە كېپەن بىلەن پەلەككە تەك (ئالىي) دەرگاھقا يېتىپ بارغاي ھەمدە باشقا تەۋەلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغاي» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ساھىبقىران ئالىيلىرى «(ئاللانىڭ) مەرھەمىتى سىلەرنىڭ مويسىپىتلىرىڭلارغا (ئەۋەتىلگەن)»[477] دەپ تەكىتلەنگەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئەمىر ئۇلجايتۇنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرۈپ، زىندا ھاشىمنىڭ قېنىدىن كەچتى. زىندا ھاشىم دۇشمەنلىك قىلىچىنى بىلىگەن ئەمىر مۇسانى (ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئالدىمىغا ئۇچقانىدى) (قورغاندىن) ئېلىپ چىقىپ (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ مۇلازىملىرىغا تاپشۇردى. ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئىسلامنى پادىشاھ قوشۇنى خىزمىتىگە ئەۋەتتى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئايغىنى قايتىش ئۆزەڭگىسىگە قويۇپ، قوشۇنغا ئۆز ئورنىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇ غەلىبە بىلەن شەھرىسەبزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئىقبال قارارگاھىغا قوندى. ئەمىر مۇسانىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقلىرى نەقىشلىرىنى گۇناھنى كۆيدۈرگۈچى ئەپۇ سۈيى بىلەن يۇيۇۋېتىپ، شاھانە ئىلتىپات ھامىيسى ئۇنى ئەركىلىتىش ۋە ئەزىزلەشكە باشلىدى؛ ئۇنىڭغا ئاتاپ توي بېرىپ، ئىسىل تونلار بىلەن ھۆرمىتىنى قىلدى. ۋىلايەت ۋە ئەلىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ، تولۇق مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكۈزدى. شەك ـ شۈبھىسىز،

(بېيىت)

(بۇ) پادىشاھ دەۋرىگىچە ئەزەل زاماندىن،
ئۇلۇغلاردىن كەچۈرۈم بولغان، گۇناھ ئاجىزدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ تىرمىز ۋە بەلخكە قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى

ئىلگىرىدىن قازا زىندا ھاشىمنىڭ قىسمىتى سەھىپىسىگە ئاقىۋەت رەقىمى ۋە ئىمزاسىنى قويغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە كۆرسەتكەن مەرھەمەتلەرگە قارىماي، يەنە مەغرۇرلۇق ۋەسۋەسىسى ئۇنى تىنچ ـ ئامانلىق يولىدىن ئازدۇردى. ئۇ جاسارەت ئايغىنى بويسۇنۇش يۆنىلىشىدىن چەتكە باستى. كالتا پەملىكىدىن ئارزۇ تىزگىنىنى خىيال قولىغا تاپشۇردى. قىزىقى شۇنىڭدىكى، خانزادە ئەبۇل مەئالىيمۇ گەرچە ھايات ئۇنىڭغا مىڭ تىل بىلەن: «زىنھار بۇنداق قىلمىغىن پۇشايمان بولۇرسەن» دەپ قايتا يەتكۈزگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا (زىندا ھاشىمغا) قوشۇلدى.

كىشىگە گۇمراھلىق* غالىب كەلسە،
سەۋەب بولار ئۇنىڭ ھالاكىتىگە.

(ئىككىيلەن) بىرلىشىپ بەلخ ۋە تىرمىز ئۇلۇسىنى بۇلاپ تالىدى. ئۇلار تەرەپتىن يۈز بەرگەن مەزكۇر خاتا تەدبىر ھەققىدىكى خەۋەر نۇرلىرى ئالىيلىرىنىڭ يارقىن كۆڭلىگە چۈشۈپ، خىتاي باھادىر ۋە ئەرغۇنشاھ بۇدالىغىينى بىر قىسىم لەشكەر بىلەن ماڭلاي شەكلىدە ئەۋەتتى.

---

* گۇمراھلىق — ھەق يولدىن ئېزىش. — ت

(بېيىت)

ھەممىسى كۆڭلى شاد، (قولدا) جەڭ سازى بار،
جاھاننى ئۆرتىگۈچى نومۇسلۇق، داڭدار.

ھەممىسى جەڭگىۋار، نەيزە سانجىغۇچىلار،
جەڭگاھ بوسۇغىسىدىن ئۆرۈش ئىزدىگۈچىلەر.

ئىستىكى ئۇلارنىڭ تاج ۋە ئالتۇن كەمەر،
ئالتۇن تەخت ئۈستىدە شاھنى يىقىتار[478].

(بۇ قوشۇنغا) ئۇلارنىڭ پىتنە ـ پاساتىنى باستۇرۇپ، مەردلىك ۋە جاسارەت كۆرسەتسۇن، پەرۋەردىگارنىڭ ئامانىتى بولغان پۇقرانىڭ ئەھۋالى ئېتىكىنى زالىم زوراۋانلارنىڭ سانجىلىدىغان تىكەنلىرىدىن ئاسرىسۇن دەپ بۇيرىدى.

ئەمىرلەر غالىب قوشۇن بىلەن تېرمىزگە يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇ تەرەپتىكى ئاھالە ئامويا دەرياسىغا كېمىلەردىن كۆۋرۈك باغلىغانىدى. (بىراق)، بىر توپ دۈشمەنلەر كېچىدە قېچىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ۋە كۆۋرۈكنى نېرىقى تەرەپتىن بۇزغانىدى. دۈشمەنلەر غالىب قوشۇننىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەن چىرايى تاتىرىپ، قورقۇنچقا چۈشۈپ قېچىشقا باشلىدى. جان ۋەھىمىسىدىگە چۈشۈپ (ئاتلارنىڭ) تىزگىنىنى كۆۋرۈك تەرەپكە بۇرىدى ۋە كېچىدە بولغان ئەھۋالدىن غاپىل ھالدا كۆۋرۈككە يېتىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ نېرىقى قىسمى بۇزۇلۇپ ياتقىنىنى كۆردى. غالىب قوشۇن باتۇرلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، (تەڭرى) مەدەت بەرگەن قوللىرى بىلەن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى ۋە ئۇ

كۆنى تۆگىگەنلەرگە

(بېيىت)

ئالدىدا دېڭىز (دەك) سۇ كەينىدىن ئوق،
ئەجەل كەلمەكتىكى، جان تىترەر قورقۇپ.

شەپقەتتىن ئۈمىد يوق يا ئىستەك جەڭگە،
قېچىشقا يول يوق ھەم قېلىش بۇ يەردە.

ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى قىلىچ زەربىسىدىن ھالاك بولدى. كۆپىنچىسى سۇغا يىقىلىپ، جېنىدىن جۇدا بولدى. پەقەت بىر ئاز كىشى، ئېنىقراقى ئوندىن بىر قىسمىدىنمۇ ئازراقى ئىنتايىن ئازابلار بىلەن قىرغاقتا چىقىۋالدى. زىندا ھاشىم قېچىپ شىبىرغانغا كىرىۋالدى ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، ساقلاپ قېلىش (ئۇ-چۇن) دۈمبىسىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدا (گوياكى) قورغان تېمىغا يۆلىۋالدى.

## جاھانگىر ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر جاكۇنى شىبىرغاننى قامال قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكى

ساھىبقىران ئالىيلىرى زىندا ھاشىمنىڭ شىبىرغان قەلئەسىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەمىر جاكۇنى ئۇ يەرنى قامال قىلىشقا تەيىنلىدى. ئۇلار قوشۇن بىلەن سۇدىن ئۆتۈپ شىبىرغان قورغىنىنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالدى ۋە قامال قىلىش قائىدىسى بىلەن قورغاننى چۆرىدەپ ئورۇنلىشىپ قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. زىندا ھاشىم گويا تۆشۈكتە قالغان

يىلاندەك بېشىنى تاشقىرىغا چىقىرالمىدى.
باھارنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنى يېتىپ كەلگەچ،

## (بېيىت)

چىمەن كېلىنلىرى تاشلاپ نەزەر،
ياغاچ ئىشكلەردىن چىقىرىشتى باش.

زىندا ھاشىم ئىلگىرىدىن ئەمىر جاكۇ بىلەن دوست بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ، قەلئەدىن چىقىپ كەلدى؛ ئاجىزلىق ۋە مەجبۇرلۇق قولىنى ئۇنىڭ قوغداش ئېتىكىگە مەھكەملەپ، خىجالەت بېشىنى نادامەت ياقىسىدىن چىقاردى ۋە ئۆزۈر ـ توۋا ئايىغىدا تىك تۇردى. ئەمىر جاكۇ ئۇنى (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتى خۇشخەۋىرى بىلەن ئۇمىدۋار قىلىپ ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئالەم پاناھىنىڭ دەرگاھىغا يول ئالدى.

ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەمىرلەر بۇ ھەقتە ساھىبقىران ئالىيلىرىغا خەۋەر يەتكۈزدى. زىندا ھاشىم يېتىپ كېلىشى بىلەن بارلىق ئەمىرلەر ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەمىر جاكۇ ئەمىرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ئۇلۇغ ئالىيلىرىنىڭ زىلچىسىنى سۆيۈش شەرىپىگە ئېرىشىشكە مۇيەسسەر قىلدى ۋە شاھانە مەرھەمەتتىن ئۇنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتۈشنى تىلىدى. ساھىبقىراننىڭ ئەپۇ تىلى ئۇنىڭغا مەرھەمەت كۆرسىتىپ خىتاب قىلدى: «بىز سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتۈپ، قېنىڭدىن كەچتۇق. سەنمۇ ئۆز جېنىڭغا رەھىم قىل ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر سەۋدانى خىيالىڭغا كەلتۈرمە. چۈنكى دۆلەت ‹ئۆز رەھمىتىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ›[479] (دېگەن ئايەت) دۆلەت خانىسىدىن بىر تون بولۇپ، ئۇنى ئۆزلىرى خالىـ

www.uyghurkitap.com

غان كىشىگە كېيدۇرىدۇ ۋە ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولى قانچىلىك تىرىشمىسۇن، ئۇنىڭ ئېتىكىگە يەتمەيدۇ».

(بېيىت)

ئۇلۇغلۇق تاجىغا ئېرىشۇەرمەس ھەرقانداق باش،
جاھان سەرسانىدۇرسەن، بولمىساڭ تەقدىرگە يولداش.

زىندا ھاشىم ئامانلىق كۆلاھى بىلەن بېشىنى پالاكەتتىن (قۇتقۇزۇپ)، قولىقىنى پەند ـ نەسىھەت ھالقىسى بىلەن بېزەگەچكە، ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ ھەر خىل سوۋغاتلار ۋە رىغبەتلەندۈرگۈچى نەرسىلەر: ئالتۇن كەمەر، ئۇچقۇر ئات، نۇرغۇن تۆگە ۋە قېچىر، سان ـ ساناقسىز قوي ھەدىيە قىلدى. مەرتىۋىسىنى ئاشۇردى ۋە ئۇ خىزمەت قىلىش كەمىرىنى باغلاپ، مۇلازىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

## ھۇمايۇن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتەگە يۈرۈش قىلغانلىقى

772 (1370 ـ 1371) ـ يىلى، يەنى توڭگۇز يىلى ساھىبقىران ئالىيلىرى جەتەگە يۈرۈش قىلىشنى ئۆز ئالىي ھىممىتى ئۈچۈن مەقسەت قىلدى.

(نەزم)

غەلىبە ئالدىدا ماڭغۇچى قوشۇنغا،
ئالىي ھاكىم ئۆزى پاناھ.

يولغا ئاتلاندى سائادەت بىلەن،
زەپەر تىزگىندە ھەق مەدىتى بىلەن.

(ئۇ ئالىيلىرى) سەيھۇندىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۇمزە ۋە ئورۇڭ تۆمۈر ئەل بولۇپ، بويسۇنۇش ۋە خىزمەتكارلىق ھالقىسىنى ئىتائەت قىلىش قۇلىقىغا سالدى. ئۇ ئەل ۋە ئۇلۇس (ساھىبقىران) ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ئىختىيارى ۋە ھۆكۈمىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن بەختلىك ساھىبقىران كېيەك تۆمۈرنى ئۇ يەرنى ئىگىلەش ۋە باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى.

(بېيىت)

غەلىبە يېقىنلاپ باراتتى بەختىيار،
تەڭرى ئىجازىتىنىڭ مەدىتى ئاڭا مەدەتكار.

ئاندىن سەلتەنەت پايتەختى ۋە خەلىپىلىك تەختكە قايتىپ كەلدى.

شۇ چاغلاردا كېيەك تۆمۈرنىڭ نانكورلۇق قىلىپ، جاسارەت قەدىمى بىلەن باش تارتىش ۋە دۈشمەنلىك يولىغا قەدەم قويغانلىقى خەۋىرى يېتىپ كەلدى. (بىر چاغلاردا) تاشكەنتتە ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قورساق كۆپىكى قىلىپ ئىستەك تىلىدىن ئۆتكىنىگە ئاساسەن، بەھرام جەلايىر ئەمدىلىكتە جاھان پاناھى دەرگاھىنىڭ بەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، زوھالغا تەڭلەشكۈچى تەختگاھ مۇلازىملىقىغا قاتناشقانىدى. ئۇ (بەھرام جەلايىر)، ئەمىر ئابباس، خىتاي باھادىر ۋە شەيخ ئەلى باھادىرلار كېيەك تۆمۈر بىلەن جەڭ قىلىشقا يول ئالسۇن، ئۇنىڭ ئىسيان ۋە توپىلاڭ ئوتىنى جان ئالغۇچى قىلىچ سۈيى بىلەن ئۆچۈرسۇن دېگەن جاھاننى بويسۇنغۇچى پەرمان چۈشۈرۈلدى. ئەمىرلەر ۋە

باتۇرلار بۆيرۇققا بويسۇنۇپ، تېزلىك بىلەن شىجائەت يۈزلىرىنى يولغا قاراتتى.

ئۇلار دۈشمەن ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، ھەر ئىككى تەرەپ يۈزمۇيۈز سەپ تارتتى. بەھرام جەلايىرنىڭ كىشىلىرى، سەدا ئەمىرى تېزەكچى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولدى، بەھرام بۇنى سېزىپ قالدى ۋە ئۆزى بىلەن ھەمراھ ئەمىرلەرنى ئارىغا قويۇپ، ئېھتىيات چارىسىنى كۆردى. ئۇلار مۆلچەرگە ئالغان ئوق مەقسەت نىشانىغا تەگمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تارتىپ تۇرغان بىر چاغدا، خىتاي باھادىر شەيخ ئەلى باھادىرغا ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىكى ئېھتىيات شەرتلىرى ھەققىدە سۆز قىلىغانىدى، شەيخ ئەلى ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى. خىتاي باھادىر سۆزلىرىمنى پالۋان يامان نىيەت بىلەن ئېيتقان دەپ چۈشەنگەندەكەن دېگەن ئويغا كەلدى. غەزىپى ئوت ئېلىپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئايىشەخاتۇن سېپىدىن (كېچىپ) ئۆتۈپ، ئۆزى يالغۇز دۈشمەنلەر سېپىگە ئېتىلىپ، ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنى يىقىتتى. ئۇلار كۆپچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن شەيخ ئەلى باھادىرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە خىتاي باھادىرنى ئىلتىماس بىلەن ياۋ ئارىسىدىن چىقىرىۋالدى. ئىككىيلەن ساق ـ سالامەت ئۆز قوشۇنلىرىغا كېلىپ قوشۇلدى. يۈز بەرگەن مانا شۇنداق ئاجايىپ ئىشلار ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ (پەرۋەردىگار) تەستىقلىگەن دۆلىتىنىڭ كەچمىشىدىن باشقىسىدا بولالمايتتى. «بۇنداق ئىشلارنى بەخت يار بولمىسا قىلغىلى بولمايدۇ». ئەمىرلەر شۇ سايىنىڭ بويىدا دۈشمەنلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ قايتىپ كەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ، بەھرامغا يامانلىق قىلماقچى بولغان جەلايىرنىڭ كىشىلىرىدىن بىر توپنى ياساققا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار سائادەت بىلەن يەر سۆيۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغىنىدىن كېيىن، ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ كېلىشىم تۈزگەنلىكى ۋە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن دەرغەزەپ بولدى.

# ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ جەتەگە ئىككىنچى قېتىم قوشۇن تارتقانلىقى

دەرھەقىقەت، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ھەرىكەتچان (كىشى) لەر-نى ياقتۇرىدۇ ۋە سۆزىدە تۇرمايدىغانلارنى ناھايىتى يامان كۆرى-دۇ[480]، دېيىلگىنىگە ئاساسەن، ئامەتلىك ساھىبقىراننىڭ يۈك-سەك ھىممىتى قايسىبىر ئىشقا كىرىشسە، ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈز-مىگىچە كۆڭلى تىنچىمايتتى. ئەمىرلەر رەقىبلەرگە نىسبەتەن قىلغان رەھىمدىللىكتىن قەتئىيلىك ۋە جەڭ مەيدانى سۇلھى تۈ-زۈلۈشىدىن ۋەيران بولدى. چۈنكى،

(نەزم)

تۈلكە بىر ئىتتۇر، جەڭنى بەرباد قىلار،
جەڭ يوقىتىش ئۈچۈن شىر بىلەن سۇلھى تۈزەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى ئۇ تەرەپكە (يۈرۈش قىلىشقا) قارار قىلىپ، لەشكەر توپلاش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە پادىشاھ يارلى-قى چۈشۈردى. ئەتراپتىكى غالىب لەشكەرلەر ھەرىكەتكە كەلدى.

(نەزم)

شاھ دەرگاھىغا توپلاندى قوشۇنلار،
غەلىبىگە پاناھ زور جەڭگىۋارلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

چۆل قۇمىدىن ئارتۇق ئۇنىڭ سانى،
جەڭدە شىردەك ئۇۋلار دۇشمىنى — ياۋنى.

گۈلدۈرلىگەن بۇلۇت كەبى بىر قوشۇن،
ئۇرۇشقاندا كەسكىن قىلىچتەك گويا.

شاد بولۇپ شاھ ئەۋەتتى لەشكىرىنى،
ئەسلىتەر دەرەخ ياپرىقى، چۆل قۇمىنى.

ھەرىكەتكە كەلگەندە قوشۇنى بىردىن،
تاغمۇ ئېرىپ كەتتى ئۇنىڭ تەپتىدىن.

زەپەر بەلگىلىك تۇغ سائادەت بىلەن سايرام ۋە يەنگىدىن ئۆتكەندە، ئۇ ئالىيلىرى (مۇھەممەد) مۇستاپا ئەۋلادىغا بولغان (ئۇنىڭغا ۋە ئۇلارغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى بولغاي) ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ شاراپىتى تۈپەيلى، «غەلىبە بىلەن قورقۇش يۈرۈشتە مەلۇم بولىدۇ»[481] دېيىلگىنىنىڭ كارامىتىدىن بەھرىمەن بولدى ۋە ياۋ قوشۇنلىرى ئۇ ئالىيلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنىڭ ئۆزىدىنلا قېچىپ تارقىلىپ كەتتى. بەختىيار ساھىبقىران سانسىز لەشكەر بىلەن سەنكە ياغاچ مەھەللىسىگىچە باردى. غالىب قوشۇن ئەسىرلەر ۋە نۇرغۇن بايلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. غەلىبە ئايىتى (يېزىلغان) تۇغ سانسىز قىممەتلىك ئولجىلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ مۇھاپىزىتىدە قايتتى.

ئادۇن قوزى مەھەللىسىدە ئەمىرمۇسا بىلەن زىندا ھاشىم ئىلگىرى ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارغا نەچچە قېتىم ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەر قىلغانلىقىغا قارىماي، يەنە ھىيلە ـ مىكىر ۋە خىيانەت قىلىش ئويىغا چۈشتى. ئۇلار خىزىر ياسەۋۇرىينىڭ

ئوغلى ئەبۇئىسھاق بىلەن شۇ توغرىدا مەسلىھەت قىلىپ، ساھىب-قىران ئالىيلىرى قەراسمان مەھەللىسى[482] گە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنى شىكار قىلىۋاتقان چېغىدا ھىيلە بىلەن تۇتۇۋېلىشقا ئەھدە ـ پەيمان قىلدى ۋە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچتى؛ ۋاھالەنكى، ئەقىل ئۇلار-نىڭ بۇ خام خىيالىغا كۈلەتتى.

(بېيىت)

كالتا پەملىك قىلما، غۇرۇرلۇق ئارسلان،
تۈلكە ئويۇنىدىن بولمىغاي نىمجان.

ئىلگىرى ئۇ ئالىيلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىش ھەققىدە ئۆزئارا سۆز قىلىشقان خانزادە ئەبۇل مەئالىي تېرمىزىي ۋە شەيخ ئەبۇل لەيس سەمەرقەندىمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. بۇنىڭدىن خەۋەردار بول-غان بىر كىشى يۈز بەرگەن ئەھۋال ھەققىدە ئەرز قەلىمى بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ ئوچۇق كۆڭلى سەھىپىسىگە يازغان-دى، ئۇلارنى سوراققا ئېلىپ كېلىشكە قەتئىي پەرمان بېرىلدى ۋە ھەممىسىنى يۈزلەشتۈرگەن ھالدا تىزلاندۇرۇپ سوراق قىل-دى. ھەممىسىنىڭ ئىسيان ۋە خىيانەت قىلماقچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مەھدى ئۇليا ساراي مۈلك خانىم ئەمىر مۇسانىڭ جيەنى بولغانلىقى ھەمدە ئىپپەت ـ نومۇس پەردىسىدىكى ئاكا بېگى ئۇنىڭ ئوغلىغا بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ساھىبقىران ئالىي-لىرى ئۇنىڭغا قاراپ: «سەندىن ناھايىتى چوڭ گۇناھ سادىر بولغان، بىراق ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا قېرىنداشلىق بار. (شۇ ۋەجىدىن) ئۇنى ئەپۇ قىلدىم ۋە ئىنتىقام ئېلىشتىن كەچتۇق» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

(نەزم)

ئاق ساقلىلىك، قېرىنداشلىق ھۆرمىتى،
ساڭا ھايات ئۇمىدى بەخش ئەتتى.

بولمىسا شۇم خىيالىڭ ئۈچۈن بۇئان،
بېشىڭنى چېپىشقا قىلاتتىم پەرمان.

خانزادىغا شۇنداق دېدى: «نەسەبىڭ شەجەرىسى (مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەھلى بەيتىگە (ئۇنىڭغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى بولغاي) ئۇلانغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقاچان بىرەر زەخمەت غۇبارى سېنىڭ ھاياتىڭ ئېتىكىگە قونۇشىنى راۋا كۆرمىسۇن، (لېكىن) سەن نالايىق ئىشلارنى تاشلىمىدىڭ، مەسلىھەت شۇكى، بۇ ۋىلايەتتىن چىقىپ كەتكىن». شەيخ ئەبۇل لەيسىگە ھىجاز سەپىرى[483] گە چىقىشنى بۇيرىدى. ئۇ خىزىر ياسەۋۇرىنىڭ ئوغلى ئەمىر سەيفىددىننىڭ خوتۇنىنىڭ بۇرادىرى بولغانلىقى ئۈچۈن شاپائىتى ۋە ئىلتىماسى بىلەن گۇناھى كەچۈرۈلدى ۋە پالاكەتتىن قۇتۇلدى. گۇناھلىرىنىڭ ئىزلىرى شاھانە مەرھەمەتلەر سۈيى بىلەن يۇيۇلدى. بويسۇنۇش شەرت بولغان يارلىققا ئاساسەن زىندا ھاشىمنى كىشەنلەپ، سەمەرقەندگە ئېلىپ كەتتى ۋە قاماقتا ساقلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قۇتۇلۇش يولى توسۇلغانىدى.

(بېيىت)

دۈشمەن ئۆلتۈرۈلگىنى ياكى قامالغىنى ياخشى،
غەزەپ بىلەن يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلانغىنى ياخشى.

تار توساقنى ئاچقۇچى ۋە توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى، يىراق-نى كۆرەلەيدىغان ئەقىل كۆزىدىن چەتتە قالمىسۇنكى، يىلاننى يانچۇقتا سىلىغۇچىلىق ۋە دۇشمەننى دوست دەپ بىلىش ھوشيارلىق ۋە ئاقىۋەتنى ئويلاشتىن يىراقتۇر.

## (بېيىت)

تاشلىماس بۆرى يىرتقۇچلىقنى،
چاقمىغىچە تاكى ئۇنىڭ چىشىنى.

تاشلىمغاي يىلان ئەسلا چېقىشنى،
يەنجىپ تاشلىمىغىچە تاكى بېشىنى.

ساھىبقىران ئالىيلىرى ئەبەدىيلىككە تۇتاش سەلتەنەت تەخ-تىنىڭ قارارگاھى بولغان سەمەرقەندگە قايتىپ، ئىقبال ۋە سائا-دەت بىلەن ئورۇنلاشقاندىن كېيىن شىبىرغان ھاكىمىيىتى ۋە زىندا ھاشىمنىڭ ئورنىنى ئاقبۇغانىڭ ئوغلى بايان تۆمۈرگە بەردى.

## (نەزم)

بەختى كېلىپ قىسقا پەيتتە يەر يۈزىنى،
تارتىۋېلىپ خىسراۋلاردىن قوللارغا بەردى.

www.uyghurkitap.com

# ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ خارەزم ۋالىيسى ھۈسەيىن سوپى ھۆزۈرىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى

ساھىبقىران ئالىيلىرى تەڭرى خاھىشىنىڭ ياردىمىدە مەم- لىكەتنى رەقىبلەر ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىستىلاسى چاڭگىلىدىن ئا- زاد قىلغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئۇلۇسىنى ئىلكىگە ئېلىش ۋە (مەلۇم) تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى.

بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيان كات[484] بىلەن خىۋاقنى خارەزم ۋالىيسى قونغىرات ئايمىقىدىن تەنگەداينىڭ ئوغلى ھۈسەيىن سوپى ئىگىلەپ تۇردى. پادىشاھلىق ھىممىتى ئىلتىپات سايىسىنى ئۇ ئەھۋال ئۈستىگە تاشلاپ، ئەلقە تاۋاجى[485]نى بىر توپ (كىشىلەر بىلەن) ئۇنىڭ ئالدىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇ ئارقىلىق (تۆۋەندىكىچە) خەۋەر يوللىدى: «كات بىلەن خىۋاق چاغاتاي ئۇلۇسىغا تېگىشلىكتۇر. ئۆتكەن چاغلاردا ئۇنى ئىگىسىز كۆ- رۈپ، ئۆز باشقۇرۇشۇڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋاپسەن، ئەمدى لازىمدۇركى، ئۇنى بارلىق تەۋە ۋە تۇتاش (يەرلىرى) بىلەن بىللە بۇ تەرەپ ئەلچىلىرى ئىختىيارىغا قايتۇرغىن. مانا (شۇ ئاساستا) ھەر ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سەمىمىيەت ۋە دوستلۇق يولى ئوچۇق پېتى قالغاي، ئىتتىپاقلىق ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش شەرت ـ شارائىتلىرى يارىتىلغاي». ئەلقە تاۋاجى خارەزمگە يېتىپ بېرىپ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ، خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى بىر نەچچە قېتىم يەتكۈزدى. ھۈسەيىن سوپى بوش مەيداندا ئارزۇ توپىنى قوغلاپ يۈرگەندە، (ساھىبقىران) دۆلىتىنىڭ مەيدانى چەۋەندازلىرىنىڭ

ئەپچىللىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. (شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق) جاۋاب قايتۇردى: «بۇ دىيارلارنى مەن قىلىچ بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى قىلىچ (كۈچى) بىلەن ئىلىشقا توغرا كېلىدۇ».

## (بېيىت)

دۆلەت كېلىنىنىڭ مەھرى[486] كېسىلگەچ قىلىچ بىلەن،
ئۇنى تالاق قىلىش مۇمكىن پەقەت قىلىچ بىلەن.

ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ، ئۇ ئورۇنسىز جاۋاب سەلتەنەت قارارگاھىغا يېتىپ كەلگەندە، شاھانە غۇرۇر ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ئىستىكىنى ئۇ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىگە سالدى. (لېكىن) ئىلىم تەقۋاسىنىڭ موللىقى، ساۋاق ۋە پەتىۋاسىنىڭ پەزىلىتى بىلەن ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى باشقا پەخىرلىك ئىشلار ئۈستىگە بېزەك قىلغان مەۋلانە جالالىدىن كېشىنىڭ (ئۇنى خۇدا رەھمەت قىلغاي) خۇداگۈيلىقى ۋە مۇسۇلمانلىقى بىر كىشىنىڭ غۇرۇرى (قەسىرى) گە پۈتۈن بىر يۇرت ئاھالىسىنىڭ ئىختىلاپ ۋە تەشۋىش مەيدانىغا ئايلىنىشىنى راۋا كۆرمىدى. ئۇ (ساھىبقىران) ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا كېلىپ، دۇئا ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇغاندىن كېيىن، خارەزمگە بېرىش ھەققىدە ئىجازەت سوراپ، ھۇسەيىن سوپىنى ھەر خىل پەند ـ نەسىھەت بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇنى ۋە مېلى تالان ـ تاراج نىشانى بولماسلىقىغا ھەرىكەت قىلىشنى ئېيتتى. ساھىبقىران ئالىيلىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆردى ۋە بېرىشقا رۇخسەت قىلدى.

مەۋلانە جالالىدىن خەيرخاھلىق يۈزىنى خارەزمگە قاراتتى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇھىم (ۋەزىپە) نى رەھىم ـ شەپقەت يولى بىلەن ھەل قىلماق-
چى بولدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، دانىشمەن ئۆلىما ۋە
دىندار پېشىۋالارغا خاس بولغان نەسىھەت ۋە خۇش مۇئامىلىلىك
بىلەن سۆز قىلدى؛ ئىختىلاپنى تۈپتىن بىر تەرەپ قىلىش ۋە
پىتنە ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئايەتلەر ۋە ئىسپاتىغا ھەدىسلەر-
نى كەلتۈردى. ئەمما پەيتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ناتىقنىڭ گەپدان-
لىقى ۋە سۆزگە چېچەنلىكىنىڭ پايدىسى بولمىدى ۋە نەتىجە بەر-
مىدى. «قۇلىقى گاس، ئېسى يوق (ئادەمگە) چىرايلىق گەپ
قىلىشنىڭ پايدىسى نېمە؟» ھۆسەيىن سوپى (ئۇ دېگەن) سۆزلەر-
نى قوبۇل قىلماي، شۇنداق ھەقىقەتچى ئۇلۇغ كىشىنى قاماپ
قويۇشقا جۈرئەت قىلدى. بۇ خەۋەر ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ
قۇلىقىغا يېتىپ كەلگەندە

(نەزم)

بۇيرىدى يىغىلسۇن دەپ ئالەم پاناھى،
مۇبارەك دەرگاھىغا لەشكەر ـ قوشۇننى.

# ئىزاھلار

1. «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە، 26 ـ ئايەت.

2. خەتمەئۇل ئەنبىيا — پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى.

3. سەيىد — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ كىشى.

4. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

5. ئاپتورنىڭ دەسلەپ ئەمىر تۆمۈر، شاھرۇھ ۋە ئىبراھىم سۇلتان سەلتەنەتلىرى تارىخىغا بېغىشلاپ «مۇقەددىمە» ۋە ئۈچ ماقالىدىن تەركىب تاپقان يىرىك ئەسەر يېزىشنى پىلانلىغانلىقى ۋە ھازىرقى مەۋجۇت قىسىم — «زەپەرنامە» ئۇنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى مەتىننىڭ ئاخىرىدا تەكىتلەپ ئۆتۈلگەن.

6. بىر ۋۇجۇدتىن — ئاللانىڭ ئەبەدىي مەۋجۇت زات ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئىبارە (ۋەھدەت ئەل ۋۇجۇد).

7. ئالەم ۋە ئۇنىڭ رەڭگارەڭلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللانىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن رەڭلەرنى يارانقانلىقى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» نىڭ «فاتىر» سۈرىسىنىڭ 27 — 28 ـ ئايەتلىرىدە ئېيتىلغان.

8. قەدىمدە ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە پەندە يەر ئالەمنىڭ مەركىزىدە بولۇپ قالغان ئاسمان جىسىملىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان نەزەرىيە. كائىناتتا جىسىملارنىڭ ھەرىكەتتە بولۇشى «قۇرئان كەرىم» نىڭ 36 ـ سۈرە، 38 — 40 ـ ئايەتلىرىدە ئېيتىلغان.

9. «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە، 30 ـ ئايەت.

10. «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە، 30 ـ ئايەتتىن. بۇ ئايەتنىڭ تېكىستى مۇنداق: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ

مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. ئاللا «مەن ھەقىـ
قەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى.

11. «قۇرئان كەرىم»، 17 ـ سۈرە، 70 ـ ئايەت.

12. «قۇرئان كەرىم»، 11 ـ سۈرە، 61 ـ ئايەت.

13. مۇئەللىپ ئۆز سۆزى بىلەن بەرگەن بۇ ئىبارىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكى 17 ـ سۈرىنىڭ 70 ـ ئايىتىدە بېرىلگەن.

14. «قۇرئان كەرىم»، 45 ـ سۈرە، 36 ـ ئايەت.

15. خۇشبۇي نىقابلىق بۇلۇت ـــ رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدا بۇلۇت سايىۋەن بولۇپ تۇرىدىكەن.

16. ئۆمۈچۈك ـــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۇففارلاردىن قېچىپ غارغا يوشۇرۇنغاندا، غارنىڭ ئاغزىغا ئۆمۈچۈك دەرھال تور باغلىۋېتىكەنىكەن.

17. سىدرە ـــ رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەتتىنچى ئاسماننىڭ تۆپىسىدىكى مېۋىسى ئىنتايىن شېرىن دەرەخ بولۇپ، ئۇ جەبرائىلنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنزىلگاھى.

18. يەسرىب ـــ مەدىنە شەھرىنىڭ ئىسلامىيەتكىچە بولغان نامى.

19. ئاتا ـــ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا.

20. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

21. «قۇرئان كەرىم»، 28 ـ سۈرە، 68 ـ ئايەت.

22. مەنجىنىق ـــ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قورغان تاملىرىنى ئۆرۈش ئۈچۈن تاش ئاتىدىغان قورال.

23. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

24. سۈرۈش ـــ ئاتەشپەرەسلەردە خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى پەرىشتە.

25. ئەمىر تۆمۈرنىڭ مۆھۈرىگە مۇشۇ سۆز يېزىلغانىدى.

26. ھەرەم ـــ مۇقەددەس جاي. ئادەتتە كەئبەتۇللا.

27. بىدئەت ـــ ئىسلام ئەقىدىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە كۆرسىتىلمىگەن، قوشۇمچە تەدبىق ياكى تەكلىپ قىلىنغان يولىيورۇقلار.

28. موللىلارنى كۆرسىتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

29. مۇپتى — شەرىئەت قانۇنلىرى يۈزىسىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچى.

30. خىلۋەتنىشىن — تەسەۋۋۇپقا ئائىت ئاتالغۇ بولۇپ، يەككە ھايات كەچۈرۈپ خىلۋەتتە ھەقنى زىكىر قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى سوپىلارنى كۆرسىتىدۇ.

31. خىلۋەت سارىيى — يەككە - يېگانە ئاللاغا يېلىنىپ - يالۋۇرىدىغان خىلۋەت جاي.

32. تەۋەججۇھ قىلىش — تەسەۋۋۇپقا ئائىت ئاتالغۇ بولۇپ، خەير-خاھلىق بىلدۈرۈش، ئىخلاس قىلىش مەنىسىدە.

33. كارامەت — ئالدىن بىلىش، بېشارەت قىلىش. تەسەۋۋۇپتا شەخسنىڭ پاكلىنىش يولىدىكى ھالىتى. مەتىندە ئاللانىڭ كارامىتى كۆزدە تۇتۇلغان.

34. خەزىنىچى — پەرۋەردىگار.

35. ھېيرات ئىدى — ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

36. يېتۇك زات — ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن شەخس.

37. كەيۋان ئايۋىنى — ناھايىتى ئېگىز مەنىسىدە. قەدىمكى زاماندا ئىلمىي نوجۇمدا زۇھال (ساتۇرىن) سەييارىسىنى كەيۋان دەپ ئاتايتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنى يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا، يەنى يەتتىنچى قەۋىتىدە دېيىلەتتى.

38. ئارقاق — رەختنىڭ ئۆرۈشى بىلەن توغرىسىغا كېسىشىدىغان يىپلىرى.

39. «قۇرئان كەرىم»، 18 - سۈرە، 82 - ئايەت. ئۇنىڭدا ئىككى يېتىم بالا نەزەردە تۇتۇلغان.

40. «قۇرئان كەرىم»، 20 - سۈرە، 50 - ئايەت.

41. مەغرىبىي دىنار — مەغرىب (شىمالىي ئافرىقا) دىكى كانلاردىن قېزىپ ئېلىنىدىغان ئەلا سۈپەتلىك ئالتۇندىن ياسالغان تىللا تەڭگە.

42. مۇئەللىپ بۇ بېيىتتە ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاسمان بىلەن تەڭلىشىپ، يەتتە قەۋەت ئاسمانغا قوشۇمچە يەنە بىر پەلەك (ئاسمان) پەيدا بولدى، دەپ تەكىتلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

43 . «قۇرئان كەرىم»، 66 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەت.

44 . ... ۋەئىننا يەكۈدۇ — «قۇرئان كەرىم»، 68 ـ سۈرە، 51 ـ ئايەتتىن.

45 . «قۇرئان كەرىم»، 42 ـ سۈرە، 5 ـ ئايەت.

46 . خەلىپىلىك — پادىشاھلىق.

47 . ... ئۇ ھەزرەتلىرىنىڭ — ئەمىر تۆمۈرنىڭ.

48 . ساھىبقىران — ئومۇمەن پادىشاھ مەنىسىدە.

49 . تەلەي — ئامەت، قىسمەت، تەقدىر مەنىسىدە بولۇپ، يۇنانلار- نىڭ چۈشەنچىسىدە ئېكلىپتىكا* نىڭ شەرقىي ئۆپۆق سىزىقى بىلەن كېسە- شىش نۇقتىسى.

50 . «قۇرئان كەرىم»، 32 ـ سۈرە، 5 ـ ئايەت.

51 . مەۋجۇتلۇق ۋە يوقلۇق دۇنياسى — جىسمانىي ئالەم، بىر تەرەپ- تىن ۋۇجۇدقا كېلىپ، بىر تەرەپتىن يوقىلىشتىن ئىبارەت بولغان پانىي دۇنيا، تەبىئەت. — ت

52 . ئىنقىلاب — قۇياشنىڭ تورۇشى، يۇنانچە «تروپىك»، يەنى قۇياشنىڭ تروپىك سىزىقىدىن بۇرۇلۇشى.

53 . جەدىي بۇرجى — ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئونىنچىسى.

54 . ئاناسىر — يەنى تۆت ئېلېمېنت (يەر، سۇ، ھاۋا، ئوت)؛ 12 بۇرجنىڭ ھەر ئۈچى بىر ئونسۇرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئېكلىپتىكىدا بىر ئۈچ بۇلۇڭغا جايلىشىدۇ. سۈپەتلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن: ھەمەل، ئەسەد، ئەقرەب — ئوتقا؛ سەۋر، سۇنبۇلە، جەدىي — تۇپراققا؛ جەۋزا، مىزان، دەلۋە — ھاۋاغا؛ سەرەتان، قەۋس، ھۇت — سۇغا مەنسۇپ.

55 . پەلەك — بۇ يەردە ئاسمان جىسىملىرى نەزەردە تۇتۇلغان.

56 . زۇھەل — ساتۇرن؛ تەبىئىتى ناھايىتى سوغۇق ۋە قۇرۇق.

57 . ... تۇپراقتىن ئۆيى — زۇھالنىڭ ئورنى يەردىكى ھەرخىل

---

* ئېكلىپتىكا — قۇياشنىڭ بىر يىل ئىچىدە تورغۇن يۇلتۇزلار ئارىسىدا بېسىپ ئۆتكەن يولى.

جايلار (غارلار، چۆل - باياۋانلار، خارابىلار ...) دا كۆرسىتىلگەن.

58. «قۇرئان كەرىم»، 59 - سۇرە، 24 - ئايەت.

59. ھەقىقەت — بۇ يەردە «قۇرئان» نىڭ سۆزلىرى شۇبھىسىز ھەقىقەتتۇر، دېگەن پىكىر كەلتۈرۈلگەن.

60. ھەرىكەتتىكى يۇلتۇزلار — قەدىمكى ئاسترونوملار ئەقىدىسىدە يەتتە سەييارە. ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا سەككىز سفېرا (ئاسمان) دا ھەرىكەتسىز يۇلتۇزلار جايلاشقان.

61. ئۈچ يۇقىرى سەييارە — ساتۇرن، يۇپىتېر، مارس، قەدىمكى ئاسترونوملار چۈشەنچىسىدە يەتتە سەييارىنى يۇقىرى ھەمدە تۆۋەن قىسىملارغا ئاجراتقۇچى چېگرا ھېسابلانغان.

62. مۇتلەق ئېگىزلىك — يەنى، ئەڭ يۇقىرى سەييارە ساتۇرن.

63. ... ئوننىچى — يەنى جەدى بۇرجىدا؛ ئۇ ئېكلىپتىكا سىزىقىدا ئورۇنلاشقان ئون ئىككى بۇرجدىن ئەڭ يۇقىرىدىكىسى ھېسابلىنىدۇ.

64. ... ئۆيىدۇر — قۇياشنىڭ ئېكلىپتىكا بويلاپ 12 بۇرجدا بولۇشى؛ بۇ بۇرجلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆيلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى.

65. ئون بىرىنچى بۇرج — دەلۋە بۇرجى؛ ئۇنىڭدا ياخشى خۇلق، ئالىيجانابلىق، ئادالەتپەرۋەرلىك، ئۇلۇغۋارلىق، ئالدامچىلىق ئوخشاش ھالەتلەر قەيت قىلىنغان.

66. تۆتىنچى قوزۇق — ئاسترولوگىيىدە ئاساسىي تۆت ئۆي (بۇرج) نىڭ 1، 4، 7، 10 باشلىنىشى، يەنى ئېكلىپتىكادىكى ئورنىنىڭ ئۇپۇق ۋە ئاسمان مېرىدىئانى بىلەن كېسىشىشى قوزۇق دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچى ئۆي ئۇپۇقنىڭ ئاستىدىكى قىسمىدۇر.

67. ئاتارۇت — مېركۇري سەييارىسى.

68. شەرەپ مەنزىلگاھى — ئېكزىلتاشىيە، يەنى بۇنىڭدا سەييارىلار ئەڭ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى تەختتە ئولتۇرغان پادشاھلارنى ئەسلىتىدۇ.

69. مۇشتەرىي — ساتۇرن سەييارىسى.

70. مىررىخ — مارس سەييارىسى؛ قەدىمكى مۇنەججىملەر ئەقىدىسى-

دە ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىق ھامىيسى.

71. سەئىد ئەسغەر — كىچىك بەخت يۇلتۇزى، زۆھرە (ۋېنېرا) سەييارىسى.

72. ئازەر — ئىرانلىقلارنىڭ شەمسىيە يىلنامىسىدىكى توققۇزىنچى ئاي (22 ـ نويابىر — 22 ـ دېكابىر).

73. «قۇرئان كەرىم»، 43 ـ سۈرە، 32 ـ ئايەت.

74. «قۇرئان كەرىم»، 6 ـ سۈرە، 83 ـ ئايەت.

75. «قۇرئان كەرىم»، 4 ـ سۈرە، 54 ـ ئايەت.

76. تۇغرا — ئادەتتە شاھلار پەرمانىنى يېزىشقا قوللىنىدىغان خۇشخەت، نەسخ نۇسخىسىدىكى خەت تۈرلىرىدىن بىرى.

77. مەتىن ئەرەبچە يېزىلغان.

78. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ۋە ئۇنىڭدا ھەدىس نەزەردە تۇتۇلغان. «تا شۇ كەمگىچە» دېگەن ئىبارىدە شاھرۇھ سەلتەنىتىنىڭ «زەپەرنامە»نىڭ مەزكۇر قۇرلىرى يېزىلىۋاتقان چاغنى كۆرسىتىدۇ.

79. تائەت پەرزلىرى — مۇسۇلمانلارغا بىجىرىلىشى زۆرۈر بولغان ئىبادەتلەر.

80. ئىبادەت نەفىللىرى — مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى، ئەمما بىجىرسە ساۋاب تاپىدىغان ئىبادەتلەر.

81. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش — قۇرئان سۈرىلىرىنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇش.

82. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.

83. خىلاپەتپاناھ — مەلۇم بىر جاينىڭ ھۆكۈمدارى.

84. پەرىدۇن — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.

85. ئىسفەندىيار — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە نەزم قىلىنغان تاغ يۈرەك ۋە پالۋان پادىشاھ بولۇپ، ئۇنى رۇستەم ئوقيادىن ئىككى ئۇچلۇق ئوق ئېتىپ، كور قىلىپ ئۆلتۈرگەن.

86. زۇننۇن — يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، ئەرەبچىدە

«بىلىق ئىگىسى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشچە ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنى بېلىق يۇتۇپ، يەنە ساق - سالامەت قايتۇرۇپ چىقارغان.

87. مالىكى دىنار — رىۋايەت قىلىنىشچە، مەشھۇر ئەۋلىيالاردىن بىرىنىڭ لەقىمى بولۇپ، مالىك كېمىدە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقاندا قانداق-تۇر بىر خۇداسىز ئۇنى دىنارىمنى ئوغرىلىدى دەپ ئەيىبلەيدۇ. شۇ چاغدا مالىك خۇداغا ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە بېلىقلار دېڭىز تېگىدىن ناھايىتى كۆپ دىنار ئېلىپ چىقىشىدۇ.

88. ئايەتۇللاھ — باش مۇجتەھىدلەرگە بېرىلگەن ئۇنۋان.

89. مۇجتەھىد — شەرىئەت قانۇنىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى بويىچە مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىلاھىيەت ئىلىملىرى ئالىمى.

90. ... سەكسىز يۈزىنچى — مىلادىي 1400 - يىللار. يەنى 15 - ئەسىر.

91. «ئەبۇ ناسىر» — زەپەر قۇچقۇچى، شاھرۇھنىڭ تەخەللۇسى سۈپىتىدە كېلىدۇ.

92. ئاللا سۇبھانەۋەتائالا — ئاللا، ئۇنىڭغا مەدھىيە ۋە ئۇ ئۇلۇغدۇر، دېگەن مەنىدە.

93. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.

94. ئىككىنچى ماقالە — ئەسەرنىڭ ئىككىنچى ماقالىسى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن ۋە ئۇنىڭ يېزىلغانلىقى ھەققىدىمۇ يازما مەنبەلەر ئەسكەر-تىلمىگەن.

95. سۈپەتلىرى ۋە مەرتىۋىلىرى — مەتىندە تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى بىلەن: «مەناقىب» ۋە «مەۋاقىف» دەپ بېرىلگەن.

96. يۇسۇپ تەلئەت — يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بولۇپ، «تەۋرات» تىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ساھىبجامال ئى-كەن. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۇسۇپ ھۆسندە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

97. سۇلايمان — رىۋايەت قىلىنىشچە، قەدىمكى زاماندا ياشىغان

ئالىيجاناب ۋە دانىشمەن ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «قۇرئان كەرىم» دە بىر نەچچە سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللانىڭ ئىسمى مۆھۈرلەنگەنىدى ۋە ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق ئىنسى ـ جىنلار، شاماللار مەزكۇر ئۈزۈك مۆھرىگە ئىتائەت قىلاتتى.

98. ئىبراھىم ماقاملىرى ۋە ئىسمائىل مەنزىللىرى — ئىبراھىم — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئۇنىڭ ئوغلى — ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار بىر خۇدالىقنى تەرغىب قىلغان. كەئبىنى بىنا قىلغان. مەككىدە ئۇلارنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زىيارەتگاھلار بار ۋە ھەججىگە بارغانلار ئۇ جايلارنى زىيارەت قىلىدۇ، جۈملىدىن كەئبە ھويلىسىدا «ماقامى ئىبراھىم» بار.

99. ئەلى مۇرتەزا — تولۇق ئىسمى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ (ئەبۇل ھەسەن ئەلى مۇرتەزا)، ئەرەب خەلىپىلىكىدە تۆتىنچى خەلىپە بولۇپ، 661 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

100. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.

101. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.

102. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.

103. «قۇرئان كەرىم»، 24 ـ سۈرە، 35 ـ ئايەت.

104. «قۇرئان كەرىم»، 24 ـ سۈرە، 35 ـ ئايەت.

105. ئابۇ گىلدىن — ئىسلام ئەقىدىسىدە ئاللا ئىنساننى دەسلەپ لايدىن ياراتقانلىقى نەزەردە تۇتۇلغان.

106. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.

107. سۇبھانۇلەم يەزەل — «ئەي ئاللا ئۆزۈك باردۇرسەن» مەنىسىدە.

108. «قۇرئان كەرىم»، 96 ـ سۈرە، 4 ـ ئايەت.

109. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

110. «قۇرئان كەرىم»، 68 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت.

111. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.
112. مىسهەف — كىتاب، توپلام.
113. «قۇرئان كەرىم»، 83 ـ سۇرە، 26 ـ ئايەت.
114. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.
115. ئابىهايات — هاياتلىق سۈيى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ سۇ مەخسۇس بۇلاقتىن چىقىدىكەن.
116. سەيدۇل مۇرسەلىن — مۇھەممەد پەيغەمبەر.
117. ئەبۇل فەتھ — «غەلىبىنىڭ ئاتىسى» مەنىسىدە.
118. مەتىن ئەرەب تىلىدا.
119. مىللەت — ئىسلام دىنى؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر خۇدالىقـنى تەرغىب قىلغان.
120. بۇتپەرەسلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغان، بىراق ئۇ ئوتتا كۆيمەي ئامان قالغان.
121. كەئبە ئۆيى ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا «ماقام ئىبراھىم» دېگەن جاي بار.
122. ئازەر — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى؛ باشقا بىر رىۋايەتتە تاغىسى (ئاتىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسى) بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتپەرەستلەر، جۈملىدىن ئاتىسى چوقۇنىدىغان بۇتلارنى چېقىۋەتكەن.
123. ئەھمەد — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.
124. «ئىبراھىم (ابراهيم)» نامىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسىدە يېزىلىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا «ھ» ھەرپى ئىككى ئوچۇق كۆزگە ئوخشىـتىلغان؛ «ھىممەت» سۆزىدىمۇ شۇنداق. تارىخچىلار بۇنىڭ بىلەن ئىبراـھىم سۇلتان سەلتەنىتىدە تولۇق تىنچلىق ـ ئامانلىق ھۆكۈمران، چۈنكى ئۇ ئالىي ھىممەت ئىگىسى، دېمەكچى.
125. ئۇچىنچى ماقالە بىر گىچە يېتىپ كەلمىگەن. ئۇنىڭ يېزىلغانلىـقى ھەققىدە پەندە بىرەر ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت ئابدۇراززاق سەمەرـقەندىينىڭ «مەتلە ئەس سەئدەيىن» ناملىق ئەسىرىدە بىر جايدا ئىبراھىم

سۇلتان ھەققىدە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى يازغان دېگەن خەۋەر بار، خالاس.

126. مەتىن ئەرەب تىلىدا.

127. نەزىرە — مەخسۇس تالاپ ئىلىنغان ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىر.

128. دەسلەپكى نۇسخا — قولىيازما نۇسخا؛ مۇئەللىپىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان نۇسخا قاتارلىقلار.

129. مەزكۇر ۋەقەلەردىن — بۇ ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلدى.

130. ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخان ماۋەرائۇننەھرنى ئوغلى چاغاتايغا بەرگەندى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەر چاغاتاي ئۇلۇسى دەپ ئاتالغانىدى.

131. خوجەند دەرياسى — سىر دەريا.

132. تاشكەنت چۆلى — ھازىرقى تاشكەنت ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى.

133. قەرايىت — تۈرك — موغۇل قەبىلىلىرىدىن.

134. ئايماق — ئۇرۇغ، جەمەت، قەبىلە.

135. ماڭلاي — لەشكەرنىڭ ئالدىنقى قىسمى.

136. ئەمىر ھاجى بارلاس — «زەپەرنامە» دە ئېيتىلىشىچە، ئەمىر تۆمۈرنىڭ تاغىسى، 762 (1361) - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

137. جەمشىد — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە يېزىلىشىچە، قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.

138. مەتىندە يېزىلىشى «تەراغاي» ؛ ئەمىر تەرەغاي — ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئاتىسى.

139. ... شۇ يىلى — يەنى 761 (1360) - يىلى.

140. ھەق دەرگاھى رەھمىتىگە قوشۇلغانىدى — ۋاپات بولغانىدى.

141. خۇزار — ھازىرقى نامى غۇزار، قاشقا دەريا ۋىلايىتىدىكى شەھەر ۋە ناھىيە.

142. ئۇچراشتى — بۇ ئەمىرلەرنىڭ نامىلىرى ئۇلۇغ توقا تۆمۈر،



www.uyghurkitap.com

هاجىبېك ۋە بىكىجەك ئىكەنلىكى يۇقىرىدا مەتىننىڭ ئۆزىدە قەيت قىلىنغانىدى.

143. ئەمىر بايەزىد جەلايىر — خوجەند ۋىلايىتىنىڭ ئەمىرى 762 (1361) - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قەتل قىلىنغان.

144. ئەمىر ھۈسەيىن ئىبنى مۇسەللەب ئىبنى ئەمىر قازاغان — بەلخ، ھىسارى شادىمان ۋە بەدەخشان ۋىلايەتلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى. 771 (1369—1370) - يىلى ئەمىر تۆمۈر بەلخنى ئىشغال قىلغان چاغدا ئۆلتۈرۈلگەن.

145. چۇ دەرياسى — ھازىرقى چۇ (چۇي) دەرياسى.

146. ئوغرۇق — (ئەينى: «چېدىر») ؛ لەشكەرلەر كەينىدىن زاپاس ئەسلىھە ۋە باشقا قورال - سايمانلارنى ئېلىپ يۈرگۈچى قىسىم.

147. چەرخ — ئالەم.

148. دەربەندى ئاھەنىن — بايسۇندىن (سۇرخان دەريا ۋىلايىتى) غەربتە سەرىمەس تاغ تىزمىسىدىكى تار دەريا؛ ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5—20 مېتىر، قىرغاقلىرىنىڭ نىسپىي كەڭلىكى 150 مېتىر چامىسىدا. قەدىمىي مەشھۇر تاغ يولى بولۇپ، ھازىرقى ئۆزبېكىستان چوڭ يولىنىڭ سەل شەرقىدىن ئۆتكەن. يازما مەنبەلەردە ئۇنىڭ نامى ھەرخىل يېزىلغان: پارسچە «دەربەندى ئاھەنىن» (تۆمۈر دەرۋازا)، قەدىمكى تۈركىي تىلدا «تۆمۈر قاپۇغ» (قاپۇغ — دەرۋازا)، ئەرەبچە «باب ئۇل ھەدىد» (تۆمۈر دەرۋازا) موغۇلچە «قەھلەغە» ياكى «قەھلەقە» («قالغا»، «خالغا» — دەرۋازا). قەدىمدە دارانىڭ يېنىدا شۇ نامدىكى ئاھالە ماكانى، قورغانمۇ بولغان. ئۇنى بۇزغالاخانەمۇ دېگەنىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا دەربەندى ئاھەنىننىڭ يېنىدا دەربەند يېزىسى بار. بايسۇن تۇمەنى * چېگرىسىدا.

149. ھىسارى شادىمان — ۋىلايەت ۋە شەھەر بولۇپ، قەدىمكى نامى شۇمان (ئاساسەن ھازىرقى ھىسار ۋادىسى). مەركىزى شۇ ۋىلايەتتىكى ھىسار قورغىنى يېنىدا بولغان.

---

* تۇمەن — مەمۇرىي رايون نامى. — ت

150. كەسم (كەشم) مەھەللىسى — ھازىرقى نامى ئىشكاشىم؛ بەدەخشان ۋىلايىتىدىكى ئافغانىستان بىلەن چېگرىداش جايغا ئورۇنلاشقان ناھىيە مەركىزى.

151. توي — مېھماندارچىلىق.

152. ئەمىر تۇغلۇق سۇلدۇز — «سۇلدۇز» ياكى «سۇلدۇس» — موغۇل قەبىلىسىنىڭ نامى.

153. رۇستەم ئىسفەندىيار، بەھرام — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى باتۇر قەھرىمانلار.

154. ئۆي يىلى — توغرىسى «ئۇت» (كالا) يىلى؛ تۈركىي مۇچەل ھېسابىدا 2 - يىل.

155. سەبزەۋار ۋىلايىتى — ھىرات ۋىلايەتلىرىدىن بىرى؛ باشقىچە ئاتىلىشلىرى: ئىسفىزار، سەبزار.

156. ئىلياس خوجا ئوغلان — تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى، موغۇلىستان خانى (1362—1364).

157. خىۋاق — ھازىرقى خىۋە شەھىرى.

158. تۆكەل — مەتىندە «تەكۈل» شەكلىدىمۇ كەلگەن.

159. پاياب — ئادەتتە سۈيى بىرەر كۆلگە قۇيۇلماي، چۆل ۋە قۇملارغا سىڭىپ كېتىدىغان دەريا، ساي، جىلغا. مەتىندە مۇرغاب دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى نەزەردە تۇتۇلغان.

160. «قۇرئان كەرىم»، 55 - سۈرە، 26 - ئايەت.

161. «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە، 185 - ئايەت.

162. قازايى قەدەر — ئەجەل ۋە قىسمەت.

163. «پەلەك» — ئاسمان، «زىھ» — يەر؛ «تۆمۈر قانۇن - قائىدىلەر توپلىمى» دا بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت كەلتۈرۈلگەن: «تۆتىنچى خەلىپە (ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ) تىن (ئۇنىڭغا تەگرىنىڭ مەرھەمىتى بولغاي) بىر كىشى ئاسمان - يا، يەر - يانىڭ زىھى (يىپى)، ھادىسىلەر (ۋە ئاپەت - كۈلپەتلەر) ئوق بولسا، ئىنسانلار ئۇ ئوقيالارغا نىشان بولسا، ئاتقۇچى خۇدايىتائالا بولسا، (ئۇنىڭ قۇدرىتى يەنىمۇ ئۇلۇغ

بولغاي) ئادەملەر قەيەرگىمۇ قاچالىسۇن؟ دەپ سورىدى. خەلىپە بېرىپ، ئادەملەر تەڭرىنىڭ يېنىغا قاچقاي، دېدى.

164. سەييارە يۇلتۇزلار — ئاسمان جىسىملىرى.

165. نەھسى ئەكبەر — (ئەينى: «ئەڭ بەختسىز») — زۇھال (ساتۇرن) سەييارىسى ئاسترولوگلار نەزىرىدە بەختسىز سەييارىلاردىن بىرى ھېسابلانغان؛ مىررىخ (مارس) سەييارىسىغا «نەھسى ئەسغەر» («ئەڭ كىچىك بەختسىز») دەپ نام بەرگەن.

166. يۇقىرى (ئۇلۋىي) ۋە تۆۋەن (سىفلىي) ئالەملەر — ئۇلۋىي ئالەم — زۇھال، مۇشتەرىي، مىررىخ ئالەملىرى؛ سىفلىي ئالەم — زۆھرە، ئاتارۇت، ئاي ئالەملىرى.

167. «قۇرئان كەرىم»، 99 ـ سۇرە، 1 ـ ئايەت. بۇ سۇرىنىڭ 1 ـ، 2 ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە، زېمىن (قوينىدىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئوتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقىرىدۇ.»

168. مۇھتەرەم ھەرىمى — خوتۇنى.

169. دىرەم (دىرھەم) — كۆپچىلىك مۇسۇلمان مەملىكەتلەردە 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ مۇئامىلىدە بولغان پۇل بىرلىكى — كۈمۈش تەڭگە.

170. بەخشىش — ئېھسان.

171. لەھەل — قىممەت باھا تاش، يەنى قىزىل ياقۇت.

172. نەرگىس گۈلىنىڭ ئاساسىي تۈرى تىللارەڭ، يەنى سېرىق، شەكلى تاجسىمان.

173. جۇن قۇربانىي — سوزۇق تاۋۇشلار تەخمىنىي ئوقۇلدى.

174. ماخان — مەرۋ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى يېزا. مەرۋ شەھىرى تۈركمەنىستاننىڭ بايرامئەلى شەھىرىنىڭ يېنىدا ئىدى.

175. نافە — بەزىبىر ئاھۇ كىيىكلىرىنىڭ كىندىكى تۈگۈنىدە بولىدىغان خۇشبۇي قارا ماددا، يەنى ئىپار.

176. تۇس — خۇراساننىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بىر شەھىرى. تۇس ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى. ھازىر خارابىلىرى مەشھەد شەھىرىدىن 25

www.uyghurkitap.com

كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا.

177. نۇھ دەۋتى — نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئادەمىي سانىي (كىيىنكى ئادەم) دەپ ئاتىشىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا يېگانە تەڭرىگە سېغىنىشنى دەۋەت قىلغانلىقى ھەققىدە قۇرئاندا كۆپ ئەسكەرتىلگەن.

178. نۇھ توپانى — «قۇرئان كەرىم» دە يېزىلىشچە، نۇھ ئەلەيھىسسالام خەلقنى يېگانە تەڭرىگە سېغىنىشقا دەۋەت قىلغان. بىراق ئۇلار بۇنىڭغا كۆنمىگەن. شۇ چاغدا نۇھ ئەلەيھىسسالام خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، كۇففارلارنى جازالاشنى سورىغان. يەر يۈزىنى سۇ باسقان، ھەممە غەرق بولغان. پەقەت نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزى ياسىغان كېمىگە ئالغانلارلا ھايات قالغان («قۇرئان كەرىم»، 7، 10، 11، 21، 23 ۋە باشقا سۈرىلىرى).

179. نىكۇدارىي ھەزارەلەر — كېلىپ چىقىش موغۇل بولغان، پارس تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلق، نىكۇدارىيلار — مەزكۇر تائىپىنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەندى تۈركىستان تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياشايدۇ. موغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. ھەزارە — نۇرغۇن قوشۇن توپىنىڭ نامى. نىكۇدار — موغۇل شاھزادىسى نىكۇدار (13 ـ ئەسىر)، ئۇنىڭغا بويسۇنغان تائىپە شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

180. «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە، 159 ـ ئايەت.

181. ناماز دىگەر (ياكى «ئەسىر» نامىزى) — كۈن پېتىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى ئوقۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئادا قىلىشى پەرز بولغان بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئۈچىنچىسى.

182. كەيخۇسراۋ — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە قەيت قىلىنىشىچە، قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى بولۇپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان.

183. «قۇرئان كەرىم»، 15 ـ سۈرە، 3 ـ ئايەت.

184. كېش جىلغىسى — كېش دەرياسى (قەشقە دەريا) ۋادىسى.

185. پەلەكلەر پەلىكى — يەتتە قەۋەت ئاسماندىن كېيىنكى سەككى-

زىنچى ئاسمان. ئۇنىڭدا يۇلتۇزلار ئورۇن ئالغان؛ مەتىندە يەنە قىرىق سەككىز كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

186. ئامۇيا دەرياسى — ئامۇ دەرياسى.

187. پۇلى سەنگىن — دەرە، ۋەخش ۋادىسى.

188. «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە، 13 ـ ئايەت.

189. دورغا — شەھەر ھۆكۈمدارى.

190. خەتلان — پەنج دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىغا جايلاشقان ۋىلايەت. ھازىر تاجىكستاننىڭ خەتلان ۋىلايىتى. نامى قەدىمكى ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە خۇتتال ياكى خۇتتالان شەكىللىرىدە يېزىلغان.

191. مەتىن ئەرەب تىلىدا.

192. ئوڭ قانات — قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى.

193. تاشارىق — تەخمىنەن ھازىرقى قاماشى تۇمەنىدىكى تاشقورغان يېزىسى.

194. سول قانات — قوشۇننىڭ سول قانىتى.

195. ئوڭ قانات — قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى.

196. قابايمىتەن — كېيىنرەك مەتىننىڭ ئۆزىدە بۇ نام «قايامىتەن» شەكلىدە يېزىلغان؛ تەخمىنەن ھازىرقى شەھرىسەبىز رايونىدىكى نەمەتان يېزىسى. شەھەرىسەبىز بىلەن كىتاب ئارىلىقىدا.

197. ھىراۋۇل — لەشكەرلەرنىڭ ئاۋانگارت قىسمى كەينىدىن ماڭغۇچى ئالدىنقى قىسىم.

198. يەنى ئوڭ قول بىلەن «ئەلىپ — ا» ئوقنى، سول قولى بىلەن «دال — د» يانى تۇتتى. ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ئىككى ھەرپ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

199. يانى ئـوق ئېـتىش ئۈچـۈن تارتـقانـدا ئۇ «نۇن ـ ن» ۋە «دال ـ د» ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ. «ئەلىپ» ئوقيانىڭ ئوقىغا ئوخشايدۇ.

200. بۇ يـەردە مۇئەلـلىپ ئوخشـىتىشـتىن ماھـىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

201. «قۇرئان كەرىم»، 67 ـ سۈرە، 5 ـ ئايەتتىن. بۇ ئايەتنىڭ

تولۇق تېكستى مۇنداق: «(بىز بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق.»

202. «قۇرئان كەرىم»، 12 - سۈرە، 100 - ئايەت.

203. لەھەڭ — ئومۇمەن دەھشەتلىك دېڭىز ھايۋىنى (كىت، ئاكۇلا بېلىقلىرى).

204. «قۇرئان كەرىم»، 39 - سۈرە، 74 - ئايەت.

205. «قۇرئان كەرىم»، 9 - سۈرە، 25 - ئايەت.

206. نەيسان — قەدىمكى رىملىقلار ۋە سۈرىيىلىكلەر يىلنامىسىدا 7 - ئاينىڭ نامى؛ گرىزارىي يىلنامىسىدا ئاپرېل ئېيىغا توغرا كېلىدۇ.

207. «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە، 126 - ئايەت.

208. يام دەرياسى — ھازىرقى جام سېيى بولۇپ، سەمەرقەند ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا.

209. گۆھەر — ئاق رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش، لەئلى — قىزىل رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش — ياقۇت.

210. لۇ يىلى — 12 مۆچەل ھېسابىدىكى 5 - يىلنىڭ نامى، پارسچىدا لەھەڭ يەنى بېلىق، جۇڭگولۇقلاردا ئەجدىھا يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

211. نىل — كۆك بوياق.

212. «قۇرئان كەرىم»، 17 - سۈرە، 82 - ئايەت.

213. مەھدى ئۇلىيا (ئەينى: «ئۇلۇغ بۆلەنچۈك») — پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنىغا بېرىلگەن ئۇنۋان.

214. زامان بىلقىسى — (ئەينى: بىلقىسى ئەھد) — رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىلقىس قەدىمدە مېسوپوتامىيىدىكى سەبا مەملىكىتىنىڭ ئايال پادىشاھىنىڭ ئىسمى؛ ئۇ سۇلايمان پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ياشىغان. قۇرئاندا ئېيتىلىشىچە پادىشاھ سۇلايماندا مەلىكە بىلقىسنى كۆ-

رۇش ئىشتىياقى تۇغۇلغان ۋە ئۇنى كەلتۈرۈپ قۇياشقا چوقۇنۇشتىن قۇت-
قۇزغان ۋە قەلبىگە يېگانە ئاللا ئېتىقادىنى سىڭدۈرگەن. باشقا بىر رىۋايەتتە
سۇلايمان مەلىكە بىلقىسنى نىكاھىغا ئالغان دېيىلىدۇ.

215. قامار جاي قىلىش — ئوۋ ھايۋانلىرى قامالغان چوڭ قورۇ
ھاسىل قىلىش.

216. «قۇرئان كەرىم»، 13 ـ سۈرە، 38 ـ ئايەت.

217. «قۇرئان كەرىم»، 49 ـ سۈرە، 12 ـ ئايەت.

218. «قۇرئان كەرىم»، 13 ـ سۈرە، 41 ـ ئايەت.

219. «قۇرئان كەرىم»، 4 ـ سۈرە، 19 ـ ئايەت.

220. ... پايتەختىدە — يۇقىرىدا ئەمىر تۆمۈر سەمەرقەندكە كېلىپ
تۇرغانلىقى مەتنىدە يېزىلغانىدى.

221. جويبار — ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە جىلغىلىرى كۆپ جاي؛ بۇ
يەردە سەمەرقەند شەھىرى ۋە ئەتراپلىرى نەزەردە تۇتۇلغان. جويبار —
جاي، بۇخارانىڭ يېنىدا قەشقە دەريا ۋە باشقا يەرلەردە.

222. تۇرا ۋەچىر — دۈشمەن ئوقىدىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن ئادەم
بويى ئېگىزلىكىدە ياسالغان ۋە كۆچۈرۈپ يۈرۈش مۇمكىن بولغان مەخسۇس
قالقان.

223. مورچەل — (ياكى مورچال) — قەلئەنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ
ئەتراپىدا قېزىلىدىغان ئورا (چوڭقۇر پىستىرما)؛ بەلگىلەنگەن جاي.

224. بادام دەرياسى — شۇ نامدىكى جىلغا، قارجانتاغدىن باشلى-
نىپ، چىمكەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ ۋە ئارس دەرياسىغا
قويۇلىدۇ.

225. ئەييۇق يۇلتۇزى (كاپېللا) — سەۋر يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى
سۇرەييا يۇلتۇزلار توپىغا مەنسۇپ يۇلتۇز. قەدىمكى ئاسترونومىيە ئىلمى
ئەقىدىسى بويىچە ئەييۇق يۇلتۇزى ئادەتتە سۇرەييا يۇلتۇزىنىڭ ياردەمچىسى
ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

226. قەنبىل (ياكى قەنبۇل) — لەشكەر قىسىملىرىنىڭ ئالدىنقى
سېپى (ئاۋانگارد قىسمى).

227. ئىككىلا يورۇتقۇچ — قۇياش ۋە ئاي.

228. هۇنەين كۈنى — ھىجرىيە 8 ـ يىل شەۋۋالنىڭ 10 ـ كۈنى (مىلادى 630 ـ يىل 30 ـ يانۋار). هۇنەين مەككىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ۋادى بولۇپ، شەۋۋالنىڭ 10 ـ كۈنى ئۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن كۇففار ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان ۋە مۇسۇلمانلار باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ غەلىبە قازانغان؛ بىراق ئۇلار كۇففارلارنىڭ كەينىدىن تائىفقىچە كۆزىتىپ بېرىپ، شەھەرنى قامال قىلغىنىدا، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلمەي، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

229. «قۇرئان كەرىم»، 9 ـ سۈرە، 25 ـ ئايەت.

230. قايامەتنى — 196 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

231. قۇياش 21 ـ مايدىن 21 ـ ئىيۇنغىچە جەۋزا بۇرجىدا بولىدۇ.

232. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن يەر يۈزىنى سۇ باسقانلىقى ھەققىدە ئالدىنقى ئىزاھلاردا ئېيتىلغانىدى.

233. يەرنىڭ كالىسى — «يەر كالىنىڭ مۈڭگۈزىدە تۇرىدۇ» دېگەن ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرنى كۆرسىتىدۇ.

234. پەي — ئوقيانىڭ قىرى.

235. ئوقيانىڭ سۆڭىكى — ئوقيانىڭ ياغاچ دەستىسى.

236. ئەستەرخا كېسىلى — مۇسكۇللارنىڭ ھالسىزلىنىپ شەلۋەرەپ قېلىش ھالىتى.

237. بىيلەك (ياكى بېلەك) ياپىلاق ئۇچلۇق ئوق.

238. «قۇرئان كەرىم»، 13 ـ سۈرە، 11 ـ ئايەت.

239. قالقان — قۇياش.

240. چىن دېڭىزى — تىنچ ئوكيان، يەنى شەرق تەرەپ.

241. بېھىستۇن — ئىراندىكى ھەمەدان شەھرىنىڭ تەخمىنەن 100 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان تاغ قىيا تاشلىرى. ئۇنىڭغا ئاھمانىيلار ھۆكۈمدارى دارا I نىڭ بۇيرۇقى بىلەن (مىلادىدىن ئىلگىرى 522 — 486) پۈتۈكلەر ئويۇلغان. ئۇلاردا دارا I نىڭ ھەرخىل ئۆلكىلەردە

جەڭ قىلىپ زەپەر قازانغانلىقى ئېيتىلغان.

242. «قۇرئان كەرىم»، 33 ـ سۇرە، 38 ـ ئايەت.

243. ئەقرەب بۇرجى — 12 بۇرجىنىڭ سەككىزىنچىسى.

244. ئوغرىلانغان قىران — قىران — ھەرقانداق ئىككى سەييارىنىڭ بىرلىشىشى، يەنى ئۇلارنىڭ ئېكلىپتىكىسىنىڭ مەلۇم بىر دەرىجىسىدە توقۇنۇشى.

245. ئۈچلۈك قىرانلىرى — 12 بۇرجىنىڭ ھەر ئۈچى بىر پەسىلگە كىرىدۇ ۋە ئېكلىپتىكىدا بىر بۇرجەكتە ياتىدۇ.

246. ئونىنچى قىران — جەدى بۇرجى.

247. «قۇرئان كەرىم»، 94 ـ سۇرە، 5 ـ ئايەت.

248. تىركەش — ئوقدان.

249. باقلان جىلغىسى — ھازىرقى نامى باغلان بولۇپ، شىمالىي ئافغانىستاندىكى ۋادى، ۋىلايەت ۋە شەھەر.

250. نەسەف ۋە نەخشەب — قەشقە دەريا ۋىلايىتىدىكى قەدىمكى شەھەر بولۇپ، ھازىرقى قەرشى شەھىرىدىن تەخمىنەن 8 كىلومېتىر غەربىي شىمالغا جايلاشقان. خارابىلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا شۇللۇكتەن نامى بىلەن مەلۇم. نەخشەب شەھىرىنىڭ قەدىمىي نامى 9—13 ئەسىرلەردىكى ئەرەب مەنبەلىرىدە ئاساسەن نەسەف دەپ يېزىلغان. نەخشەب (نەسەف) موغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدە خاراب بولغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قەرشى شەھىرى بىنا قىلىنغان.

251. جەمشىد — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دىكى پادىشاھ جەمشىد؛ ئۇنىڭدا ھەمەل كىرىشى بىلەن دېۋىلەر جەمشىدنى كۆتۈرۈپ ئۇچقانلىقى ۋە قۇياش شولىسى چۈشۈپ، ئۇنىڭ تاجىدىن نۇر تارقالغانلىقى نەزم قىلىنغان. مەتىندە باھار قۇياشىنىڭ نۇرلىرى جەمشىدنىڭ تاجىدىن تارقالغان نۇرغا ئوخشىتىلىدۇ.

252. شەرەپ سارىيى — (شەرەپ ئۆيى، شەرەپ قونالغۇسى ۋە باشقىلار) — ئېكزىلتاتسىيە؛ بىرۇنىينىڭ يېزىشىچە، بۇنىڭدا سەييارىلار ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھلارنى

ئەسلىتىدۇ.

253. بۇ يەردە گۈل ۋە ئۇنىڭ ياپراقلىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى زەھھاك ۋە ئۇنىڭ تەختىگە ئوخشىتىلغان.

254. ... شەھەرنىڭ سىرتىنى — بۇ يەر كانىگىل ئىكەنلىكى مەتىنـ نىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغان.

255. سەربەدارلار — 14 ـ ئەسىرنىڭ 30 — 80 ـ يىللىرىدا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا موغۇللار ۋە يەرلىك فېئودالالارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى. سەربەدارلار ھەرىكىتىگە ئاساسەن دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق يەر ئىگىلىرى، قۇللار قاتناشقان.

256. ... خان — قابۇلشاھ ئوغلان.

257. كېيىنرەك ئەلى دەرۋىشنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ پەرمانى بىلەن قەتلە قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان.

258. ئالىقىنىدا شامال — پارسچە ئىبارە بولۇپ، مەنىسى: «ھېچـ نەرسىسى قالماسلىق»؛ قولى بۇ (غەم) دان بېشىدا — پارسچە ئىبارە بولۇپ، مەنىسى: «ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈش».

259. 9263 ـ نومۇرلۇق قوليازمىدىن ئېلىندى. 4472 ـ نومۇرـ لۇق قوليازمىدا 777/1375 دەپ خاتا يېزىلغان.

260. ئەھدىنامە — مەكتۇپ شەكلىدە ئەۋەتىلگەن ۋەدىنامە.

261. پەيغام — بۇ يەردە ئاغزاكى خەۋەر مەنىسىدە.

262. توپ — چەۋگان ئويۇنىـنىڭ توپـى كۆزدە تۇتـۇلىدۇ. (چەۋـ گان — ئاتلىق ئوينايدىغان توپ ئويۇنى. — ت)

263. بايسۇن — ھازىرقى سۇرخان دەريا ۋىلايىتىدىكى بايسۇن تۇمەنـ نىڭ مەركىزى. (تۇمەن — ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىـ يادىكى مەمۇرىي رايون — ت.)

264. سابا شامىلى — تاڭ سەھەردە چىقىدىغان مەيىن شامال.

265. مەۋكەب — پادىشاھنىڭ يېنىدا دەبدەبە بىلەن يۈرىدىغان (كۆـ پىنچە ئاتلىق) لەشكەرلەر.



www.uyghurkitap.com

266. مۇقەرنەس — ئىمارەتنىڭ تورۇسىنى بېزەشتە قوللىنىلىدىغان نەقىش تۈرى. شەرق مىمارچىلىقىدا 7—8 - ئەسىرلەردە پەيدا بولۇپ، تۆمۈرىيلەر دەۋرى مىمارچىلىقىدا كەڭ تارقالغان.

267. چاغانا — «زەپەرنامە» نىڭ باشقا نۇسخىسىدا «چاغانىيان» بولۇپ، ھازىرقى سۇرخان دەريا ۋىلايىتىنىڭ قەدىمكى نامى.

268. تەنگى چەكچەك — (چەكچەك جىراسى) — چەكچەر تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى جىرا؛ ھازىرقى نامى جەكدەرە (قەشقە دەريا ۋىلايىتىنىڭ دېھقانئاباد تۇمەنى چېگرىسىدا).

269. دېھنەۋ — تەخمىنەن ھازىرقى دېھقانئابادنىڭ يېنىدىكى تۇرالغۇ جاي.

270. تەنگى ھەرەم — قەشقە دەريا ۋىلايىتىنىڭ دېھقانئاباد تۇمەنىدىكى يېزا، 1925 - يىلدىن باشلاپ دېھقانئاباد يېزىسى (تۇمەن مەركىزى) بولغان.

271. قاتىلىش مەھەللىسى — «چەكدالىك» گە قارالسۇن.

272. چەكدالىك — چەكدالىكنىڭ ئىككى دەرياسى — ھازىرقى چەكچەر تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆرە دەريا ۋە كىچىك ئۆرە دەريا سايلىرى (غۇزار دەرياسىنىڭ ئاساسىي تارماقلىرى). دېمەك، 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى چەكدەلىك (باشقا نامى قاتىلىش، يەنى ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇشى)، ھازىرقى پەچكەمەر سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

273. سەنجەرىيلەر — ئاساسىنى تۈرك — ئوغۇز قەبىلىلىرى تەشكىل قىلغان سەلجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ (11 — 14 - ئەسىر) پادىشاھى سۇلتان سەنجەر مالىكشاھ (1086 — 1157) نامى بىلەن ئاتالغان تائىپە.

274. بوردالىق — ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىغا جايلاشقان تۇرالغۇ جاي. 14 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا مەرۋ — قەرشى كارۋان يولىدىكى دەريادىن ئۆتۈش ئورنى ئاساسەن شۇ يەردە بولغان. بوردالىق 15—16 - ئەسىردىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى خېلى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق بۇ دەۋردە كەلىف مەھەللىسى مەشھۇرراق ئىدى. ھازىرقى نامىمۇ بوردالىق

(بۇردالىق) بولۇپ، تۈركمەنىستاننىڭ چارجوي ۋىلايىتىگە تەۋە.

275. ھىرات پادىشاھى — شۇ يىللاردا ھىراتتا كۈرت سۇلالىسىنىڭ ۋەكىلى مالىك مۇئىززۇددىن ھۈسەيىن (1331 — 1370) ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

276. قاراۋۇناس — چاغاتاي ئۇلۇسىدا، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغۇچىلار ئۆزلىرىنى «موغۇل» دەپ، غەربىي قىسمىدىكى (تۈرك - موغۇل قەبىلىلىرىنى «قاراۋۇناس» (چېتىشقان موغۇللار) دەپ ئاتىغان بولسا، غەربىدىكىلەر ئۆز نۆۋىتىدە شەرقىي قىسىمدىكىلەرنى «جەتە» (قا- راقچىلار)، ئۆزلىرىنى بولسا پەخىرلىنىپ «چاغاتايلار» دەپ ئاتاشقاندى.

277. قەرەغاشۇنتۇيا ۋە گۈنبەدى لەۋلىي (9263 - نومۇرلۇق قول- يازمىنىڭ 406 - بېتىدە: قەرەغاشۇن — تۆبە؛ گۈنبەدىي تەۋلىي) — تەخمىنەن ھازىرقى قوشتېنە ۋە سەۋلىگەر - غوزار تۈمەنىدىكى يېزىلار.

278. «قۇرئان كەرىم»، 65 - سۈرە، 3 - ئايەت.

279. «قۇرئان كەرىم»، 6 - سۈرە، 18 - ئايەت.

280. «قۇرئان كەرىم»، 30 - سۈرە، 5 - ئايەت.

281. بارلىق ۋە يوقلۇق ھەققىدە سوپىلارچە شەرھىي: پەقەت ئاللا ئەبەدىي مەۋجۇت زاتتۇر (ۋەھدەئى ۋۇجۇد)؛ ئىنسان ھەقىقىي يوق بولۇش ئۈچۈن ئۆزلىكتىن كېچىپ خۇدا بىلەن بىرىكىشى كېرەك.

282. «قۇرئان كەرىم»، 40 - سۈرە، 44 - ئايەت.

283. بۇ بېيىت «زەپەرنامە» نىڭ 9263 - نومۇرلۇق قوليازمىسىدىن ئېلىندى.

284. «قۇرئان كەرىم»، 65 - سۈرە، 3 - ئايەت.

285. «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە، 159 - ئايەت.

286. شەبگىر قىلىش — تاڭغا يېقىن يولغا چىقىش.

287. كونا فەزد — ھازىرقى فەزلى يېزىسى، قەشقە دەريا ۋىلايىتى- نىڭ نىشان تۈمەنىدە.

288. شىركەنت — «زەپەرنامە» نىڭ تېھران نەشرىدە «شەھرۇ كەنت»؛ ھازىرقى بېشكەنت ئاھالە ئولتۇراق رايونى بولۇپ، قەرشى تۈمەن-



www.uyghurkitap.com

ـنىڭ مەركىزى.

289. شەبخۇن (شەبخۇن) قىلىش — كېچىسى ياۋ ئۈستىگە باستۇ- رۇپ بېرىشى.

290. خەندەك — شەھەر ياكى قورغان سېپىلىنىڭ سىرتقى ئايلانمى- سىغا ياكى جەڭ مەيدانىدا دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە قېزىلغان چوڭقۇرلۇق. ئۇنىڭغا ئادەتتە سۇ تولدۇرۇلىدۇ.

291. خاكرېز — قەلئە ياكى قورغاننىڭ دۈشمەن ئوقلىرى ۋە ھۇجۇ- مىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە توپا دۆۋىلەپ كۆتۈرۈلگەن تاشقى قىسمى؛ ھۇجۇمنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تۆشۈكلەر قىلىنغان.

292. بارۇ — قەلئە ۋە قورغان سېپىلى.

293. بۇرغا — كاناي - سۇنايلارنىڭ بىر خىلى.

294. بۇرج — قەلئە سېپىللىرىگە تۇتاشقان مۇنار بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ بۇرجەكلىرىدە بولىدۇ. قەلئەنىڭ مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ياسىلىدۇ.

295. دەرۋازا كۆۋرۈكى — قەلئە دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدا خەندەك ئۈستىگە قۇرۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى مەخسۇس قۇرۇلما ياردىمىدە بىر تەرەپكە كۆتۈرۈپ قويىدۇ.

296. ئېلبۇرس تېغى — كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلار.

297. ··· قىزىدى ساز — ئوقيا ئوقىنى تۇتقاندا باش بارماق كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

298. ··· بولدى ھەمراز — ئوقيانى قاتتىق تارتقاندا، ئۇ ئېگىلىپ ئۇچلىرى قۇلاققا يېتىدۇ.

299. ··· ھەرىلەرگە — ئوقلارغا.

300. پەيكان — ئوقىنىڭ تۆمۈر ئۇچى.

301. كەپەنەك — كېگىز يېپىنچا.

302. مەتىن ئەرەب تىلىدا.

303. مەنزىلگاھ — قارارگاھ، قونالغۇ.

304. تەھرىر مەجلىسىدە — «زەپەرنامە» گە كىرگۈزۈش لازىم بول-

غان تەپسىلاتلارنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىبراھىم سۇلتان بىر توپ مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن تەھرىر مەجلىسى ئاچقانلىقى باشتا ئېيتىلغانىدى.

305. يۈسۈف قىسسىسى — فىردەۋسىنىڭ «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا» داستانى. شائىر ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى باغدادتا ياشىغان چاغلىرىدا يازغان. داستانغا قۇرئاندىكى «يۈسۈف» سۈرىسى ئاساس قىلىنغان. فىردەۋسىنىڭ ئۆز «شاھنامە»سى ھەققىدە مەزكۇر يازغانلىرى ئەسلىدە كىنايە بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر شۇ دەۋردە بۈيۈك داستانىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. (بۇ ھەقتە ئەبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىگە قارالسۇن). بىرىنچى كىتاب پارسچىدىن شا ئىسلام شامۇھەممەدۇۋ تەرجىمىسى. 1975 ـ يىل نەشرى، 11 ـ بەت).

306. تەرجىمىدىكى 3 — 6 ـ مىسرالار «زەپەرنامە» نىڭ تاشكەنت نۇسخىسىدا يوق. تېھران نەشرىدىن ئېلىندى.

307. ئۇ پەردە — يەنى جەننەتتە؛ بۇ پەردە سۆز ئويۇنى قوللىنىلغان؛ «فىردەۋس» سۆزىنىڭ «جەننەت» دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

308. تەكامىشى — (تەگامىشى) — مەتىندە «نەكامىشى» دەپمۇ يېزىلغان بولۇپ، مەنىسى «كەينىدىن قوغلاش».

309. جەۋانغار — تۈركىي ـ موغۇلچە ئاتالغۇ. تارىخىي مەنبەلەر ۋە لۇغەتلەردە جۇۋانغار، جۇۋۇنغار، جارانغار شەكىللىرىدە يېزىلغانلىقىمۇ ئۇچرايدۇ. «قوشۇننىڭ سول قانىتى» مەنىسىدە.

310. بەرانغار — تۈركىي ـ موغۇلچە ئاتالغۇ. تارىخىي مەنبەلەر ۋە لۇغەتلەردە بۇرۇنغار، بۇرانغار، بورۇنغار شەكىللىرىدىمۇ يېزىلغان؛ «قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى» مەنىسىدە.

311. سەرسەر شامىلى — كۈچلۈك سوغۇق شامال.

312. مەتىن ئەرەب تىلىدا.

313. مەتىن ئەرەب تىلىدا.

314. بۇ نىكاھ ھەققىدە «زەپەرنامە» دە ئاخىرىدىراق يېزىلغان.

315. شۇ قىش — يەنى 767 (1365 — 1366) ـ يىلنىڭ قىش پەسلى.

316. خەزىنەئى ئامىرە — ئاۋاتچىلىق خەزىنىسى.

317. ئامويانى تەۋەلىرى بىلەن — يەنى ئامويانى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يەرلەرنى؛ ئامويا خۇراساندىن بۇخاراغا بارىدىغان ئەڭ يېقىن كارۋان يولىدا، ئامۇ دەريا بويىدىكى تۇرالغۇ ئورۇن. باشقا ناملىرى ئامۇل، ئامۇل ئەش شەت؛ هازىرقى چارچوي. لېكىن «زەپەرنامە» مەتنىدىن مەلۇم بولىدۇكى، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئامويا ئامۇ دەريانىڭ ئوڭ ساهىلىدا (هازىرقى فاراب يېزىسىنىڭ ئورنىدا) بولغان.

318. ئاقفيا — قەشقە دەريا ۋىلايىتى دېهقانئاباد تۇمەنى چېگرىسىدىكى ئېگىزلىك.

319. بەدىر غەلىبىسى — مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن ئېلىپ بارغان دەسلەپكى جېڭى. ئۇ 624 ـ يىلى 15 (ياكى 17) ـ مارتتا مەدىنە شەهىرىدىن 150 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبقا ئورۇنلاشقان بەدىر قۇدۇقلىرىنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەن. جەڭ مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان ۋە بەدىر غەلىبىسى نامى بىلەن مەشهۇر بولغان. بۇ ۋەقە هەققىدە قۇرئاننىڭ 8 ـ سۈرىسىدە ئېيتىلغان.

320. ئوهۇد ۋەقەسى — مەدىنە شەهىرىدىن 5 كىلومېتىر شىمالغا جايلاشقان ئوهۇد تېغىدا 625 ـ يىل 23 ـ مارتتا مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلار ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان. ئۇنىڭدا مەككىلىكلەر بىر مۇنچە ئۈستۈن كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىرغىچە ئۇرۇشماي مەككىگە قايتىپ كەتكەن. بۇ ۋەقە هەققىدە قۇرئاننىڭ 3 ـ سۈرىسىدە ئەسلىتىلگەن.

321. سۇلايمانلىق سەلتەنىتى — تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان قەدىمىي دانىشمەن پادشاھ سۇلايمان ئىبنى داۋۇد (ئۇ هەقتە قۇرئاندىمۇ 2، 4، 6، 21 ـ ۋە باشقا سۈرىلەردە تىلغا ئېلىنغان). رىۋايەت قىلىنىشىچە سۇلايمان ئەلەيهىسسالام قولىدىكى سېهرىي ئۈزۈك ۋاسىتىسىدا تەبىئەت

www.uyghurkitap.com

هادىسىلىرى، جىنلار، دېۋىلەر، ئالۋاستىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈز-
گەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، سېھىرلىك ئۈزۈك دېۋىنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قېلىپ، ئۇ قىرىق يىل داۋامىدا سۇلايمان تەختىدە پادىشاھلىق قىلغانىكەن.

322. كوردۆك يولى — كوردۆك دېھقانئاباد تۇمەنىدىكى كوردەرە ئېدىرى (دۆڭلۈكى)، دېھقانئاباد يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

323. «زەپەرنامە» نىڭ 9263 نومۇرلۇق نۇسخىسىدا پەقەت ئىككىنچى مىسرا بېرىلگەن.

324. شەيخ سەيفىددىن باخەرزىي — (576 — 658 / 1180 — 1259) يىللاردا ياشىغان ئاتاقلىق شەيخ ـ ئالىم، خۇراساننىڭ باخەرز شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، بۇخارادا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇل مەئالىي سەئىد ئىبنى مۇتەخخىر ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەلى ئەس سوپى ئەل باخەرزىي شەكلىدىمۇ يېزىلغان.

325. بەكاۋۇل (بۇكاۋۇل) — ئېنىقراقى «بەگاۋۇل»؛ بۇ يەردە «كىچىك قوشۇن توپى» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىپ كەلگەن.

326. «قۇرئان كەرىم»، 96 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەتتىن. بۇ ئايەتنىڭ تولۇقراق مەزمۇنى 5 ـ ۋە 6 ـ ئايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا مەلۇم بولىدۇ: «(ئاللا) ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (ئاللاغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستىنلا ھەددىدىن ئاشىدۇ.»

327. ئېھرام — ئۇلۇغ دەرگاھ، ئادەتتە كەئبە زىيارىتى ئۈچۈن ئاتالغان لىباس — ئىككى پارچە ئاق رەخت؛ ئۇنىڭ بىر پارچىسى (رىدا) نى مۈرىدىن ئايلاندۇرۇپ ۋە ئىككىنچى پارچىسى (ئىزار) نى بەلدىن پەسكە ئورايدۇ. ئومۇمەن ئېھرام مۇقەددەسلىنىش، پاك بولۇش ھالىتىگە ئۆتۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

328. تۆتكۆل يولى — تۆرتكۆل — ھازىر قاراقالپاقىستاندىكى تۆرتكۆل شەھىرى، شۇ نامدىكى تۇمەننىڭ مەركىزى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۆتكۆلگە بارىدىغان ئاساسىي يول ئامۇيا ئارقىلىق ئۆتكەن (يۇقىرىدا «ئامۇيا» غا بېرىلگەن 317 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).

329. هاجى بارلاسنىڭ خۇراساندا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئالدىنقى ۋەقەلەر بايانىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن.

330. غازانخان — مەھمۇد غازانخان (1295 — 1304)، ئەلخانىيلار سۇلالىسىدىن، ئىراندا موغۇللاردىن تەختكە ئولتۇرغان يەتتىنچى ھۆكۈمدار.

331. ئەمىر نەۋرۇز ئەرغۇن ئاغا ئوغلى — ئەرغۇن — ئىراندىكى ئەلخانىي ھۆكۈمدار (1284 — 1291).

332. مالىك شەمسىددىن كۇرت — خۇراسان ھۆكۈمدارى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى رۇكنىددىن بولۇپ، ئاتىسى شەمسىددىننىڭ ئىسمى بىلەن كىچىك شەمسىددىن دەپمۇ ئاتالغان. 1278 — 1294 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن پەخرىددىن كۇرت ھۆكۈمدار بولغان (1294 — 1331).

333. خەستار قەلئەسى — مەنبەلەردە كۆپىنچە خەيسارى غۇر شەكلىدە يېزىلغان؛ ھىراتنىڭ شەرقىدىكى تاغلار ئارىسىدىكى قورغان.

334. بۇ پىتنىنى خوجا سەدرىددىن ئۇيۇشتۇرغانلىقى «مۇقەددىمە» دە ئېيتىلغان.

335. ماڭقوت — (ماگۇت، ماڭخۇت) — موغۇل قەبىلىسىنىڭ نامى.

336. ئەبۇ سەئىد — ئەلخانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىران تەختىگە ئولتۇرغان توققۇزىنچى موغۇل ھۆكۈمدارى (1316 — 1335). ئۇنىڭدىن مىراسخور پەرزەنت قالمىغان.

337. ئەمىر چوپان سۇلدۇز — ئەلخانىي سۇلتانلىرىدىن غازانخان، ئۆلجايتۇ ۋە ئەبۇ سەئىد سەلتەنىتى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ لەشكەر باشلىقى بولغان. سۇلتان ئەبۇ سەئىد پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا (1327 - يىلغىچە) ئۇ (سۇلتان ئەبۇ سەئىد) تېخى ياش بولغانلىقى ئۈچۈن سەلتەنەتنى باشقۇرۇپ تۇردى.

338. «مۇقەددىمە» دە ئۇنىڭ 728 (1327) - يىلى ئۆلتۈرۈلۈپ كاللىسى سۇلتان ئەبۇ سەئىدكە ئەۋەتىلگەنلىكى ئېيتىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

339. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.
340. «زەپەرنامە» نىڭ 4472 ـ نومۇرلۇق قولىيازمىسى.
341. «قۇرئان كەرىم» ، 4 ـ سۇرە، 86 ـ ئايەت.
342. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.
343. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.
344. جويبارى مەھەللىسى — غۇزار دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى.
345. قوزىمۇنداق مەھەللىسى — تەخمىنەن قەمەشى تۇمەنىدىكى قىزىل تىنا يېزىسى.
346. نۇسخىلاردا ھەرخىل يېزىلغان: 9263 ـ نومۇرلۇق قولىيازمىنىڭ 476 ـ بېتىدە: «بارات خوجا» ؛ تېھران نەشرىدە: «بايان خوجا» .
347. نەۋقەت — كېش — نەسەف يولىدىكى قەدىمىي شەھەر؛ 10 — 13 ـ ئەسىرلەر يازما مەنبەلىرىدە «نەۋقەد — قۇرەيش» شەكلىدىمۇ يېزىلغان. تەخمىنەن ھازىرقى قەشقە دەريا ۋىلايىتىنىڭ قاماشى تۇمەنىدىكى قارا باغ يېزىسى.
348. چوق (جوق) — تۈركچە سۆز بولۇپ، ئادەم، ئۇچارقانات ۋەھاكازالارنىڭ توپى.
349. جىبا (جىيبا، جىبا، جىيبە) — تۈركچە سۆز؛ مۇداپىئە كىيىملىرى: ساۋۇت قاتارلىقلار.
350. ئابى رەھمەت دەرياسى — سىياب (سىياھاب، قاراسۇ) ئۆستىڭنىڭ ئوك تارمىقى؛ سەمەرقەند شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان كوھاك (چوپان ئاتا) تۆپىلىكى ئېتىكىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، زەرەپشان دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.
351. فەريانكەنت ۋە ساغارج — سۇغدىنىڭ قەدىمىي مەھەللىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 12 — 13 ـ ئەسىرلەر مەنبەلىرىدە ئىشتىخانغا تەۋە دېيىلگەن. مەھمۇد ئىبنى ۋەلى (17 ـ ئەسىر) ئۇلارنى ئاۋات شەھەر ۋە يېزىلار دەپ يازغان؛ 18 ـ ئەسىردىمۇ ئاۋات جايلار دەپ تىلغا ئالغان. تەخمىنەن ھازىرقى سەمەرقەند ۋىلايىتىنىڭ ئاق دەريا تۇمەنىدىكى يېڭى قورغان يېزىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى.

352. بەھرام قىساس — بەھرامدەك قىساس ئالغۇچى؛ بەھرام مىر-رىخ (مارس) سەييارىسى، قەدىمكى مۇنەججىملەر ئەقىدىسىدە ئۇرۇش ھامىيسى.

353. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

354. ... دەريانىڭ — ئامۇ دەريانىڭ.

355. ... نېرىقى تەرىپىدىن — ماخاندىن.

356. سەمەرقەند دەرياسى — بۇ يەردە زەرەپشاننىڭ سول تارمىقى، يەنى قارا دەريا نەزەردە تۇتۇلغان.

357. قاراچۇق — تەخمىنەن نۇراتە تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان قارا تاش يېزىسى، غەللە ئارال تۇمەنىدە.

358. سالار بۇلاق — تەخمىنەن ھازىرقى سەمەرقەنت ۋىلايىتىنىڭ ئۇرگۇت تۇمەنىدىكى بەشبۇلاق يېزىسى.

359. تېھران نەشرىنىڭ 121 - بېتىدە: «ئۇلجايتۇ ئەپەردىنىڭ ئوغلى».

360. بۇلۇنغۇر دەرياسى (بۇلۇنغۇر ئۆستىڭى) — زەرەپشان دەريا-سىدىن سۇ ئالىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى قاناللاردىن بىرى (مىلادىدىن ئىلگىرى قېزىلغان) بولۇپ، ئۇلۇغ يېزىسىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر، سۈيىنىڭ سۇغىرىشتىن ئاشقان قىسمى ئاق دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

361. رەبائى مالىك — جىزرەخ ۋىلايىتىنىڭ زەمەن رايونىدىكى رەۋات يېزىسى.

362. نۇسخىلاردا يېزىلىشتا پەرقلەر بار. 4472 - نومۇرلۇق قول-يازمىدا «خەرمەن» 9263 - نومۇرلۇق قولىيازمىنىڭ 50 - بېتىدە «جەز-مەن» دەپ يېزىلغان.

363. دىزاق — ھازىرقى جىزەخ شەھىرى.

364. يەتتە قۇدۇق يولى — تەخمىنەن ھازىرقى تاشكەنتنىڭ «جىز-زەخ» ئاپتوموبىل يولى (شىمالىي يول)

365. خاۋەس مەھەللىسى — ھازىرقى سىر دەريا ۋىلايىتىدىكى خاۋاس

www.uyghurkitap.com

مەھەللىسى.

366. مەتىندە ئەمىر تۆمۈرنىڭ شۇ كۈنىلا دىزاقتا ھۇجۇم قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك تاشكەنتتىن سەمەرقەند تەرەپكە بارىدىغان ئاساسىي يوللارنىڭ توسۇۋېلىنغانلىقى ۋەجىدىن، خوجەند دەرياسى دېگەندە بۇ يەردە ئادەتتىكىدەك سىر دەريانى ئەمەس، بەلكى زەمىن دەرياسىنى نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

367. «قۇرئان كەرىم»، 80 ـ سۈرە، 34 ـ ئايەت.

368. خۇمرەك مەھەللىسى — ئاھەنگەران دەرياسى ساھىلىدىكى، ئۇنىڭ سىر دەرياغا قۇيۇلۇش قىسمىدىكى مەھەللە؛ ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

369. ئاقكۆتەل — تەخمىنەن ھازىرقى جىززەخ ۋىلايىتىنىڭ بەخمەل رايونىدىكى ئاقتاش يېزىسى.

370. قاراموم (قەتران) — ياغاچ، تورف، تاشكۆمۈر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ھاۋاسىز قىزدۇرۇپ ئېلىنىدىغان قويۇق قارا ماددا.

371. پارسىن كېچىكى — ئاھانگەران دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن جەنۇبراقتا جايلاشقان سىر دەرياسىدىكى كېچىك.

372. سايرام — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي شەھەر. ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چىمكەنت شەھىرىدىن 12 كىلومېتىر شەرقتە. قەدىمكى نامى ئىسپىجاب.

373. چىمكەنت يېزىسى — ھازىرقى چىمكەنت شەھىرى. قازاقىستاننىڭ چىمكەنت ئوبلاستىنىڭ مەركىزى.

374. قىشلاش ئورنى — قىشنى ئۆتكۈزىدىغان جاي.

375. ئەرھەڭ ساراي — قەدىمكى تۇخارىستان ۋىلايىتىدىكى ئەرھەڭ شەھىرى بولۇپ، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئەرھەڭ ساراي دەپ نام ئالغان؛ تەخمىنەن 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇنى ئىمام (ھازىرقى ئىمام) دەپمۇ ئاتىغان. ھازىرقى نامى ئىمام ساھىب بولۇپ، پەنج دەرياسىنىڭ سول ساھىلىدا، يەنى ئافغانىستاندا.

376. مەتىن ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

377. «قۇرئان كەرىم»، 49 ـ سۈرە، 9 ـ ئايەت.

378. «قۇرئان كەرىم» ، 4 ـ سۈرە، 128 ـ ئايەت.
379. سەفا كەئبىسى — مەتىندە ئىككى خىل مەنىدە بېرىلگەن. 1) «سەفا كەئبىسى» — سەممىسىلىك كەئبىسى؛ 2) «سەفا كەئبىسى» — كەئبىنىڭ يېنىدىكى سەفا ۋە مەرۋە تۆپىلىكلىرىنىڭ نامى؛ كەئبە زىيارىتىدىن كېيىن شۇ تۆپىلىكلەر ئارىسىدا يەتتە قېتىم مېڭىپ ئۆتۈش ھەج شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.
380. غانچى شەھەرچىسى — غانچى ھازىرقى خوجەند ۋىلايىتىدىكى شەھەرچە بولۇپ، ئوراتۆپە شەھىرىنىڭ يېنىدا.
381. «قۇرئان كەرىم» ، 74 ـ سۈرە، 50 — 51 ـ ئايەتلەر.
382. كوھاك دەرياسى — زەرەپشان دەرياسى.
383. بەلخ — شىمالىي ئافغانىستاندا، ھازىرقى مازارى شەرىف شەھىرىنىڭ غەربىدىكى كونا شەھەر. ئۆتكەن ئەسىرلەر يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ ساقلانغان.
384. شىبىرغان — ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان شەھەر. جۇزجان ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى.
385. قۇندۇز — ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر (قەدىمكى نامى ۋەلۋالىز) ، مەمۇرىي ـ سىياسىي مەركەز. ھازىرقى شۇ نامدىكى يېزا.
386. ئىشكەمىش يايلىقى — قۇندۇزدىن 90 كىلومېتىر شەرقىي شىمالدىكى مەھەللە. ھازىرمۇ شۇ نامدا.
387. ھىندۇقۇش داۋىنى — ھىندۇقۇش تاغ تىزمىسىدىكى ھازىرقى شىبەر داۋىنى. ئېگىزلىكى 2981 مېتىر.
388. ... ئۆگزىسىنىڭ ئاتلىرى — قەلئە كۇنگۇرلىرى.
389. پەلەك ھىندۇسى — ئاسمان قاراڭغۇلۇقى.
390. ئەمىر قازاغاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئەمىر ئابدۇللا پايتەختىنى سالى سارايدىن سەمەرقەندكە كۆچۈرگەنلىكى، لېكىن كېيىنچە ماۋەرائۇننەھر ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىققاندىن كېيىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر «زەپەرنامە» نىڭ 946 — 950

بەتلىرىدە بايان قىلىنغان.

391. دارا — ئەھەمانىيلار سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرى 558 — 330 - يىللىرى) ئاخىرقى پادشاھى دارا Ⅲ (مىلادىدىن ئىلگىرى 336 — 330)؛ ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي) باشچىلىقىدىكى يۇنان قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولغانىدى.

392. دوغلات ئايمىقى — دوغلات (دۇگلات، دۇكلات) — موغۇل قەبىلىلىرىدىن بىرى. رەشىدىنىڭ يېزىشىچە، دوغلاتلار تۈمەنە خانىنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى بۇرۇلجەر دۇكلەيدىن تارقالغان.

393. ئەركەنۇت (ئەركەنىۇد، ئەرغەنۇت، ئەرغۇ، ئەرغۇن ۋەھاكازالار) — قەدىمىي تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى.

394. تايخان — ھازىرقى نامى تالىقان بولۇپ، ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى شەھەر. قەدىمدە توخارىستان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى.

395. كىشىم — بەدەخشان ۋىلايىتىدىكى قەدىمكى شەھەر بولۇپ، كۆكچە دەرياسى (پەنج دەرياسىنىڭ سول تارمىقى) نىڭ يۇقىرى قىسمىدا.

396. كەرگەس داۋىنى — كۆكچە دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى تاغ داۋىنى.

397. فەغفۇر — چىن خاقانى.

398. جۇرم داۋىنى — كۆكچە دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى تاغ داۋىنى.

399. جۇرم دەرياسى — ھازىرقى جۇرم دەرياسى بولۇپ، كۆكچە دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئاساسىي تارماقلىرىدىن بىرى.

400. ئارتۇج جىراسى — ھازىرقى ۋاردۇج جىراسى ۋە دەرياسى بولۇپ، كۆكچە دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئاساسىي تارماقلىرىدىن بىرى.

401. قوڭۇر ئۆلاڭ — كۆكچە دەرياسى قۇيۇلىدىغان جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغلار.

402. توققۇز - توققۇز — ھەر تۈرلۈك خىل نەرسىلەردىن بولغان سوۋغات.

403. بەدەخشان شەھىرى — قەدىمكى بەدەخشان تارىخىي - جۇغراپىيىلىك ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى، ھازىرقى نامى پەيزئاباد بولۇپ، ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى شەھەر، بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى.

404. قەيىر تېگىن — ھازىرقى ئاتىلىشى قاراتېگىن بولۇپ، تاجىكىستاندىكى تارىخىي - جۇغراپىيىلىك ۋىلايەت.

405. دەرزىي — توغرىسى «ۋەرزىي» ھازىرقى ۋەرزاب بولۇپ، تاجىكىستاندىكى تاغلىق ناھىيە. ھىسار تاغ تىزمىسىدا.

406. ئەرھاڭ — 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئەرھاڭ ساراي، ئۇ ھەقتە ئالدىنقى تەرجىمىلەردە ئىزاھلاپ ئۆتتۇلگەن.

407. ۋەھىي — ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن خەۋەر، بۇيرۇق ۋە باشقىلار. ۋەھىي ئادەتتە ئاللا تەرىپىدىن جىبرىئىل پەرىشتە ۋاستىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.

408. «قۇرئان كەرىم»، 53 - سۇرە، 10 - ئايەت.

409. «قۇرئان كەرىم»، 53 - سۇرە، 4 - ئايەت.

410. «قۇرئان كەرىم»، 10 - سۇرە، 14 - ئايەت.

411. «قۇرئان كەرىم»، 12 - سۇرە، 56 - ئايەت.

412. «قۇرئان كەرىم»، 35 - سۇرە، 2 - ئايەت.

413. «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۇرە، 34 - ئايەت.

414. «قۇرئان كەرىم»، 6 - سۇرە، 164 - ئايەت.

415. تاھا ۋە ياسىن — «قۇرئان كەرىم» دىكى «تاھا» ۋە «ياسىن» سۇرىلىرىنىڭ نامى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن ئېلىنغان: «تاھا» سۆزى «تاھىر» ئىسمىدىكى «ت» ھەرپىگە ۋە «ياسىن» سۆزى، «سەيىد» سۆزىدىكى «ي» ھەرپىگە ئىشارەت شەكلىدە بېرىلگەن.

416. زەبەرجەد — سۇزۇك ئاچ يېشىل قىممەت باھالىق تاش. بۇ بېيىت مەتىندە ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭدىكى قۇياش (شەمسى) ۋە تۈن (لەيل) سۆزلىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ «شەمسى» سۇرىسىگە ئىشارە قىلىنىدۇ. بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا مۇئەللىپ سەيىد بەرە-

كەنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئادەملىرى ئىچىدە «گۆھەر» ۋە ئالىملىرى ئىچىدە «زەبەرجەد» دەپ ئاتايدۇ.

417. ئۇنۋان (دەرىجە) — دىنىي بىلىملەردە مەلۇم باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى.

418. سەيىد بەرەكە (1404 ـ يىلى ۋاپات بولغان) — تېرمىز سەيىدلىرىدىن ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۈچ ئاساسىي پىرىدىن بىرى.

419. رەقەم سىلىش — يېزىش. بۇ يەردە «ئىمزا قويۇش» مەنىسىدە كەلگەن.

420. ۋەخپە — بىرەر مۇئەسسەسە نامىغا پايدىلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋېتمەسلىك شەرتى بىلەن رەسمىيلەشتۈرۈلگەن مۈلۈك.

421. ئەھلى بەيت — بەيت — بەيتۇللا، يەنى كەئبە ئۆيى؛ ئەھلى بەيت — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى.

422. «قۇرئان كەرىم»، 33 ـ سۈرە، 33 ـ ئايەت.

423. چاغانرۇد — سۇرخاندەريا (سۇرخان دەرياسى).

424. چاغانا (چاغانىيان) — تارىخىي چاغانىيان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى؛ ئۇنىڭ ئورنى ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئىككى خىل پىكىر مەۋجۇت: 1) ھازىرقى دېناۋنىڭ يېنىدا؛ 2) سەنگەردەك دەرياسىنىڭ سۇرخان دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايدا.

425. ئەۋباجە كېچىكى — كافەرنىھان دەرياسىنىڭ ئامۇ دەرياغا قۇيۇلىدىغان جايدىكى كېچىك. ھازىر ئۇ يەردە ئامۇ دەريانىڭ ئوڭ ساھىلىدا ئەيۋاج يېزىسى بار.

426. خۇلم مەھەللىسى — ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمىي شەھەر؛ ھازىر شۇ نامدىكى شەھەر. شىمال ـ جەنۇب ۋە شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدىكى خەلقئارا سودا يوللىرى ئۆتىشىدىغان جايدا ئىدى.

427. ئالاي — ھازىرقى ئالاي تاغلىرى بولۇپ، مەتىندە ئۇلاي شەكلىدىمۇ يېزىلغان.

428. شادىيان تېغى — ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان تاغ تىزمىسى. ھازىر مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. خۇلم شەھىرى مانا شۇ

www.uyghurkitap.com

تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان.

429. دارايى گەز دەرياسى — بەلخاب دەرياسىنىڭ تاغدىن ئېقىپ چىقىپ، بەلخ شەھىرىگە يەتمەي ھاسىل قىلىنغان تارماقلىرىدىن بىرى. دارايى گەز يايلاق ۋە خاننىڭ شىكار قىلىدىغان جايى، ئاھالە ماكانلىرى جايلاشقان ئاۋات جاي بولغان (كېيىنكى ئىزاھقا قاراڭ).

430. ئۇربۇز قەلئەسى — قەدىمكى نامى دارايى گەز قورغىنى بولۇپ، بەلخدىن تەخمىنەن 5 پەرساخ ئارىلىقتا ئىدى.

431. سەيىيارىلار قوشۇنىنىڭ خىسراۋى — قۇياش.

432. قىسقۇچپاقا چاڭگىلىدىن — قىسقۇچپاقا، يەنى سەرەتان بۇرجى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىلمىي نۇجۇمدا مەۋجۇت ئەقىدىگە ئاساسەن، يەر يۈزىدىكى ئۆلكىلەر ۋە ۋىلايەتلەر مەلۇم بۇرجلارغا تېگىشلىك بولغان. جۈملىدىن، بەلخ ۋىلايىتى سەرەتان بۇرجىغا مەنسۇپتۇر.

433. جالالىددىن رۇمىي (1207 — 1273) — بۈيۈك شەرق مۇتەپەككۇرى، بەلختە تۇغۇلۇپ، كىچىك ئاسىيادا ئىلىم تەھسىل قىلغان؛ «مەسنەۋىي رۇمى» ناملىق يىرىك شېئىرىي دىۋان ۋە باشقا ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان؛ تەسەۋۋۇفنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى، «مەۋلىۋىي» ناملىق تەسەۋۋۇف مەكتىپىگە ئاساس سالغان.

434. «قۇرئان كەرىم»، 7 ـ سۈرە، 34 ـ ئايەتتىن.

435. خوجا ئۆكاشە — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى؛ ئەبۇبەكرى خەلىپىلىكى دەۋرىدە (632 — 634) ئۆلتۈرۈلگەن. بەلخ شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى شەرقىي دەرۋازىسى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قەبرىستان شۇ نام بىلەن ئاتالغان. خوجا ئۆكاشەنىڭ قەبرى مانا شۇ قەبرىستاننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقانىدى. كېيىنچە خوجا ئۆكاشە نامى سىمۋوللۇق تۈس ئالدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىمۇ شۇ نامدا ئاتالغان جايلار بولغان.

436. ئەمىر ھۈسەيىن كۆتۈرگەن خان — بۇ خان ئادىل سۇلتان ئىكەنلىكى مەتنىنىڭ ئۆزىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان.

437. ئىنس ـ جىن — ئىنسان ۋە جىن.

www.uyghurkitap.com

438. «قۇرئان كەرىم»، 1 ـ سۈرە، 2 ـ ئايەت.

439. «قۇرئان كەرىم»، 22 ـ سۈرە، 41 ـ ئايەت.

440. «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە، 2 ـ ئايەت.

441. ئەمرىمەرۇف — ئىسلام شەرىئىتىدە جارى قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرگە ئۈندەش.

442. نەھيى مۇنكەر — ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلمىغان ئەمەللەردىن توختىتىشى.

443. تېھران نەشرىدە (1576): «جەلايىر».

444. مەتىن ئەرەب تىلىدا.

445. شەرەپ تەختىگە كۆتۈرۈلمەك — قۇياشنىڭ يۇكسەك دەرىجىسىگە، ھەمەل بۇرجىغا ئۆتۈشى.

446. زىج — ئاسترونومىك ھادىسىلەر.

447. ئۇستۇرلاب — ئاسترالىيابىيا، كۆچمە ئاسترونومىك ئەسۋاب؛ ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاشتا ئومۇمەن ئەمەلىي ئاسترونومىيىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

448. مەتىن ئەرەب تىلىدا.

449. قۇياش ئىدى — قەدىمكى مۇنەججىملەر ئەقىدىسى بويىچە يەرگە نىسبەتەن قۇياش سفېراسى ئەينىكىگە قارىغاندا يۇقىرى تۇرىدۇ.

450. مەتىندە يېزىلىشى شۇنداق.

451. ئەرەبچە «ھەددىد» — تۆمۈر.

452. ئاسترولوگىيىدە مەۋجۇت ئەقىدە بويىچە، ئاتارۇت (مېركۇرىي) سەييارىسىنىڭ ئىككى ئۆيى بار. (جەۋزا، سۈنبۇلە)؛ بۇ يەردە ئاتارۇتنىڭ جەۋزا ئۆيىدە بولۇشى نەزەردە تۇتۇلغان.

453. ... بولغاندا نەسىب — قەدىمكى مۇنەججىملەر نەزىرىدە مۇشتەرىي (يۇپىتېر) ئامەت، تەنتەنە ۋە غەلىبە كەلتۈرگۈچى؛ ناھىد ـ زۆھرە (ۋېنېرا) بولسا دوستلۇق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت سەييارىلىرى ھېسابلانغان؛ بۇ يەردە ھەر ئىككى سەييارىنىڭ مانا شۇ ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقان ھالىتى نەزەردە تۇتۇلغان (456 ـ ئىزاھقا قاراڭ).

454. مەسىھ — ئىسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى. قۇرئاندا «ئەل ئىمران»، «نىسا»، «مەئىدە» سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئىسا پەيغەمبەر تەركىدۇنيا بولۇپ، دائىم يەر يۈزىنى كېزىپ يۈرگەن. مەسىھ دېمى — ئىسا پەيغەمبەرنىڭ نەپىسى. رىۋايەت قىلىنىشچە ئۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن، يەنى ناھايىتى تەسىرلىك نەپەس، سۆز. ئىسا پەيغەمبەر دائىم ھايات ۋە ئۇنىڭ ئورنى ئەرشتە دەپ چۈشىنىلىدۇ؛ بۇ يەردە ئەمىر تۆمۈرنىڭ مەۋقەسىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنى مەسىھ بىلەن ھەمنەپەس دەپ قەيت قىلىنغان.

455. تۇمان — قەدىمكى جۇغراپىيىدە مەۋجۇت گېئوسېنتىرىك چۈشەنچە بويىچە، ئالەم مەركىزىگە يەر جايلاشقان، ئۇنىڭ ئەتراپىنى پوست شەكلىدە دەسلەپ ھاۋا، كېيىن تۇمان قاتلىمى ئورىغان بولۇپ، ئۇلار «تۆۋەن ئالەم» نى تەشكىل قىلغان؛ ئۇنىڭدىن ئېگىزدە ئوت قاتلىمى، يەنى «يۇقىرى پەلەك» باشلانغان.

456. قىران — ئىككى سەييارىنىڭ يېقىنلىشىشى، بىر بۇرجدا بولۇشى، ئەمىر تۆمۈرگە «ساھىبقىران» لەقىمى بېرىلگەن ۋاقىتتا مۇشتەرىي بىلەن زۆھرە سەييارىسى قىران ھاسىل قىلغان ۋاقىت بولغان ۋە بۇ ئەڭ بەختلىك قىران دەپ قارالغان.

457. بىرجىس — مۇشتەرىي (يوپىتېر).

458. ئىدرىس — قۇرئاننىڭ «مەريەم» ۋە «ئەنبىيا» سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ ھاياتلىقىدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، جەننەتكە بارغان ۋە ئاللانىڭ رازىلىقى بىلەن شۇ يەردە قېپقالغان. تۇنجى بولۇپ قەلەم بىلەن يازغان، كىيىم تىككەن، يۇلتۇزلارغا قاراپ تەقدىرنى ئېنىقلىغان، ۋاقىتنى ھېسابلىغان كىشى ئىدرىس ئىدى، دېيىلىدۇ.

459. «قاف» («ق») ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ق» ھەرپى بولۇپ، ئەيىنى چاغدا «قاف تېغى» (چوڭ كافكاز تىزمىسى) نىڭمۇ نامى؛ «قاف» — ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «قاف» ھەرپى ئەينى چاغدا كۆچمىز تەلەپپۇزدا «شىگاف» (تۆشۈك) دېگەن مەنىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ. بۇ ئىككى

مىسرادا ئەمىر تۆمۈرنىڭ كاۋكاز تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئۈچى ئارقىلىق ئېشىپ (گوياكى يېرىپ) ئۆتۈپ توختامىش خانغا قارشى قىلغان يۈرۈشى تىلغا ئېلىنىدۇ.

460. بۇ يەردە ئەمىر تۆمۈرنىڭ رامىزان ئېيىدا تەختكە ئولتۇرغانلىقى ۋە قۇرئانمۇ شۇ ئايدا ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى دېمەكچى بولىدۇ (كېيىنكى ئىزاھقا قاراڭ).

461. «بەقەرە» سۈرىسى — قۇرئاننىڭ 2 ـ سۈرىسى بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئاساسىي سۈرىدۇر. ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئايەتلەرنىڭ بىرى (185 ـ ئايەت) دە قۇرئان رامىزان ئېيىدا ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكى ئېيتىلغان.

462. … مۆتىۋەر ئائىلە (ھەرەمى شەرىپ) — ئەھلى بەيت، يەنى پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى.

463. قەدىمدە ئالەم ھەققىدە مەۋجۇت گېئوسېنتىرىك تەسەۋۋۇر.

464. خۇشكا دەرياسى — ھازىرقى نامى قىزىل دەريا (قىزىلسۇ، يەككە باغ دەرياسى). قەشقە دەرياسىنىڭ تارمىقى؛ 10 — 13 ـ ئەسىرلەر يازما مەنبەلىرىدە «خۇشكرۇد» شەكلىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

465. دارۇلمۇلك — پايتەخت، مەركەز؛ بۇ يەردە ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئانا يۇرتى شەھرىسەبزنىڭ مەركىزى كېش (شەھرىسەبز) شەھىرى نەزەردە تۇتۇلغان.

466. مىسىر — مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھىرى.

467. مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.

468. … ئۇزلۇكسىز سەل — باغداد شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دىجلە دەرياسى نەزەردە تۇتۇلغان.

469. تۈركىستان — بۇ يەردە سىر دەريانىڭ تۆۋەن قىسمى نەزەردە تۇتۇلغان.

470. يەنگى — قازاقىستاندىكى ھازىرقى جامبۇل شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى؛ ئۇنى يەنە تەراز، مەددىنەت ئەتتۈججار، ئەۋلىيا ئاتا دەپمۇ ئاتىغان.

471 . ھەرىمى — خوتۇنى.
472 . شۇ يىلنىڭ — 771 (1370) - يىلى.
473 . تىر ئېيى — ئىرانلىقلارنىڭ شەمسىيە يىلنامىسىدىكى تۆتىنچى ئاي (21 — 22 - ئىيۇندىن 21 — 22 - ئىيۇلغىچە) .
474 . مەششات — مەلىكىلەر، ئېسىلزادە ئاياللارنى ياساندۇرىدىغان ئايال خىزمەتكار.
475 . تۇرغۇن يۇلتۇزلار — قەدىمكى مۇنەججىملەرنىڭ قارىشىچە يەتتە قەۋەت ئاسمان (سفېرا) دىن يۇقىرى سەككىزىنچى ئاسمان (سفېرا) بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئورۇن ئالغان.
476 . رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەم ئاتا گۇناھ قىلىپ جەننەتتىن يەرگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، گۇناھى ئۈچۈن توۋا قىلدۇ ۋە ئاللا ئۇنى كەچۈ-رۈپ، ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ.
477 . مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.
478 . فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى پادىشاھ جەمشىد نەزەردە تۇتۇلغان.
479 . «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۇرە، 74 - ئايەت.
480 . مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.
481 . مەتىن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان.
482 . قەراسمان مەھەللىسى — ئوترارنىڭ يېنىدىكى مەھەللە بولۇپ، ھازىرقى نامى قەرەسپەن. قازاقىستاننىڭ چىمكەنت ئوبلاستىدا. ئوترار ئارسى دەرياسىنىڭ سىر دەرياغا قۇيۇلۇش جايىدىكى شەھەر. 15 - ئەسىردە ئاۋات بولغان، ھازىر ساقلانمىغان.
483 . ھىجاز سەپىرى — ھەجگە بېرىش، ھىجاز ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋىلايەت، مەككە شەھىرى شۇ ۋىلايەتنىڭ مەركىزى.
484 . كات — ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىدىكى شەھەر، خارەزىم-نىڭ قەدىمكى پايتەختى. ھازىرقى نامى بېرۇنىي شەھىرى، قاراقالپاقىس-تاندىكى بېرۇنىي تومەنىنىڭ مەركىزى.

www.uyghurkitap.com

485. ئەلقە تاۋاجى — مەتىندە يېزىلىشى «ئالغا» — تېھران نەشرىدە «ئەلقە تاۋاجى»، تاۋاجى (تاۋاچى) — لەشكەر قىسىملىرىنىڭ نازىرى؛ ئۇ لەشكەرنى يىغىپ ئالىي ھۆكۈمدارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى لەشكەر قىسىملىرى سەردارلىرىغا يەتكۈزىدۇ.

486. مەھرى — نىكاھ ۋاقتىدا كۈيئوغۇل تەرەپتىن كېلىنگە ئاجرىتىلغان دائىمىي ۋە شەخسىي مۈلۈك.

[General Information]
书名=圣武记  维吾尔文
SS号=40212715